www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى

2001 - يىل 1 - سان

# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

(ئومۇمىي 3 - سان)

ژۇرنال مەسلىھەتچىلىرى:
ئابلا قاسىم، ئابدۇقېيۇم خوجا، ھەمىت نىياز، ۋەلى

تەھرىر ھەيئەتلىرىنىڭ ئىسمىلىكى

تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى:
ئابلا قاسىم

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:
ئابلىم قېيۇم
ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

تەھرىر ھەيئەتلىرى:
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئابدۇگۇل ئابلىمىت، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق، ئەركىن مەجىت، ئەنۋەر مۇھەممەت، زۇلپىيە مۇھەممەت، سابىت ئەخمەت، قادىر ئىسمايىل، لىۋ خۇڭلياڭ، نيۇرۇجى، ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى، ئۆمەر ئابدۇقادىر، ئىسراپىل يۇسۇپ، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل

باش مۇھەررىرى:
ئابلىم قېيۇم

ئالاھىدە تەكلىپلىك مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى:
ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

تەھرىرلىرى:
ئابدۇگۇل ئابلىمىت، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق، زۇلپىيە مۇھەممەت، ئۆمەر ئابدۇقادىر

## مۇندەرىجە

### تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ھەققىدە ········ ئابلىم قېيۇم(1)
تۇرپانشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا··· ئەركىن ئەرشىدىن(8)

### يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ 8 - جىلدىنىڭ 16 - بۆلۈمى ئۈستىدە تەتقىقات ········ ئى. يۇسۇپ، ئا. قېيۇم(15)
ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھېسابلاش ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر ئۇسلۇبى ··· ئابلىكىم ياسىن(38)

### ئارخېئولوگىيە تەتقىقات

يارغول قەدىمكى شەھىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك يېڭى بايقاشلار ········ ئەنۋەر مۇھەممەت(43)

### ئا.ۋ.گابائىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز

ئاتاقلىق تۈركولوگ، مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس ۋە تۇرپانشۇناس ئا. ۋ. گابائىن ········ ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق(47)
قارا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ········ ئا. ۋ. گابائىن(50)
ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيانقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي يازما يادىكارلىقلار ········ ئا. ۋ. گابائىن(81)
قەدىمكى ئۇيغۇر رەسساملىقى ··· ئا. ۋ. گابائىن(98)
گابائىن خانىم ۋە ئۇنىڭ تۇرپاندىكى بىر كۈنى······ ھېمىت نىياز(118)

**مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە:** بۇددانىڭ ئۆزگىرىش قىسسىلىرى، رەسىمنىڭ ئېگىزلىكى 60.3سم، كەڭلىكى 30.2 سم، رەسىمنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بىراھما يېزىقىدا يېزىلغان بېغىشلىما بار. ئىدىقۇت ئۇيغۇر دەۋرىگە مەنسۇپ، بېزەكلىك 9 - غاردا.

**مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە:** تىۋىنغۇچىلار رەسىمى، رەسىمنىڭ ئېگىزلىكى 3.25 سم، كەڭلىكى 2.75 سم، رەسىمنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بىراھما يېزىقىدا يېزىلغان بېغىشلىما بار. ئىدىقۇت ئۇيغۇر دەۋرىگە مەنسۇپ، بېزەكلىك 4 - غاردا.

بۇ رەسىملەرنى گېرمانىيىلىك لېكوك ئېلىپ كەتكەن.

《吐鲁番学研究》
(2001年第1期)(维吾尔文)
(总第三期)

编委会
主　任:阿不拉·卡斯木
副主任:阿布力木·克尤木
艾尔肯·伊明尼亚孜
编　委:
(按姓氏笔划为序)
牛汝极,艾尔肯·伊明尼亚孜,艾比布拉·霍加,艾尔肯·米吉提,艾尼瓦尔·买买提,伊斯拉菲·玉素甫,伊迪利斯·阿不都热苏勒,沙比提,阿不都古力·阿不利米提,吾买尔·阿不都哈地尔,柳洪亮,哈地尔·斯马义,祖力菲亚·买买提
主　编:阿布力木·克尤木
特邀编审:
艾尔肯·伊明尼亚孜
编　辑:
阿不都古力·阿不利米提,艾尔肯·伊明尼亚孜,祖力菲亚·买买提,吾买尔·阿不都哈地尔

# 目　录

## ·吐鲁番学研究·

1. 吐鲁番学学会简介 ……… 阿布力木·克尤木(1)
2. 谈谈吐鲁番学及其形成 …………………………………………………… 艾尔肯·艾尔西丁(8)

## ·文献研究·

3.《金光明经》第八卷 第十六品研究 …………………… 伊斯拉菲·玉素甫,阿布力木·克尤木(15)
4. 高昌回鹘的历法及契约风格研究 ………………………………………… 阿布力克木·亚森(38)

## ·文物考古研究·

5. 交河古城考古新发现一 …………………………………………………… 艾尼瓦尔·买买提(43)
6. 记卓越的突厥学家冯·佳班 ……………………………………………… 艾尔肯·伊明尼亚孜(47)
—— 为纪念冯·佳班女士诞辰百年特稿
7. 高昌回鹘王国 ……………… 〔德〕冯·佳班(50)
8. 中世纪以来中亚突厥文献 … 〔德〕冯·佳班(81)
9. 回鹘绘画 ……………… 〔德〕冯·佳班(98)
10. 记冯·佳班女士及在吐鲁番的一天 ……………………………………… 哈米提·尼亚孜(118)

(封一). 供养画　壁画,高3.60米,宽2.30米。画面上方有婆罗迷文榜题,高昌回鹘时期。伯孜克里克9窟 隙右捅道左壁后瑞。

(封四). 供养画　壁画,高3.25米,宽2.75米。画面上方有婆罗迷文榜题,高昌回鹘时期。伯孜克里克9窟 隙道后壁瑞.

新疆吐鲁番学学会
新疆吐鲁番地区文物局
主办

ئابدۇلجەلىل تۇران كىتابخانىسى
عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kitaphanesi
www.uyghurweb.net

ئابلىم قېيۇم

# «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» ھەققىدە

«تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قۇرۇلغان، ئۆزىگە خاس مىللىي تۈسكە، يەرلىك ئالاھىدىلىككە، تارىخىي چىنلىققا، تەتقىقات ئالاھىدىلىكىگە ۋە جوغراپىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، ناھايىتى كەڭ ئۇقۇمنى ۋە ناھايىتى مول مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىگە تەۋە ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ بىرى.

## 1

«جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشى ھەم تۇرپان ۋىلايەتلىك شتات كومىتېتىنىڭ 1988 - يىل 25 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى بويىچە 1988 - يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلغان. ۋىلايەتلىك شتات كومىتېتىنىڭ ھۆججىتىدە ئەسلىدە، «جۇڭگو دۇنخۇاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتى» دەپ يېزىلغان بولۇپ، «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى»، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق ئىلمى» بىلەن باراۋەر ئورۇنغا قويۇلغان. دېمەك، بۇ تۇرپان ۋىلايەت رەھبەرلىرى «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ» نىڭ، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق ئىلمى» دىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ھەم «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» نىڭ ھەر تەرەپلىمە تەتقىقات قىممىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپى، مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت بەلگىلىمىلەرنىڭ تەلىپى بويىچە رەسمىي سايلانغان ۋە بېكىتىلگەن. «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ تۇنجى قېتىملىق رەھبەرلىرى شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ پەخرى رەئىسى بولغان. بېيجىڭ پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى نىڭ كې «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان. ش ئۇ ئا ر تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى قۇربان نىياز «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان.

«تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە مەتتىمىن يۈسۈپ، جاڭ ۋېنخۇا، لى فادې، مۇ شۈيىڭ قاتارلىق يولداشلار سايلانغان. ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ باش كاتىپلىقىنى لى نۇڭ، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ ۋېنخۇا قوشۇمچە ئۆتىگەن ئىدى. دائىمىي ئىشلار مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىنى يولداش ئابلىم قېيۇم بىلەن لى نۇڭ، مۇئاۋىن باش كاتىپلىقنى ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىن قۇربان ۋەلى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن مەخمۇت زەيدىلەر ئۆتىگەن ئىدى.

«تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ قۇرۇلۇشى ئىنتايىن تەنتەنىلىك بولۇپ، رەھبەرلىك كوللېكتىپ ئەزالىرى ناھايىتى ئەستايىدىل تاللاشتىن ئۆتكۈزۈلۈپ رەسمىي سايلام ئارقىلىق سايلىنىپ، ئاندىن ۋەزىپىگە قويۇلدى.

1988 - يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى

ئېچىلغان «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى»نىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھەم ھەر ساھە ئالىملىرىنىڭ «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى»نىڭ قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ھەم تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ھەققىدىكى قىزغىن مۇزاكىرىلىرى ھەم ئىلمىي تەكلىپلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، بۇ ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئەسلىدىكى «جۇڭگو دۇنخۇاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتى» دېگەن نامى «جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» دېگەن نامغا مەركەزلەشتى. نەتىجىدە بۇ قېتىمقى «جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى»نىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىلمىي ۋە مۇۋاپىق تەكلىپلىرىنىڭ نەتىجىسىدە «جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكارلاندى.

«تۇرپان ۋىلايەتلىك شتات كومىتېتى» ھۆججەت چۈشۈرۈپ، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرىنى ئىجتىمائىي تەشكىلات، تەۋەلىكى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولىدۇ، ئىككى نەپەر كەسپىي شتات تەسىس قىلىنىدۇ، مەبلىغى يەرلىك مالىيىدىن بۇيرۇپ بېرىلىدۇ دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

## 2

«تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» قۇرۇلغاندىن باشلاپ «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى»نىڭ ئىككى نەپەر باش كاتىپى ئابلىم قېيۇم بىلەن لى نۈك ناھايىتى يۇقىرى قىزغىنلىق ۋە زور تىرىشچانلىق بىلەن ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ھەر تەرەپلىمە خىزمەتلىرىنى بېرىلىپ ئىشلىدى. بىراق ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇلدى دەپ خەلقى - ئالەمگە ئېلان قىلىنغىنى بىلەن ئىككى نەپەر باش كاتىپنىڭ ئىش بېجىرىدىغان ئىشخانىسى ئەمەلىيلەشمىدى. بۇ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلار ئىلمىي جەمئىيەتتىكى ئىككى نەپەر مۇئاۋىن باش كاتىپنى خېلىلا تەمتىرىتىپ قويدى. بۇ قىيىنچىلىقلار ئىلمىي جەمئىيەت كاتىبات باشقارمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا نۇرغۇن توسالغۇلارنى ۋە پايدىسىز ئامىللارنى كەلتۈردى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىككى نەپەر مۇئاۋىن باش كاتىپ قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىپ، تۇرپان شەھەرلىك ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىر ئېغىز ئىشخانىسىنى ئالدى بىلەن رېمونت قىلدۇرۇپ، يىلىغا مەلۇم نىسبەت بويىچە ھەق بېرىش پرىنسىپى ئاستىدا ئىجارىگە ئالدى. ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇلۇپ، باش كاتىپقا كاتىبات باشقارمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى دوكلات قىلغۇچە بولغان بېرىم يىلدەك ۋاقىتتا، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئىككى نەپەر مۇئاۋىن باش كاتىپىغا ئىشخانا، ئۈستەل، ئورۇندۇقمۇ يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئىشخانىسى ئۆزلىرى ئۇزۇندىن بېرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان، ھالى قالمىغان ئىككى كونا ۋېلىسىپىت، ئۈستەل، ئورۇندۇقى، ئۆزلىرى ئادەتتە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئىككى سومكىدىن ئىبارەت ئىدى. خۇددى پېشقەدەملەرنىڭ تەمسىلىسى «قۇشقاچ گەرچە كىچىك بولسىمۇ، بەش ئەزاسى تولۇق بولىدۇ» دېگەندەك، «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» قۇرۇلۇپ، داغدۇغىلىق مۇراسىملارنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، بەش ئەزاسى يەنىلا تولۇقلانمايۋاتاتتى. مۇشۇنداق بىرىنى ھەل قىلسا بىرى تەل بولمايۋاتقان قىيىنچىلىق ئىچىدە ئىككى نەپەر مۇئاۋىن باش كاتىپ داۋاملىق ھارماي - تالماي، زېرىكمەي - تېرىكمەي ئەستايىدىل خىزمەت ئىشلەپ، ھەم خىزمەتلەرنى باش كاتىپقا ۋە رەئىسكە دوكلات قىلىپ تۇردى، بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان باش كاتىپ جاڭ ۋېنخۇا ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىنىڭ رەھبەرلىرىنى چاقىرىپ «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى»نىڭ مالىيە خىزمەتلى-

رىنى «ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش» ئورنىنىڭ مالىيە خادىملىرىنىڭ ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ بېرىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ رەئىسى، شۇ چاغدىكى ۋالى قۇربان نىياز بۇ ئەھۋاللارنى ئۇققاندىن كېيىن، ئىلمىي جەمئىيەت كاتىبات باشقارمىسى تەۋەلىكىدە بىر قىسىم بۆلۈم ـ ئىشخانىلارنى تەسىس قىلىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك باشقارما رەھبەرلەر ھەم شتات كومىتېتىدىكى رەھبەرلەر مەسلىھەتلىشىپ جىددىي قارار چىقىرىپ، ۋىلايەتلىك شتات كومىتېتىنىڭ 1989 ـ يىل 21 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنى چۈشۈرۈپ «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ماتېرىيال مەركىزى» نى قۇرۇشنى ھەم ئۈچ نەپەر كەسپىي خادىم ئۈچۈن ئۈچ شتات بېرىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنىڭ ياخشى ئىشلىنىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىلدى.

تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەمگەك ـ كادىرلار ئىدارىسى 1990 ـ يىل 32 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈپ «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ تەۋەلىكىدە «ماتېرىيال مەركىزى»، «يىپەك يولى تاش ئابىدىلەر تەييارلىق كومىتېتى ئىشخانىسى»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى»، «ئىلمىي جەمئىيەت ئىشخانىسى» قاتارلىق بۆلۈم ـ ئىشخانىلارنى تەسىس قىلىشنى رەسمىي قارار قىلدى. بۇ ھۆججەتنىڭ چۈشۈرۈلۈشى بىلەن ئىلمىي جەمئىيەت تەۋەلىكىدىكى بۆلۈم ـ ئىشخانىلارغا خادىم، شتاتلار يەنىمۇ تولۇقلاندى.

### 3

«جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» كەسپچانلىقى كۈچلۈك تەشكىلات. بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋىلايەتلىك كادىرلار باشقارمىسى 1992 ـ يىل 23 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈپ، ئىلمىي جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي پەنلەر سىستېمىسى بويىچە تېخنىكا، ئۇنۋان كومىتېتى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ «جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ ئۇنۋان باھالاش، ئۇنۋان بويىچە تەكلىپ قىلىش ئىشلىرىمۇ ئىزىغا چۈشتى.

«تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» دەسلەپكى قۇرۇلغان چاغلاردا، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ تەتقىقات ئېھتىياجى ۋە كەسپىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تارىخ تەتقىقاتى مەخسۇس تەتقىقات گۇرۇپپىسى، سىياسىي ـ ئىقتىساد تەتقىقات گۇرۇپپىسى، مەدەنىيەت تەتقىقات گۇرۇپپىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات گۇرۇپپىسى، تىل ـ يېزىق تەتقىقات گۇرۇپپىسى، مىللەت، دىن تەتقىقات گۇرۇپپىسى، سەنئەت ـ ئۇسسۇل تەتقىقات گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئالتە تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا ئايرىلغان. ئىلمىي جەمئىيەتكە تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلىنغان ئەزالىرىنىڭ كەسىپ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يۇقىرىقى ئالتە گۇرۇپپىغا تەقسىم قىلىنغان.

ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ھەرقايسى گۇرۇپپىلارغا تەقسىم قىلىنغان كەسپىي خادىملار، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنىڭ خىزمەتلىرىنى قوللاپ ھەرقايسى ئۆز ئورۇنلىرىدا خىزمەتلەرنى ناھايىتى قىزغىن ئاكتىپ ئىشلىدى، ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئارقىمۇ ـ ئارقا ئېلان قىلدى. «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرىمۇ نورمال ھەم جۇشقۇن راۋاجلىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

### 4

«تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» ۋىلايەتتىكى ھەرقايسى رەھبەرلەرنىڭ ھەم ئىلمىي جەمئىيەت رەھبەرلىكىنىڭ ھەر تە-

رەپلىمە قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن 1990 - يىلى 5 - ئايدا، تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا 87 نەپەر ئالىم - مۇتەخەسسىس قاتناشتى. 45 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇلدى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ياپونىيىلىك چاڭ زېخېجۇن قاتارلىق ئالىملار ئىشتىراك قىلدى. بۇ قېتىم يىغىنغا قاتناشقان ئالىملار «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» ھەققىدە ئۆزلىرى تەييارلىغان تېمىلار ئۈستىدە كەڭ - كۇشادە ھەر تەرەپلىمە پىكىر يۈرگۈزۈپ، قىزىق نۇقتىلار ئۈستىدە ئايرىم - ئايرىم توختالدى. ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ كۈندۈلۈك خىزمەتلىرى ھەم ئىلمىي پائالىيەتلىرى ئىلگىرىكىدىن جانلىنىش ھەم تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىش باسقۇچىغا ئۆتتى. 1992 - يىلى «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن قىزغىن قوللىشى بىلەن «خەلقئارا تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» نى ئېچىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆردى. بىراق ئەينى چاغدىكى نۇرغۇن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ يىغىن «جۇڭگو دۇنخۇاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» تەرىپىدىن بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان بولدى. «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» يىغىنىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، يىغىن ۋەكىللىرىنى، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىدىن گېرمانىيىلىك، قازاقىستانلىق، جۇڭگو تەيۋەنلىك ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنى ئۈچ تۇركۇم كۇتۇۋالدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ۋەزىپىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندالدى.

بىراق «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» 1993 - يىلى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ بىر نۆۋەتلىك قاتتىق سىنىقىغا دۇچ كەلدى. بۇ قېتىمقى سىناق ئاساسەن «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيەتى» تەۋەلىكىدىكى بىر قىسىم بۆلۈم، ئىشخانىلارنى قىسقارتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر قىسىم ئادەم ۋە شتاتىنىمۇ قىسقارتىش، ئۇنى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مەركىزىگە قوشۇۋېتىش سىنىقى ئىدى. ئەسلىدىكى ئىلمىي جەمئىيەت تەۋەلىكىدىكى، ماتېرىيال مەركىزى، تاش ئابىدىلەر تەييارلىق كومىتېت ئىشخانىسى، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى قاتارلىق بۆلۈم ئىشخانىلار قىسقارتىلىپ بۇ بۆلۈم ئىشخانىلاردا ئىشلەۋاتقان خادىملارنىڭ ھەممىسى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مەركىزىگە قوشۇۋېتىلدى. ئىلمىي جەمئىيەت تەۋەلىكىدە پەقەت ئىشخانىلا قالدى. بۇ جەرياندا ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. بەزى رەھبەرلەر خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن تۇرپاندىن باشقا جايلارغا يۆتكىلىپ كەتتى. 1993 - يىلىنىڭ بېشىدىن تاكى 1995 - يىلىنىڭ 9 - ئايلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئىلمىي خىزمەت ھېچقانداق كەسپىي پائالىيەت ئېلىپ بارالمىدى ھەم ھېچقانداق ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى قانات يايدۇرالمىدى. 1995 - يىلى 5 - ئايدا «جۇڭگو دۇنخۇاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ تەكلىپى بىلەن تۇرپاندا «دۇنخۇاڭ تۇرپانشۇناسلىق نەشرىيات بۇيۇملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى. بۇ يىغىنغا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە شەھەرلەردىكى نەشرىيات ئورۇنلىرىدىن كەلگەن 60 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئاساسەن، بۇندىن كېيىنكى «دۇنخۇاڭشۇناسلىق ۋە تۇرپانشۇناسلىق» تەتقىقاتى داۋامىدا، نەشرىيات ئورۇنلىرى قانداق خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ؟ تەتقىقات خىزمەتلىرىگە قايسى جەھەتلەردىن ماسلىشىدۇ؟ تەتقىقات خىزمىتىنى قايسى جەھەتتىن قوللايدۇ؟ دېگەن تېمىلار بويىچە ناھايىتى چوڭقۇر، قىزغىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى. نەشرىيات ساھەسىدىكىلەرمۇ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىدىغانلىقلىرىنى بىل-

دۇرۇشتى. 1996 - يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ قارار قىلىشى بىلەن «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ 1996- يىللىق يىغىنى ۋە 1996 - يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىزدىن 40 تىن ئارتۇق ئالىم، مۇتەخەسسىس قاتناشتى. بۇ قېتىم يىغىنغا تاپشۇرۇلغان ئىلمىي ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا «يىپەك يولى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئېچىۋېتىش» دېگەن تېمىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن رەسمىي نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. يەنە مۇشۇ قېتىمقى يىغىندا «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپى تولۇقلاپ سايلاپ چىقىلدى. سايلام نەتىجىسىدە تۆمۈر داۋامەت، يۈسۈپ ئەيسا قاتارلىق پېشقەدەم ئىلمىي جەمئىيەت رەھبەرلىرى پەخرى رەئىسلىككە سايلاندى. ئەينى ۋاقىتتىكى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياڭ گاڭ، سابىق ۋالى قۇربان نىياز قاتارلىق رەھبەرلەر مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىندى. شۇ چاغدىكى ۋالى مۇھەممەت رەجەپ «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. رەھبەرلەردىن لىڭ سىكۇي، لى ۋېيچىڭ، ئابلا قاسىم، ليۇ خۇڭلياڭلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. ئابلىمىت قېيۇم باش كاتىپلىققا سايلاندى. ش ئۇ ئا ر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىن ئەركىن ئىمىننىياز، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ھەبىبۇللا خوجالەمجىنى مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا سايلاندى.

1996 - يىلدىكى سايلامدىن كېيىن، ئىلمىي جەمئىيەت، رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ھەر تەرەپلىمە قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن خىزمەتلەر تىرىشىپ ئىشلەندى. ھەر خىل ئىلمىي پائالىيەتلەر ياخشى قانات يايدۇرۇلدى. ئىلمىي جەمئىيەت 1993 — 1994 يىللىرى «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى خەۋەرلىرى» دېگەن تېمىدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى سان ژۇرنال ئىشلەپ جەمئىيەتكە تارقىتىپ، خېلى ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

1997 - يىلى «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» يىللىق يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىزدىن 50 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىس قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقان ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر بىردەك ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ تەتقىقات بازىسى بولغان ئىلمىي ژۇرنال چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. ئىلمىي جەمئىيەت كاتىبات باشقارمىسىنىڭ ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تىرىشىپ خىزمەت ئىشلىشى نەتىجىسىدە، 1998 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىيات ئىدارىسى «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» گە «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» دېگەن نام بىلەن ئىلمىي ژۇرنال ئىشلەشكە ئىجازەت بەردى.

1998 - يىللىق «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ يىللىق يىغىنىدا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ۋە قايسى جەھەتلەردىن ياخشى ئىشلەش لازىم. ئىلمىي پائالىيەتلەرنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، دېگەن تېمىدا مەخسۇس مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا «تۇرپانشۇناسلىق» نىڭ بۆشۈكى بولغان تۇرپاندا، «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1998 - يىلى 11 - ئاي ئىچىدە، ئۈرۈمچىدە مەخسۇس «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ؟ بۇندىن كېيىن تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات خىزمىتىنى قانداق ئۇسۇللار بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، جانلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ دېگەن تېمىلاردا، ئۈرۈمچى رايون-

دىكى ئالىملار بىلەن كېڭەشىش، پىكىرلىشىش يىغىنى ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا نۇرغۇن پېشقەدەم ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ناھايىتى قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇردى. «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نى چوقۇم ياخشى ئاچقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە قىممەتلىك پىكىرلەرنى 1999 - يىلىدىكى «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ يىللىق يىغىنىغا قاتناشقان ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر 60 تىن ئاشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پېشقەدەم تىلشۇناسلار، قەدىمكى يېزىقشۇناسلار، قەدىمكى مىللەتشۇناسلار، تارىختىن ئىلگىرىكى ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتچىلىرى، پېشقەدەم تۇرپانشۇناسلار، گۈزەل - سەنئەت تەتقىقاتچىلىرى قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىن ۋە قاتلاملاردىن بولغان ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر بار بولۇپ، ئۇلار «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» تەتقىقات خىزمىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك پىكىرلەرنى بەردى. بۇ نۆۋەتلىك يىللىق يىغىندىن كېيىن «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خەلقئارالىق مۇھەكىمە يىغىنى» ئېچىشنى ئاساسى نىشان ۋە مەقسەت قىلغان تەييارلىق خىزمەتلىرى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ ئىجازىتى بىلەن «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ تەتقىقات بازىسى بولغان «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» دېگەن نامدىكى ئىلمىي ژۇرنال نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىككە تارقىتىلدى. ژۇرنالنىڭ ئۇيغۇرچىسى بولسۇن، خەنزۇچىسى بولسۇن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى مەزمۇن جەھەتتىن، سۈپەت جەھەتتىن، لايىھىلىنىش جەھەتتىن ياخشى رازى قىلىپ، ئالىملارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

«تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ 2000 - يىللىق يىللىق يىغىنى 11 - ئايدا ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىللىق يىغىن بىرئاز ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ قېتىمقى ئالاھىدىلىك، يىغىنغا قاتناشقان ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى ياش ئالىملاردىن تەشكىللەنگەنلىكتە ئىدى. يىغىنغا قاتناشقان ئالىملار «تۇرپانشۇناسلىق خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» نىڭ رەسمىي تەستىقلانغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن قىزغىن ئالقىشلىدى ۋە ناھايىتى خۇشال بولدى. يىغىنغا ماقالە تەييارلايدىغانلىقىنى، قىزغىن ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

بۇ قېتىمقى يىللىق يىغىندا، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپى سايلاپ چىقىلدى. كاتىبات باشقارمىسىدىكى يولداشلارنىڭ تىرىشىشى نەتىجىسىدە خەلقئارا لىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىشقا ياخشى ئاساس سېلىندى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا، بۇندىن ئىلگىرىكى تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپ، سايلام خىزمىتى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىلدى. تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىسى ئابلا قاسىم جەمئىيەتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى سۇن چاڭخۇا، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئىتى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى ليۇ شىنمىن، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئىتى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شى خۇيچيۇڭ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ۋاڭ بىڭخۇا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكولتېتىنىڭ دوتسېنتى ئەنۋەر ئابلىمىت، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇ خۇڭلياڭ قاتارلىق يولداشلارمۇ مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، 1995 - يىلى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن باشلاپ، «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» يېڭى قۇرۇلغان «تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى» گە قوشۇۋېتىلدى.

بۇ قېتىمقى ئىسلاھات، «شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» گە يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى. بۇ تەرەققىيات پۇرسىتى تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتلەردە ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ.

1. مەبلەغ - راسخود مەسىلىسى ناھايىتى ئو-

www.uyghurkitap.com



گۇشلۇق ھەل بولدى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى، «ۋىلا-
يەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئور-
نى» شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە كىرىم - چىقىمنى ئۆزى
بىر تەرەپ قىلىپ، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل
بولىدىغان ئىدارە قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى. مۇشۇ
مۇناسىۋەت بىلەن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى
باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خىزمەت پىلانى، يىللىق
چىقىم خامچوتى پىلانىنى تۈزگەندە، «شىنجاڭ تۇر-
پانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ يىللىق خى-
راجەت سوممىسىمۇ بىر تۇتاش خامچوتقا كىرگۈزۈ-
لىدىغان بولدى. گەرچە «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي
جەمئىيىتى» نىڭ خامچوتى «تۇرپان ۋىلايەتلىك مە-
دەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى»
تەرىپىدىن بىر تۇتاش باشقۇرۇلسىمۇ، 1995 - يى-
لىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتىكى
ھەرخىل پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئىلمىي تەت-
قىقات يىغىنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىلمىي
جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنلىرىنى ئېچىش، ئىل-
مىي جەمئىيەت تەۋەلىكىدىكى ئالىم، مۇتەخەس-
سىسلەر بىلەن ھەرخىل ئېمىدىكى سۆھبەت يىغىن-
لىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە، ۋىلا-
يەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئى-
دارىسىدىكى ھەر - بىر رەھبىرىي يولداش ئالاھىدە
كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەرتە-
رەپلىمە قوللاپ، قىيىنچىلىقلارنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل
قىلىپ تۇردى.

2. ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ قاتناش قورالى مە-
سىلىسى بۇ خىزمەتتىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بى-
رى بولۇپ، بۇمۇ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىن-
دى.

«تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى»،
«تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىيكارلىقلىرىنى
باشقۇرۇش ئىدارىسى» گە قوشۇۋېتىلگەندىن كې-
يىن، يۇقارقىدەك ھەرخىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ
بېرىشتا قاتناش قورالىغا ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بول-
دى، بۇنداق چاغدا ئىدارە مەسئۇللىرى ماشىنىلار-
نى دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى، ھەتتا مەخسۇس
بىر ماشىنا ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرىگە ئو-
رۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنداق پائالىيەتلەرگە ھەم «ۋىلا-
يەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئى-
دارىسى» نىڭ رەھبەرلىرى ھەم كەسپىي خادىملىرى
بىۋاسىتە قاتنىشىپ تۇردى». دېمەك ئادەتتىكى
ئىشلاردىن تارتىپ، ھەرخىل ئىلمىي پائالىيەتلەر-
گىچە، قاتناش قىيىنچىلىقى بولۇپ باقمىدى. مە-
دەنىيەت يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسى،
تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەرقانداق
ئىشىنى ئۆز ئىشىمىز دەپ بىلىپ كەلدى.

3. ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى جەھەتلەردى-
مۇ، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى
باشقۇرۇش ئىدارىسى تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەم-
ئىيىتى خىزمەتلىرىنى ھەر تەرەپلىمە قوللاپ كەل-
دى. شەرت - شارائىت يار بەرگەن مەزگىلدە،
ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ھەرخىل مەزمۇندىكى ئىل-
مىي پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تەتقىقات ئې-
لىپ بېرىش، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرىنى
جانلاندۇرۇشتا ناھايىتى ياخشى رول ئوينىدى.
قىسقىسى، بىر ئىلمىي جەمئىيەتتە، ئىلمىي پائالى-
يەت ئۇيۇشتۇرۇلمىسا، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بې-
رىلمىسا، بۇ ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ جەمئىيەتتە
ھېچقانداق رولى بولمايدۇ. بولۇپمۇ نۆۋەتتە پۈتكۈل
ئاپتونوم رايون مىقياسىدىكى «مۇقىملىق خىزمى-
تى» نى ئىشلەشتە، غەربىي رايوننى كەڭ - كۆلەمدە
ئېچىشتا ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ رولى تولۇق جا-
رى قىلدۇرۇلۇشى كېرەك». ھەر ساھە ئالىم،
مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇ-
رۇپ، جەمئىيەت ھەققىدىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ
چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە كۆزىتىپ،
جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ھەرتەرەپلىمە قوغداشتا
ئىجابىي ھەم ياخشى پىكىر ئېقىمى شەكىللەندۈ-
رۈش، تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش زۆرۈر. نۆۋەتتە تۇر-
پانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى كاتىبات باشقار-
مىسى 2001 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن
20 - كۈنىگىچە تۇرپاندا ئېچىلىدىغان تۇرپانشۇناس-
لىقنىڭ خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا
جىددىي تەييارلىق قىلماقتا.

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**

ئەركىن ئەرشىدىن

# تۇرپانشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا

تۇرپان ئويمانلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-
نوم رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان
بولۇپ، بۇ دىيار يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن
تارتىپلا شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مە-
دەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدىكى مۇھىم
تۈگۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. دۇنياغا مەشھۇر
«يىپەك يولى» دەل مۇشۇ دىيارنى كېسىپ
ئۆتەتتى.

ئوت يۇرتى دەپ نام ئالغان بۇ دىيار
ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى،
مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ كۆپلى-
كى بىلەن ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ بىر پار-
چە گۆھەر زېمىنى بولۇشقىلا مۇناسىپ بولۇپ
قالماستىن، بەلكى يەنە دۇنيا مەدەنىيەت سا-
ھەسىدە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان مەرۋايىت زې-
مىن بولۇشقىمۇ مۇناسىپ.

بۇ دىيار ئۆزىنىڭ بىر قانچە مىڭ يىللىق
تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆ-
تۈش جەريانىدا تارىخى ئۇزۇن، زېمىنى
كەڭ، تەسىر دائىرىسى زور بولۇشتەك ئەۋ-
زەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، قەدىمكى
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەت - سەنئىتى،
قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيەت - سەنئىتى،
ئەرەب ئىسلام مەدەنىيەت - سەنئەتلىرىنىڭ
جەۋھەرلىرىنى ئۆزئارا ئۇچراشتۇرۇش بىلەن
بىرگە، يەنە ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسا-
دىي، ھەربىي، تارىخ، ئەدەبىيات، سەنئەت،
دىن، ئېتنوگرافىيە، پەن - تېخنىكا قاتارلىق
ساھەلىرىدىمۇ زور ئۇتۇق ۋە مۇۋەپپىقىيەت-
لەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنسانىيەت مەدەنى-
يىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ئۇلۇش
تۆھپە قوشتى.

بۇ دىيارنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتە
جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، شانلىق مەدەنى-
يەتنى بەرپا قىلغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ كې-
يىنكىلەرگە قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنىيەت
مىراسلىرى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنى
تەتقىق قىلىشتا مۆلچەرلىگۈسىز ئەھمىيەتكە
ئىگە.

تۇرپان رايونىنىڭ ھاۋا كېلىماتى قۇر-
غاق بولۇپ، بۇ قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ مەدە-
نىيەت ئىزنالىرىنىڭ ياخشى ساقلىنىشىنى
ئەۋزەل شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن.

تۇرپان رايونىدىكى مەدەنىيەت يادىكار-
لىقلىرىنى بايقاش ۋە تەكشۈرۈش ئىشلىرى
ئالدى بىلەن چەتئەللىكلەردىن باشلانغان.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 -
ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە رۇسىيە، گېرمان-
يە، ئەنگلىيە، ياپونىيە، فرانسىيە قاتارلىق
دۆلەتلەر تەبئىي مۇزېي دەپ نام ئالغان بۇ
دىياردىن ناھايىتى نۇرغۇن مەدەنىيەت يادى-
كارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. ئېلىپ كې-
تىلگەن بۇيۇملار ناھايىتى نەپىس سىزىلغان
تام رەسىملىرى، نەپىس ئىشلەنگەن ھەيكەل-
لەر، ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ ھۆججەت -
خەت ئالاقىلىرى، تارشا پۈتۈكلەر، تاشقا ئو-
يۇلغان مەڭگۈ تاشلاردىكى خەت ۋە سۈرەتلەر،
قەبرە تەزكىرلىرى، يۇقىرى ماھارەتتە تو-
قۇلغان يىپەك ۋە يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار،
سەنئەت بۇيۇملىرى، ھەمدە ئىنسانلارنىڭ
تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل بۇيۇملار-
دىن ئىبارەت بولۇپ، خەلقئارا ئىلىم ساھە-
سىدىكىلەرنىڭ زور دەرىجىدە دىققەت - ئېتى-
بارىنى قوزغىغان ھەمدە بۇ ساھەدە تەتقىقات
ئىشلىرى باشلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىر خىل
مەخسۇس ئىلىم شەكىللىنىپ، بۇ ئىلىم
«تۇرپانشۇناسلىق» دەپ ئاتالغان. بۇ ساھەدى-
كى ئىلىم ئىدىقۇتنى تەتقىق قىلىشنى مەركەز

قىلغاچقا، يەنە «ئىدىقۇتشۇناسلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۇرپانشۇناسلىق دېگەن بۇ ئاتالغۇ توغرىسىدا ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر يىپەك يولى مۇتەخەسسىسى جى شەنلىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «دۇنخۇاڭشۇناسلىق ۋە تۇرپانشۇناسلىقنىڭ جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە، «تۇرپانشۇناسلىق دېگەن ئاتالغۇ يېڭى بىر ئاتالغۇ بولۇپ، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەرب ۋە شەرقنىڭ بىر قىسىم ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى، شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونىدىن زور مىقداردىكى يازما ماتېرىياللار، ھۆججەتلەرنى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. نۇرغۇن ئەللەردىكى ئالىملار مۇشۇ ساھەدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ساھە بىردەك «تۇرپانشۇناسلىق» دەپ ئاتالغان. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىۋېرسال ئىلىمدىن ئىبارەت»① دەپ كۆرسىتىدۇ.

تۇرپانشۇناسلىق خۇددى دۇنخۇاڭشۇناسلىققا ئوخشاشلا پۈتۈن دۇنيادىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، خەلقئارالىق تەتقىقات تۈرىدىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى.

نۆۋەتتە بۇ ساھەدىكىلەر تۇرپانشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشىنى بىردەك ھالدا چەتئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ تۇرپان دىيارىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى «تەكشۈرۈشى» دىن باشلانغان دەپ قاراۋاتىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا بۇ ساھەگە تۇنجى بولۇپ قەدەم باسقان دۆلەت رۇسىيە ئىدى. 1879 - يىلى سانكىت پېتربۇرگتىكى پادىشاھلىق ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىنىڭ مۇدىرى رېيگىن تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ، نۇرغۇن ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى توپلايدۇ ھەمدە قەدىمكى خارابىلىقلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن «تۇرپاننى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» نى يېزىپ چىقىپ، «پېتمان جۇغراپىيە ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 1881 - يىللىق 27 - سانىدا ئېلان قىلىدۇ. ئۇ قەدىمكى شەھەرلەرنى تونۇشتۇرۇپ «ئۇ يەردە خۇددى رىم شەھىرىگە ئوخشايدىغان خارابە ئىزلار بار» دەپ يازغان.

1893 - يىلى، چاررۇسىيە يەنە ماپوروۋېسكىي، كوزلوۋ باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى تۇرپانغا ئەۋەتىپ، تۇرپان رايونىدا ھاۋارايى پونكىتىنى قۇرۇپ، ھاۋارايىنى كۆزىتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، بۇ يەردىن ناھايىتى نۇرغۇن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىلارنى ۋە باشقا يېزىقلاردىكى بۇددا نوملىرىنى يىغىپ كېتىپ، 1900 - يىلى «رۇسىيە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى تەشكىللىگەن ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ تاپشۇرۇقلىرى (1893 ـ 1895)» دېگەن كىتابچىنى نەشر قىلدۇرىدۇ.

1897 - يىلى سانكىت پېتربۇرگ پادىشاھلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن كلېمېنتز باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپانغا كېلىپ، مىڭ ئۆيلەردىكى تام رەسىملىرىنى، خەت ئويۇلغان مەڭگۈ تاشلارنى ھەمدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، سانسكرىتچە يېزىقلاردىكى قول يازما ھۆججەت، خەت - چەك، بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ كېتىپ، «تۇرپان ۋە ئۇنىڭدىكى قەدىمكى يادىكارلىقلار» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلىدۇ.

1899 - يىلى رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن «12-نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناسلىق يىغىنى» دا، رۇسىيىلىك تۈركولوگ رادلوۋ كلېمېنتز تۇرپاندىن ئېپكەلگەن يادىكارلىقلارنى تونۇشتۇرۇپ، يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. يىغىندا يەنە «ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيانى تەتقىق قىلىش رۇسىيە كومىتېتى» دېگەن ئىلمىي ئورگان تەسىس قىلىنىدۇ.

1902 - يىلى گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 13 - نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناسلىق يىغىنىدا، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى «رۇسىيە كومىتېتى» دېگەن نامنى «ئوتتۇرا ئاسىيا يىراق شەرق تارىخ - ئارخېئولوگىيە - تىلشۇناسلىق - مىللەتشۇناسلىق خەلقئارا ئىلمىي جەمئىيىتى» گە ئۆزگەرتىپ، سانكىت پېتربۇرگدا باش ئورگاندى-

نى، ھەرقايسى ئەللەردە شۆبە ئورگانلارنى تەسىس قىلىدۇ. مەزكۇر جەمئىيەت كېيىن، چار پادىشاھنىڭ تەستىقلىشىغا ۋە خىراجىتىگە ئېرىشىدۇ. رۇسىيىلىك ئورۇنبۇرگ بۇ دۇنياغا مەشھۇر جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

1909 - يىلى ئورۇنبۇرگ «ئوتتۇرا ئاسىيا يىراق شەرق خەلقئارا ئىلمىي جەمئىيىتى رۇسىيە كومىتېتى» نامى ئاستىدا ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتىنى تەشكىل قىلىپ، قەشقەر ئارقىلىق تۇرپانغا كېلىپ، نۇرغۇنلىغان قەدىمكى بۇيۇملارنى، قەدىمكى پۇللارنى، رەسىم، ئويما بۇيۇملار ۋە ھۆججەت، خەت - چەكلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ. كېيىن ئېلان قىلىنغان دوكلاتتا ئاشكارىلىنىشىچە، تۇرپاندا تارتىلغان فوتو سۈرەتنىڭ ئۆزىلا سەككىز مىڭ پارچىدىن ئاشىدىكەن.②

رۇسىيىلىك ئالىملارنىڭ تۇرپاندىكى پائالىيەتلىرى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى.

1902 - يىلى، بېرلىن ئانتروپولوگىيە مۇزېيىنىڭ خادىمى گرۈنۋېدېل گېرمانىيىدىكى بىر قانچە چوڭ مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىل قىلىپ، رۇسىيە ئارقىلىق تۇرپانغا كېلىدۇ، ئۇ تۇرپاندا بىر تەرەپتىن مىڭ ئۆي غارلىرىنى تەپسىلىي خەرىتىگە چۈشۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن ئورۇنلاردا قېزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردىكى قول يازمىلار، مانى دىنى نوملىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر ئويما مەتبەئە پارچىلىرى قاتارلىق زور مىقداردىكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى توپلايدۇ ۋە ئۇلارنى 46 ساندۇققا قاچىلاپ، 1903 - يىلى دۆلىتىگە قايتىدۇ ھەمدە بېرلىندا «1902 ـ 1903 - يىلغىچە قوچو قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئەھۋالىدىن دوكلات» دېگەن كىتابچىسىنى نەشر قىلىدۇ.

1904 - يىلى گېرمانىيىنىڭ لېكوك باشچىلىقىدىكى ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپانغا كېلىدۇ. ئۇلار تۇرپاندىكى بېزەكلىك، تۇيۇق قاتارلىق ئورۇنلاردىكى مىڭ ئۆي تام رەسىملىرىنى پۈتۈن قومۇرۇپ ئالىدۇ (مۇقاۋىدىكى رەسىملەرگە دىققەت قىلىڭ) ھەمدە قوچو شەھەر خارابىسىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ تۆھپىلىرى خەت قىلىپ ئويۇلغان مەڭگۈ تاشلارنى، مانى دىنىغا ئائىت تام رەسىملىرىنى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نوملارنى ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ قېتىم لېكوك ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى 200 ساندۇقتىن ئاشىدۇ.

1905 - يىلى 2 - ئايدا گرۈنۋېدېل لېكوك باشچىلىقىدىكى ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى يەنە تۇرپانغا كېلىپ داۋاملىق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ، يەنى 1906 - يىلى لېكوك 30 ساندۇقنى، 1907 - يىلى گرۈنۋېدېل 174 ساندۇقنى گېرمانىيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. كېيىن لېكوك قولىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن «قوچو» دېگەن رەسىملىك كىتابنى يېزىپ نەشر قىلدۇرىدۇ.

رۇسىيە ۋە گېرمانىيىلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تۇرپاندىن ناھايىتى نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەنلىكى ئەنگلىيە، فرانسىيە، ياپونىيىلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ.

فرانسىيە ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى مەشھۇر خەنزۇشۇناس پېللىئوتنىڭ ئاساسىي نىشانى كۇچا، دۇنخۇاڭ بولۇپ، ئۇ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنى ئەڭ بۇرۇن باشلىغان چەتئەللىك ھېسابلىنىدۇ. ياپونىيە ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى شىنيۈەن ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبى ئوتانى — داگو گۇاڭرۇي باشچىلىقىدا بۇددا دىنى ئورۇنلىرىنى ساياھەت قىلىش دېگەن نام بىلەن، تۇرپان رايونىغا كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇن ھۆججەت، خەت - چەك، ۋەسىقىلەرنى، جەسەت بىلەن بىرگە كۆمۈلگەن بۇيۇملارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. 1913 - يىلى جىچۈەن شاۋىيلاڭ ئاستانە قەبرىستانلىقىدا يەنە بىر

www.uyghurkitap.com



قېتىم قېزىش ئېلىپ بارىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا پەقەت ئوتانى نامىدا ئېلان قىلىنغان «ئوتانى هۆججەت، خەت - چەكلىرى» نىڭ ساقلاش نومۇرىلا 7733 گە يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ يېزىقىدىكىسى 4830 پارچە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكىسى 978 پارچە، سانسكرىت، تىبەت، موڭغۇل، تاڭغۇت يېزىقلىرىدىكىسى 425 پارچە، خەنزۇچە بىلەن باشقا يېزىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېزىلغان هۆججەتلەر 530 پارچىدىن ئارتۇق بولغان.

ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىن كېيىن، ئەنگلىيىلىك ستەيىن 1914 - يىلى 11 - ئايدا تۇرپانغا كېلىپ، بېزەكلىك مىڭ ئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىنى كېسىپ قومۇرۇش، بۇددا نوملىرىنى يىغىشتىن سىرت، ئاستانىدا قەدىمكى قەبرىلەرنى قازىدۇ، يارغول شەهىرىنى خەرىتىگە ئالىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ تۇرپاندىلا 182 ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كېتىدۇ.

1928 - يىلى ستەيىن نەشر قىلدۇرغان «ئاسىيانىڭ مەركىزى» دېگەن تۆت توملۇق كىتابتا تۇرپان بۆلىكىلا ئۈچ بابنى ئىگىلىگەن. يۇقىرىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بۇ جەهەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، تەتقىقات سەۋىيىسىدە پەرق زور بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە رۇسىيىنىڭ تەتقىقات سەۋىيىسى نىسبەتەن تۆۋەن بولغان. رۇسىيىلىكلەرنىڭ تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاساسەن پېتربۇرگتىكى ئاسىيا مۇزېيىدا يەنى «سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارمىقىدىكى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئىنىستىتۇتى لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتى» دە ساقلانغان بولۇپ، ئۇلار بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا، بولۇپمۇ هۆججەت، ۋەسىقىلەرگە قارىتا 50 - 60 يىلدىن بۇيان ئومۇميۈزلۈك رەتلەپ تەتقىقات يۈرگۈزۈشكە ئىقتىدارى يەتمىگەچكە، بۇ بىباها بايلىقلار تولۇق يورۇقلۇققا چىقىرىلمىدى.

1960 - يىلى 25 - نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناسلىق يىغىنى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىتتا، يىغىنغا قاتناشقان جامائەتچىلىكنىڭ بېسىمى ئاستىدا، لېنىنگراد شۆبىسى بىر قىسىم هۆججەت - ۋەسىقىلەرنى كۆرگەزمە قىلىدۇ، قالغان بۇيۇملارنىڭ سانىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكى تېخى نامەلۇم. پەقەت 1947 ـ 1963 - يىلغىچە ئۇلار ئىككى توملۇق «ئاسىيا مىللەتلەر تەتقىقات ئىنىستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇچە يېزىقتىكى هۆججەت - ۋەسىقىلەرنى چۈشەندۈرۈش مۇندەرىجىسى» نى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرى تۇرپاندىن تېپىلغان هۆججەت - ۋەسىقىلەر ئىدى.

گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى هۆججەت - ۋەسىقىلەر تۇرىگە مەنسۇپلىرىگە بېرلىن پرۇسىيە ئاكادېمىيىسىدە (كېيىن بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن) ، تام رەسىملىرى ۋە باشقا سەنئەت بۇيۇملىرى بېرلىن ئېتنوگرافىيە (ئىرقشۇناسلىق) مۇزېيىدا ساقلانغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان تام رەسىملىرىنىڭ بىر قىسمى ئۇرۇش ئوتىدا ۋەيران بولىدۇ. ساق قالغان هۆججەت - ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى شەرقىي بېرلىنغا يۆتكەپ كېتىپ، كېيىن سابىق گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمهۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

دەسلەپكى ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكىسى 8000 پارچە، خەنزۇ - تىبەت يېزىقىدىكىسى 6000 پارچە بولۇپ، يەنە باشقا يېزىق تۇرلىرىدىكى هۆججەت - ۋەسىقىلەرمۇ خېلى كۆپ ئىكەن. ئۇرۇشتىن كېيىن پروفېسسور خاتمانىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بۇ هۆججەت - ۋەسىقىلەرنى رەتلەش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ، سابىق شەرقىي گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپاندىن تېپىلغان هۆججەت - ۋەسىقىلەرنىڭ سانى كۆپ بولغانلىقتىن، سابىق دېموكراتىك گېرمانىيە جۇمهۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرق تىللىرى تەتقىقات

ئىنىستىتۇتى «تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرىنى
تەتقىق قىلىش كومىتېتى» نى قۇرۇپ، ۋېنـ
گىرىيە، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردىن خەنزۇ-
شۇناسلارنى تەكلىپ قىلىپ، رەتلەش، تەتـ
قىق قىلىشنى باشلاپ، «بېرلىندىكى تۇرپان
يازمىلىرى مەجمۇئەسى» نى ئارقا - ئارقىدىن
نەشر قىلدى.

ئەنگلىيىلىك ستەيىن 1914 - يىلى
شىنجاڭ ۋە گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىنى
تەكشۈرۈشكە كېلىش هارپىسىدا، ئەنگلىيىگە
قارام هىندىستان هۆكۈمىتى بىلەن توختام
تۈزۈشكەن بولۇپ، توختامنامە بويىچە هىنـ
دىستان هۆكۈمىتى ستەيىنگە 3 مىڭ
فوندستېرلىڭنى خىراجەت قىلىشقا بەرگەن.
شۇڭلاشقا ستەيىن بۇ قېتىم تۇرپاندىن ئەكەلـ
گەن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇ-
يۇملىرىنىڭ بىر قىسمىنى بۈيۈك بېرتانىيە
مۇزېيىغا ئەۋەتىپ بەرگەندىن سىرت، قالغىـ
نىنى يېڭى دېهلىدىكى هىندىستان دۆلەتلىك
مۇزېيىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

ستەيىن بۇ قېتىم ئېلىپ كەلگەن خەنزۇ
تىلىدىكى هۆججەت - ۋەسىقىلەرنى فرانسىيىـ
لىك خەنزۇشۇناس چاۋانىسنىڭ ئوقۇغۇچىسى
ماسبورىلىنىڭ تەهقىقلەپ ئىزاهلاپ بېرىشىگە
بەرگەن بولۇپ، ماسبورىل «ستەيىنىنىڭ ئوتـ
تۇرا ئاسىيادىكى ئۈچىنچى قېتىملىق ئېكسـ
پېدىتسىيىسى جەريانىدىكى هۆججەت - ۋەسىـ
قىلەر» دېگەن كىتابچىسىنى يېزىپ چىقىدۇ،
مەزكۇر كىتابچىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى
بۆلۈملىرى ئايرىم - ئايرىم هالدا دۇنخۇاڭ،
كرورەندىن تېپىلغان تارشا پۈتۈك، هۆججەت
- ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنلىرى بولغاندىن
سىرت، ئۈچىنچى بۆلۈمدىن سەككىزىنچى
بۆلۈمگىچە بولغان مەزمۇنلار پۈتۈنلەي تۇرپاندىن تېپىلغان هۆكۈمەت، شەخسلەرنىڭ
هۆججەت - ۋەسىقىلىرى ۋە بۇددا دىنىنىڭ
سۇترالىرىدىن ئىبارەت. قالغان هۆججەت -
ۋەسىقىلەرنى كېيىن ئەنگلىيىلىك تومسېن
ئەپەندى رەتلەپ تەتقىق قىلىپ، «تۇرپان
هۆججەت - ۋەسىقىلەر توپلىمى» نى نەشر قىلـ
دۇرىدۇ، هۆججەت - ۋەسىقىلەردىن باشقا
سەنئەت بۇيۇملىرى، توقۇلما بۇيۇملار، قە-

دىمكى تامغىلار، ئويما ئابىدىلەر توغرىسىدا
ستەيىن ئۆزىنىڭ «ئاسىيانىڭ مەركىزى» دې-
گەن كىتابچىسىدا تەپسىلىي توختالغان ئىـ
دى.

فرانسىيىلىكلەر گەرچە دىققىتىنى دۇنـ
خۇاڭغا مەركەزلەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما
ئۇلارنىڭ دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكىنى كۆ-
پىنچە بۇددا دىنىغا ئائىت هۆججەت - ۋەسىقىـ
لەر بولغاچقا، سىياسىي، ئىجتىمائىي ساهەـ
لەرگە بىۋاسىتە چېتىلىدىغىنى ئانچە كۆپ
بولمىغان. شۇڭا ئۇلار دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ
كەتكەن بۇ بايلىقلارنى داۋاملىق دېگۈدەك تەتـ
قىق قىلغاندىن سىرت، يەنە تۇرپاندىن تېپىلـ
غان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىمۇ تەتقىق
قىلىشقا ئالاهىدە ئەهمىيەت بەردى.

ياپونىيىلىكلەر شىنجاڭدىن، بولۇپمۇ
تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكار-
لىقلىرىنىڭ بىر قىسمىنى شېنيۇەن بۇتخانىـ
سى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن سې-
تىۋېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ مەدەنىيەت يادىـ
كارلىقلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەينى ۋاقىتتىكى
ياپونىيىگە قارام بولغان ئېلىمىزدىكى لۈشۈن
مۇزېيىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. يەنە بىر قىسمىـ
نى ئەينى ۋاقىتتىكى كورىيە باش گوبىرناتۇر
مەهكىمىسىگە قاراشلىق سېئول مۇزېيى سې-
تىۋالىدۇ. ئەمما بىر قەدەر قىممەتلىك يۇقىرىـ
لىرى يەنىلا ياپونىيىدە قالىدۇ، لۈشۈن مۇ-
زېيى سېتىۋالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىـ
نىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى رەتلىنىپ 1933
- يىلى ۋە 1943 - يىلى ئارقا - ئارقىدىن
«لۈشۈن مۇزېيىنىڭ مۇندەرىجىلەر توپلىمى»
دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىندى.

كورىيىدە ساقلىنىۋاتقان قىسمى 1930-
يىلى «كورىيە باش گوبىرناتۇر مەهكىمىسىگە
قاراشلىق مۇزېي تەرىپىدىن «ئوتانى توپلىغان
غەربىي رايون مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى
مۇندەرىجىسى» دېگەن نامدا نەشر قىلىندى.
ياپونىيىدە قالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىـ
نىڭ ئاز قىسمى ئايرىم - ئايرىم هالدا توكـ
يو، ئوساكا مۇزېيلىرىدا ساقلىنىدۇ ۋە بۇ
مۇزېيلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بۇ مەدەنىـ
يەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مۇندەرىجىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



ئىشلەپ چىقىپ نەشر قىلدۇردۇ، ياپونىيىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەقىقىي قىممەتكە ئىگىلىرى شىنيۇەن ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، كېيىن خاماگۇچى (بىڭكو) ناھىيىسىدىكى ئىرلىجۇاڭ (二乐庄) تەتقىقات ئىنىستىتۇتىغا يۆتكەپ رەتلەش ئېلىپ باردۇ، جۇرۇيچاۋ تۆت جىلدلىق «ئەرلى مەجمۇئەسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، بىر قىسىم ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنى، مەدەنىيەت يادىكارلىق سۈرەتلىرىنى ئېلان قىلىدۇ، كېيىن ئەرلى تەتقىقات ئىنىستىتۇتى تارقىلىپ كەتكەنلىكتىن، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى شىنيۇەن ئىبادەتخانىسىنىڭ قارمىقىدىكى شىشىگانى (لوڭگو) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

1953 - يىلى 1 - ئايدا ياپونىيىدە «غەربىي رايون مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى» قۇرۇلۇپ، ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتقان ھۆججەت - ۋەسىقىلەر ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىدۇ. 1958 - يىلدىن كېيىن «غەربىي رايون تەتقىقاتى» مەجمۇئەسىدىن ئالتىسى نەشر قىلىنغان، كېيىن يەنە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى ياپونىيە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئىنىستىتۇتى قارمىقىدا «ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتقان دۈنخۇاڭ - تۇرپان ھۆججەت - ۋەسىقىلىرىنى تەتقىق قىلىش كومىتېتى» نى قۇرۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ساقلىنىۋاتقان دۈنخۇاڭ - تۇرپان ۋە غەربىي رايونغا ئائىت ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنى مەخسۇس يىغىپ تويلاپ، قايتىدىن مۇكەممەلرەك بولغان مۇندەرىجىنى تۈزۈپ چىقىشنى ھەمدە مۇھىم مەزمۇنلىرىنى رەتلەپ چىقىشنى مەزكۇر كومىتېتنىڭ ئاساسىي خىزمەت نىشانى قىلدى، شۇنداقلا بۇ ساھەدە نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيان ياپونىيىدە تۇرپان - دۈنخۇاڭ يازما يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىشنى ئاساس قىلغان زور بىر تەتقىقات قوشۇنى بارلىققا كېلىپ مۇكەممەللەشتى، بۇ جەرياندا ئۆزىنى مۇشۇ ساھەگە بېغىشلىغان نۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلار يېتىشىپ چىقتى.

دېمەك، نۆۋەتتە ياپونىيە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىدا قىزغىنلىقى ۋە ئەمەلىي كۈچى ئەڭ زور بولغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

1927 - يىلى ئېلىمىزدىكى بىر قىسىم خادىملارنىڭ ئىلمىي تەشەببۇسى ئارقىسىدا، شىۋېتسىيىلىك سېۋېن ھېدىن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى غەربىي شىمال تەكشۈرۈش ئۆمىكى» تەشكىل قىلىنىدى، خۇاڭ ۋېنبى مەزكۇر ئۆمەكنىڭ ئەزاسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 1928 -، 1930 - يىللىرى ئىككى قېتىم تۇرپانغا كېلىپ، قەدىمكى خارابىلىقلارنى تەكشۈرۈپ، قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىپ نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ توپلىدى. كېيىن بۇ ماتېرىياللارنى رەتلەپ، «قوچو خىزلىرى»، «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» قاتارلىق بىر قانچە ئەسەرلەرنى نەشر قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

ئېلىمىزنىڭ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاساسەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن رەسمىي باشلاندى. 1953 - يىلدىن باشلاپ ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى خادىملار تۇرپان رايونىدىكى قوچو، يارغول قەدىمكى شەھەرلىرىگە، بېزەكلىك، مۇرتۇق مىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئېلىمىزنىڭ غەربىي رايون مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەشھۇر ئالىملاردىن شياڭدا، خۇاڭ ۋېنبى، سۇبەي قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن تۇرپانغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىر تۈركۈم ئىلمىي ماقالىلەرنى ۋە ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى.

1959 - يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - يادىكارلىق ئارخېئولوگىيىسى ساھەسىدىكى خادىملار تۇرپان رايونىدىكى ئاستانە، قاراخوجا قاتارلىق ئىككى ئورۇندىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 13 قېتىم كەڭ كۆلەمدە قېزىش

ئېلىپ بېرىپ، مىلادى 5 ـ 7 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ بولغان قەدىمكى قەبرىلەردىن جەمئىي 456 نى قازدى (ئاستانىدىكىسى 310، قاراخوجىدىكىسى 146). يۇقىرىدىكى قەبرىلەرنىڭ قېزىلىش ئەھۋالى «تۇرپاندىكى ئاستانىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ قېزىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» دېگەن تېمىدا «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1960 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى. «تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاستانە، قاراخوجا يېزىلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر توپىنى رەتلەش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1972 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا، «تۇرپان ئاستانىدىكى 363 ـ نومۇرلۇق قەبرىنىڭ قېزىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1972 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدەك كېيىن ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش ئەھۋالى ئارقا ـ ئارقىدىن دوكلات ياكى قىسقا خەۋەر شەكىللىرى ئارقىلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

مەزكۇر قەدىمكى قەبرىلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە رەتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە قېزىپ ئېلىنغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىشتا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بولۇپمۇ قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان زور تۈركۈمدىكى ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەرگە قارىتا دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى كۈچ تەشكىللەپ، رەتلەش ئېلىپ بېرىپ، «تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر» نى ئون توم قىلىپ نەشر قىلىشنى پىلانغا كىرگۈزگەن ئىدى، ھازىرغا قەدەر سەككىز تومى نەشردىن چىقىپ بولدى، نەشر قىلىنغان بۇ ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا زور تەسىر پەيدا قىلدى.

1980 ـ يىللاردىن باشلاپ، ئېلىمىزنىڭ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدە يېڭىدىن يۈكسىلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

1983 ـ يىلى جۇڭگو دۇنخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىق جەمئىيىتى قۇرۇلدى ھەمدە مەملىكەت ئىچىدە بىرقانچە قېتىم خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى، بېيجىڭ، لەنجۇ ۋە ئۈرۈمچىلەردە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، دۇنخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىققا دائىر ماتېرىيال مەركەزلىرى قۇرۇلدى، مەملىكەت ئىچىدىكى بىر قانچە ئون ئالىي مەكتەپلەردە دۇنخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىققا ئائىت دەرسلەر تەسىس قىلىندى. 1988 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇرپان ۋىلايىتىدە «جۇڭگو شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» ۋە ماتېرىيال مەركىزى قۇرۇلدى، 1990 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يەنە «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى» قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى ئاساسىدا «تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېيى» قۇرۇلدى. «شىنجاڭ تۇرپانشۇنشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى»، «شىناجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى 2001 ـ يىل ئاۋغۇستتا ئېچىشقا جىددىي تەييارلىق قىلماقتا. بۇ نەتىجىلەر ئېلىمىزنىڭ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈردى.

**ئىزاھلار:**

① «قىزىل بايراق» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 3 ـ سانى.

② چېن گوسەن: «تۇرپان ۋەسىقىلىرىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى قېزىلىش ۋە تەتقىقات ئەھۋالى»، «جۇڭگو تارىخىي تەتقىقات ئۇچۇرى» نىڭ 1984 ـ يىللىق 6 ـ سانى.

③ جياڭ بوچىن: ««چاررۇسىيىنىڭ دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپان ۋەسىقىلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشى توغرىسىدا»، «جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1980 ـ يىللىق 3 ـ سانى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىم قېيۇم

www.uyghurkitap.com



# «ئالتۇن يارۇق»نىڭ 8 - جىلدىنىڭ 16 - بۆلۈمى ئۈستىدە تەتقىقات

ئىسرائىل يۈسۈپ، ئابلىم قېيۇم

«ئالتۇن يارۇق» قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالترىقلىغ قوپتا كۆترۈلمىش نوم ئىلىگى ئاتلغ نوم بىتىگ» نىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى بولۇپ، مەزكۇر «نوم بىتىگ» نى سانسكرىتچە 《Suvarnaprabha sottama — sūtra》نىڭ خەنزۇچە 5 خىل تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ئاخىرقىسى ھېسابلانغان《金光明最胜王经》① دىن «بېشبالىقلىق سىڭقو سەلى» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان②. ھازىرغىچە «ئالتۇن يارۇق» نىڭ بىر قانچە خىل كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى تېپىلدى. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، گېرمانىيىنىڭ تۇرپان ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندا «ئالتۇن يارۇق» نىڭ بىر قىسىم ۋاراقلىرىنى تېپىپ ئېلىپ كەتكەن، ھازىر بېرلىندە ساقلانماقتا. 1910 - يىلى 5 - ئايدا، رۇسىيىلىك E. C. مالوۋ گەنسۇ جيۇچۈەندىكى ۋېنشۇگوۋ دېگەن جايدىن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ قولىيازما نۇسخىسىنى تاپقان، 398 ۋاراقلىق بۇ نۇسخا ھازىر سانكىت پېتىربۇرگدا، يەنى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا. شۋېتسىيىلىك ئارخېئولوگ F. بېرگمان 1927 — 1935 يىللىرى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە قاتناشقان مەزگىلدە، گەنسۇدىن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ يۇقىرىدىكى نۇسخىسىنىڭ يوقالغان 2 ۋارىقىنى تاپقان بولۇپ، ئۇ ستوكگولمدىكى مىللەتشۇناسلىق مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. 1980 - يىلى تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيدىن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ بىر كەمتۈك ۋارىقى تېپىلدى④ . ئۇ ھازىر تۇرپان مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ ھازىرغىچە تېپىلغان نۇسخىلىرى ئىچىدە، 1910 - يىلى مالوۋ جيۇچۈەن ۋېنشۇگودىن تاپقان نۇسخا ئەڭ تولۇق دېگۈدەك ساقلانغان بولۇپ، ئۇنى بىلگە تالۇي شابى، راتناۋاجرا شابى، چاخساپات ماڭگال تويىن، چاخساپات ماڭگال ئىسداۋرى تويىن، سۇۋاسدى تويىن قاتارلىقلار كاڭشىنىڭ 26 - يىلى (مىلادىيە 1687 - يىلى) دۇنخۇاڭدا كۆچۈرگەن. 1913 — 1917 - يىللىرى W. رادلوف بىلەن مالوۋ ئۇنى مىخ مەتبەئە ھەرپىدە تىزدۇرۇپ ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مۇھىم قىممەتكە ئىگە بۇددىزم دەستۇرى «ئالتۇن يارۇق» ئۈستىدىكى تەتقىقات زور دەرىجىدە قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى. تۆۋەندە، ئالدى بىلەن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ۋېنشۇگو نۇسخىسىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ۋە «ئالتۇن يارۇق» نىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## (1) ساقلىنىش ئەھۋالى

I جىلد (مۇقەددىمە) نىڭ 1 — 18 ۋارىقى (36 بەت) ئاساسەن تولۇق دېگۈدەك ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭدا، ماھاساتۋى تېگىننىڭ ئۆز تېنىنى ئاچ قالغان يولۋاسقا يەم قىلىپ بېرىپ، ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە، جاڭ جۇداۋ (چاڭ باغلىق كۇتاۋ) ئىسىملىك شەھەر بېگىنىڭ ھېكايىسى (يۇقىرىدىكى ئىككى ھېكايە《金光明经忏悔灭罪传》دىن تەرجىمە قىلىنغان ھېكايىلەر بولۇپ، ئۇلارنى سىڭقو سەلى قەدىمكى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلغان

بولسا كېرەك)⑤، «تۆرت ماھاراچ تەڭرد-
لەرنىڭ ئۆگدىسى⑥(؟)» (《四天王赞》،
تانۋاسىن ئاچارى تىبەت تىلىدىن تەرجىمە قد-
لىغان)، «سەكىز ئۇلۇغ ئورۇنلاردىكى چاي-
تىلارنىڭ ئۆگدىسى» (《八大圣地制多赞》،
$P_{30}$. Ⅰ. 16b. <16>—<17>)، ئاموگاشىرى
ئاچارى ئەنەتكەك — سانسكرىت تىلىدىن
تەرجىمە قىلغان)⑦ قاتارلىقلارنىڭ مەزمۇنى
بار. يۇقىرىدىكىلەر «ئالتۇن يارۇق» نىڭ
خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ Ⅰ جىلدىدا يوق.
دېمەك، «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ۋېنشۇگوۋ-
نۇسخىسىنىڭ Ⅰ جىلدى ۋە ئاخىرىدىكى «بۇ-
يان ئەۋرىمەك» (ساۋابنى باشقىلارغا بېغىش-
لاش) سىڭقو سەلى ۋە «نوم بىتىگ» كۆچۈر-
گۈچىلەر تەرىپىدىن قوشۇلغان. «ئالتۇن يا-
رۇق» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ Ⅰ
جىلدىدىكى ئىككى بۆلۈم، يەنى《序品第一》،
《如来寿量品第二》قەدىمكى ئۇيغۇرچىگە تەر-
جىمە قىلىنمىغان.

Ⅱ جىلدىنىڭ 1 — 48 - ۋاراقلىرى (96
بەت) ساقلىنىپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 1
- ۋاراق كەمتۈك، 2 — 17 - ۋە 19 -
ۋاراقلار ساق، 18 - ۋە 20 — 48 - ۋاراقلار
كەمتۈك ھالەتتە. Ⅱ جىلدىنىڭ مەزمۇنى
«ئۈچ ئەتئۆزۈگ ئادىرتلايۇ ئۇقىتماق ئاتلىغ
ئۈچۈنچ بۆلۈك»⑧ (《分别三身品第三》،
$P_{92}$. Ⅱ. 29b. <3>) دە ئاخىرلىشىدۇ، «تۈل-
تە ئالتۇن كۆۋرۈگ كۆرۈپ كىشانتى قىلمىش
تۆرتۈنچ بۆلۈك» (《梦见金鼓忏悔品第四》)،
$P_{92}$. Ⅱ. 29b. <6>—<7>) نىڭ ئالدىنقى
قىسمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

Ⅲ جىلدىنىڭ 1-، 3-ۋاراقلىرى يوقال-
غان، 2-، 4—37-ۋاراقلىرى ياخشى ساق-
لانغان. بۇ جىلد «تۈلتە ئالتۇن كۆۋرۈگ
كۆرۈپ كىشانتى قىلمىش تۆرتۈنچ بۆلۈك»
نىڭ كېيىنكى قىسمى، «قىلىنچ ئادارتماقىن
ئۆچۈرمەك ئاتلىغ نوم يۆرۈگىن ئۇقىتداچى
بىشىنچ ئۆلۈش بۆلۈك» (《灭业障品第五》،
$P_{199}$. Ⅲ. 37A. <9>—<12>) نى ئۆز ئىچىگە ئال-
دۇ. Ⅳ جىلدىنىڭ 1 — 50 - ۋاراقلىرى بى-
لەن 53 — 74- ۋاراقلىرى ساقلانغان، 51
—52-ۋاراقلىرى يوقالغان، 74- ۋاراقنىڭ
ئالدىنقى 7 قۇر خەت يېزىلغان قىسمى كەم-
تۈك. بۇ جىلددا «ئارىغ يىر ئورۇنلار سايۇ-
قى دارنى تىگمە تۇترۇق نوملارىغ ئۇقىتماق
ئاتلىغ بۆلۈك» ($P_{201}$. Ⅳ. 1a. <6>—<9>)
《净地陀罗尼品第六》) نىڭ مەزمۇنى خاتىرد-
لەنگەن. يۇقىرىقىدىن باشقا، بۇ جىلددا 6-
بۆلۈمنىڭ نامى يەنە مۇنداق دەپمۇ ئاتالغان:
«ئارىغ يىر ئورۇنلار سايۇقى دارنى تىگمە
نوملارىغ بودى تىگمە تۇيۇنماق كۆڭۈلۈگ
ئۇقىتماق ئاتلىغ ئالتىنچ بۆلۈك»
($P_{342}$. Ⅳ. 73b. <22>—<25>).

Ⅴ جىلد تولۇق ساقلانغان بولۇپ،
جەمئىي 30 ۋاراق (60 بەت)، 4-ۋارىقى
سەل كەمتۈك. بۇ جىلددا «لىنخۇا چەچەك
يۆلەشۈركى ئۇزە ئۆگمەك ئاتلىغ يىتىنچ بۆ-
لۈك» (《莲花喻赞品第七》، $P_{345}$. Ⅴ. 1a. <6>—<8>)،
«تۈك ئالتۇن دارنىغ ئۇقىتماق ئاتلىغ سەك-
زىنچ بۆلۈك» (《金胜陀罗尼品第八》)
، $P_{355}$. Ⅴ. 6a. <6>—<7>)، «يوق قۇ-
رۇغ تۆزىن ئۇقىتماق ئاتلىغ توقزۇنچ بۆلۈك»
(《重显空性品第九》، $P_{362}$. Ⅴ. 9b. <20>—<21>)،
«يوق قۇرۇغ تۆزىكە تايانىپ كۈسەمىش كۈ-
سۈشۈگ قانتۇرماق ئاتلىغ ئونۇنچ بۆلۈك»
(《依空满愿第十》، $P_{371}$. Ⅴ. 14a. <20>—<22>)،
«تۆرت ماھاراچ تەڭرىلەر تەڭرى يالاڭۇق
قۇۋراغىن كۆرمەك ئاتلىغ بىرىگرمىنچ بۆ-
لۈك» (《四天王观察人天品第十一》
$P_{398}$. Ⅴ. 27b. <20>—<22>) قاتارلىق
5 بۆلۈمنىڭ مەزمۇنى بايان قىلىنغان.

Ⅵ جىلدىنىڭ 2 —19- ۋە 22 —
30-ۋاراقلىرى ساقلانغان. 1-، 20-، 21-
ۋاراقلىرى يوقالغان. بۇ جىلددا «تۆرت ماھا-
راچ تەڭرىلەر يىرتىنچۈگ كۆزەتمەك ئاتلىغ ئىكى
يگرمىنچ بۆلۈك» (《四天王护国品第十二》
$P_{458}$. Ⅵ. 30b. <11>—<14>) بايان قىلىند-
غان.

Ⅶ جىلدىنىڭ 2 — 19 - ۋاراقلىرى
ساقلانغان، 1 - ۋارىقى يوقالغان. بۇ جىلددا
«ئىلىنمەكسىز تىگمە دارنى نومۇغ ئۇ-
قىتماق ئاتلىغ ئۈچ يگرمىنچ بۆلۈك»
⑨ (《无染著陀罗尼品第十三》)،
«چىنتامانى ئاتلىغ دارنى نومۇغ ئۇقىت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماق ئاتلىغ تۆرت يگرمىنچ بۆلۈك» $P_{465}$. VI. 4a. <7>-<9>)، 《如意宝珠品第十四》 «ساراسۋاتى ئاتلىغ تەڭرى قىزى ئۆتۈگ ئۆتۈنمەك ئاتلىغ بىش يگرمىنچ بۆلۈك» ،《大辩才天女品第十五　(之一)》 قاتارلىق ($P_{473}$. VII. 8a. <12>—<14> 13 -، 14 -، 15 - (نىڭ بىرىنچىسى) بۆلۈملەر سۆزلەنگەن.

VIII جىلدنىڭ 2 ~ 25 -، 29 - ۋە 31 — 38 - ۋاراقلىرى ساقلانغان، 1 -، 26 — 28 -، 30 - ۋاراقلىرى يوقالغان. بۇ جىلددا 15 - بۆلۈمنىڭ ئىككىنچىسى (《大辩才天女品第十五之二》) نىڭ مەزمۇنى، «شرىكىنى ئاتلىغ تەڭرى قىزى ئۆتۈگ ئۆتۈنمەك ئاتلىغ ئالتى يگرمىنچ بۆلۈك» ، ( $P_{512}$. VIII. 8b. <17>—<20> (《大吉祥天女品第十六》، «شرىدكىنى قۇت تەڭرى قاتۇنى ئەد تاۋارىغ ئۆستەمەك ئاتلىغ يىتى يگرمىنچ بۆلۈك» (《大吉祥天女增长财物品第十七》، ($P_{518}$. VIII. 11b. <8>—<10>)، «ۋاسۇندارى ئاتلىغ يىر قاتۇنى ئۆتۈگ ئۆتۈنمەك ئاتلىغ سەككىز يگرمىنچ بۆلۈك» (《坚牢地神品第十八》، ( $P_{527}$ VIII. 16a. <13>—<15>)، «سانچاناچاۋى ئاتلىغ تەڭرىلەر ئۇرۇقۇتى ئۆتۈگ ئۆتۈنمەك ئاتلىغ توقۇز يگرمىنچ بۆلۈك» (《僧慎尔耶乐叉大将品第十九》، ($P_{538}$. VIII. 21b. <4>—<6>)، «ئىلىگلەر خانلارنىڭ كۆنى تۆرۈسىن ئايىماق ئاتلىغ يگرمىنچ بۆلۈك» (《王法正论品第二十》 قاتارلىق ($P_{546}$. VIII. 25b. <9>—<11> 15 - (2)، 16 -، 17 -، 18 -، 19 - ۋە 20 - بۆلۈملەر بايان قىلىنغان.

IX جىلدنىڭ 1 — 8 ۋە 21 — 31 - ۋاراقلىرى ساقلىنىپ قالغان (30 -، 31 - ۋاراقلار كەمتۈك)، 9 — 20 - ۋاراقلىرى يوقالغان. بۇ جىلد ئەسلىدە 5 بۆلۈمدىن تەشكىل تاپقان بولسىمۇ، «سۇچادى ئاتلىغ ئىلىگ قاننىڭ تىلتاغىن ئۇقتىماق ئاتلىغ بىر ئوتۇزۇنچ بۆلۈك» (《善生王品第二十一》، ( $P_{570}$. IX. 1b. <6>—<8>)، «تەڭرىلەر يەكلەر كۆزەتمەك ئاتلىغ ئىكى ئوتۇزۇنچ بۆلۈك» (《诸天乐叉护持品第二十二》 ($P_{580}$. IX. 6b. <6>~<8>) نىڭ ئالدىنقى قىسمى، «ئۇداكانىساندى ئۇرىنىڭ ئىشىن كۆتۈگىن ئۇقىتمەق ئاتلىغ بىش ئوتۇزۇنچ بۆلۈك» (《长者子流水品第二十五》 ($P_{598}$. IX. 27b. <8>—<10>) قاتارلىقلار، يەنى 21 - بۆلۈم، 22 - بۆلۈمنىڭ ئالدىنقى قىسمى ۋە 25 - بۆلۈملەر مەزمۇنى ساقلىنىپ قالغان. 22- بۆلۈمنىڭ كېيىنكى قىسمى، 23 - بۆلۈم (《授记品第二十三》) ۋە 24 - بۆلۈم (《除病品第二十四》) لەر بۇ جىلدنىڭ يوقالغان ۋاراقلىرى بىلەن غايىب بولغان.

X جىلدنىڭ 1 — 4- ۋاراقلىرى يوقالغان، 5 — 21 - ۋاراقلىرى ياخشى ساقلانغان، 22 — 39 - ۋاراقلىرى سەل كەمتۈك بولۇپ قالغان. بۇ جىلد 26 - بۆلۈم (《舍身品第二十六》) نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ۋە «ئوندىن سىڭارقى بودىستۋلار (تەڭرى) تەڭرىسى بۇرخان (نىغ ئۆگمەك ئاتلىغ يىتى) ئوتۇزۇنچ بۆلۈك» 《十方菩萨赞叹品第二十七》، ($P_{614}$. X. 23b. <20>—<22> «سۇماكىتى بودىستۋ تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانىغ ئۆگمەك ئاتلىغ سەكىز ئوتۇزۇنچ بۆلۈك» 《妙幢菩萨赞叹品第二十八》، ($P_{619}$. X. 26a. <12>—<14>) «بودى سۆگۈت تەڭرىسى تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانىغ ئۆگمەك ئاتلىغ توقۇز ئوتۇزۇنچ بۆلۈك» 《菩提树神赞叹品第二十九》، ($P_{653}$. X. 28a. <10>—<12>) «ساراسۋاتى تەڭرى قىزى (تەڭرى تەڭرىسى) بۇرخانىغ ئۆگمەك ئاتلىغ ئوتۇزۇنچ بۆلۈك» ،《大辩才天女赞叹品第三十》 ($P_{657}$. X, $P_{657}$. X. 30a. <20>—<22> «بۇ نوم ئەردىنىنگ تۇتۇزماق ئاتلىغ بىر قىرقىنچ بۆلۈك» 《付嘱品第三十一》، ($P_{661}$. X. 32a. <14>—<16>) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### (2) تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

1908 - يىلى، ف. ۋ. ك. مۈللېر

(F. W. K. Müller) 《Uigurica》 I «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر مەجمۇئەسى» I) دە، «ئالتۇن يارۇق» نىڭ گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپان نۇسخىسىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ I جىلددىكى 1 -، VIII جىلددىكى 16 -، 17 - بۆلۈملىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئېلان قىلدى.

1913 -، 1917 - يىللار، رادلوف بەلەن مالوۋ «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ۋېنشۇگوۋ نۇسخىسىنى قەدىمكى ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىدە تىزدۇرۇپ ئېلان قىلدى.

(W. Radloff, S. E. Malov—Suvarnaprabhāsa, St. —Petersbourg 1913—1917).

تۆۋەندە ئۇنى مىخ مەتبەئە نۇسخا» دەپ قىسقارتىپ ئالدۇق.

1930-يىلى ۋىلھېلىم باڭ (W. Bang) بىلەن گابائىن خانىم (A. von. Gabain) III جىلد 5 - بۆلۈمىنىڭ بىر قىسمىنى ئېلان قىلدى.

(《Uigurische Studien》. UJb. Berlin—Leipzig. 1930)

1941 - يىلى گابائىن خانىم X جىلددىكى 26 - بۆلۈمنى ئېلان قىلدى

(《Alttürkische Grammatik》, Leipzig. 1941).

1945 - يىلى، سەئادەت چاغاتاي I جىلددىكى 1 - ھېكايە بىلەن X جىلددىكى 26 - بۆلۈمنى ئېلان قىلدى.

(S. Çagatay, 《Altun yaruktan iki parça》 Ankara, 1945)

1951 - يىلى، مالوۋ I جىلددىكى 1 - ھېكايە بىلەن X جىلددىكى 26 - بۆلۈمنى ئېلان قىلدى

(《Pamyatniki Drevnetyurkskoy Pismennosti》 M. —L. 1951).

1961 - يىلى، شىناسى تېكىن II - جىلد 3 - بۆلۈمنى ئېلان قىلدى

(Ş. Tekin "über die Boddhistische Trinitätslehre im der uigerischen Version des Goldglanz—Sutra", UAJ 33, 1961).

1962 - يىلى، ياپونىيىلىك مورى ماسائو «ئالتۇن يارۇق» توغرىلىق ماقالە ئېلان قىلدى.

(护雅夫"回鹘语译金光明最胜王经", 《史学杂志》71 卷 9 期, 1962).

1966 - يىلى، شىناسى تېكىن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئاخىرىدىكى «بۇيان ئەۋرمەك» قىسمىنى ئېلان قىلدى.

(Ş. Tekin "Buyan evirmek <sevâbin tevcihi>", Reşid Rahmeti Arat için, Ankara, 1966).

1971 - يىلى، شىناسى تېكىن V جىلد 9 -، 10 - بۆلۈملەرنى تولۇق ئېلان قىلدى

(Ş. Tekin 《Die kapitel über die Bewußtseinslehre im uigurischen Goldglanz sütra》<IX—X> Wiesbaden, 1971)

1976 - يىلى، پېتېر تسىمې (P. Zieme) I جىلد 2 - بۆلۈمدىكى تەمسىلنى ئېلان قىلغان ۋە سىڭقۇ سەلىنىڭ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىشتىكى نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرغان

(<2> Sïngqu säli Tutung — übersetzer buddhistischer Schriften ins Uigurische, in: Tractata Altaica, Wiesbaden, 1976; <1>O vtoroj glave sutry "Zolotoj blesk", in: Turcologica, Leningrad, 1976).

1977 — 1978 - يىللىرى، پېتېر تسىمې (P. Zieme) «ئالتۇن يارۇق» نىڭ گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپان نۇسخىسىنىڭ كىرىش بۆلۈمىدىكى جاڭ جۇداۋ ھېكايىسىنى ئېلان قىلدى.

("Zu den Legenden im Uigurischen Goldglanzsütra", TUBA I, 1977; TUBA II, 1978).

1978 - يىلى، گېڭ شىمىن «كىتابلارغا باھا» (خەنزۇچە) ژۇرنىلىنىڭ 2 - سانىدا، «قەدىمكى ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققان خەنزۇچە تەرجىمىشۇناس سىڭقۇ سەلى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

1979 - يىلى، د. مائۇې (D. Maue) بىلەن رۆربورن (K. Röhrborn) I جىلددىكى «سەككىز ئۇلۇغ ئورۇنلاردىكى چايتىلارنىڭ ئۆگدىسى»

("Ein Caityastotra aus dem alttürkischen Goldglanz sütra", ZDMG129, 1979).

1978 - يىلى، گېڭ شىمىن X جىلد 26 - بۆلۈمنى ئېلان قىلدى (مەركىزىي

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى www.uyghurkitap.com

مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتېتى «قەدىمكى تۈرك تىللىرىدىكى ھۆججەتلەردىن ئوقۇشلۇق» ، شاپىگراف نۇسخىسى، بېيجىڭ) .

1980 - يىلى، گېڭ شىمىن IX جىلد 25 - بۆلۈمنى ئېلان قىلدى (مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، شاپىگراف نۇسخىسى، بېيجىڭ) .

1980 - يىلى، ئىسراپىل يۈسۈپ، ئابدۇقېيىم خوجا X جىلد 26 - بۆلۈمنى ئېلان قىلدى («بۇلاق» 1980-يىل 2-سان) .

1982 - يىلى، كوگى كۇدارا بىلەن كلائۇس زۆربورن ستوكگولمدا ساقلىنىۋاتقان 2 ۋاراقنى ئېلان قىلدى.

(K. Kudara und K. Röhrborn "Zwei verirrte Blätter des Uigurischen Goldglanz sütra im Etnografiska Museum, Stockholm"ZDMG132, 1982).

1984 - يىلى، دىلدار مەتتىمىن، قاھار بارات جاڭ جۇداۋ ھېكايىسىنى ئېلان قىلدى («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1984 - يىل 2 - سان) .

1986 - يىلى، گېڭ شىمىن VI جىلد 12 - بۆلۈمنى ئېلان قىلدى («مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، تىل - ئەدەبىياتقا ئائىت كۆپەيتىلمە سان، No3 ، بېيجىڭ) .

1987 - يىلى، لى جىڭۋېي كىرىش بۆلۈمدىن پارچە ئېلان قىلدى («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987 - يىل 2 - سان) .

1988 - يىلى، جاڭ تېشەن V جىلد 7 - بۆلۈمنى ئېلان قىلدى («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2 - سان) .

1990 - يىلى، جاڭ تېشەن IV جىلد 6 بۆلۈم ۋە V جىلد 8 - بۆلۈمنى ئېلان قىلدى («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1 - سان ۋە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 2 - سان) .

1990 - يىلى، ئىبراھىم مۇتىئى «خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي مۇناسىۋەتكە زور تۆھپە قوشقان مەشھۇر تەرجىمان سىنقۇ سەلى» («ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل، 312 — 343 - بەتلەر) دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلدى.

1991 - يىلى، مەھمەت ئۆلمەز III جىلد 5 - بۆلۈمنى ئېلان قىلدى (Mehmet ölmez, Altun Yaruk III. Bölüm <=5. kitap> Ankara).

1994 - يىلى، جەۋال كايا كىرىش سۆز بىلەن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ تېكىستى، ئىندېكسىنى ئېلان قىلدى (Ceval keya, Uygurca Altun Yaruk: Giriş, Metin ve Dizin. Ankara).

1995 - يىلى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلىرى تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن مەترەھىم سايىت، «مىخ مەتبەئە نۇسخا» غا ئاساسەن، «ئالتۇن يارۇق» نى نەشرگە تەييارلاپ (ئۇيغۇرچە) نەشرگە تاپشۇرغان ئىدى. ئەپسۇسكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن بۇ زور ھەجىملىك كىتاب (خەت سانى 1 مىليوندىن ئاشىدۇ) ، مەبلەغ قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن تا بۈگۈنگىچە بېسىلمىي ياتماقتا.

1995 - يىلى، جوۋ بېيجۈەن VII جىلد 14 - بۆلۈمنى ئېلان قىلدى («شىنجاڭ ئۇنۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 2 - سان)

1996 - يىلى، ئەركىن ئاۋقالى VII جىلد 13 - بۆلۈمنى ئېلان قىلدى («تۈركىي تىللار ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى» ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 25 — 46 - بەتلەر) .

1999 - يىلى، ئەركىن ئاۋقالى X جىلد 30 - بۆلۈمنى ئېلان قىلدى («گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ 70 ياشقا كىرگەنلىك خاتىرىسىگە بېغىشلانغان ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 17 — 34- بەتلەر) .

ئىسرائىل يۇسۇپ بىلەن ئابلىم قېيۇم
VIII جىلد 16 ـ بۆلۇمنى ئېلان قىلدى (
«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ
مۇشۇ ساندا) .

ئىسرائىل يۇسۇپ بىلەن ئابلىم قېيۇم ـ
نىڭ VIII جىلد 15 ـ بۆلۇم (ئىككىنچىسى)
ئۇستىدىكى تەتقىقاتى «تۇرپانشۇناسلىق تەتقى ـ
قاتى» ژۇرنىلىنىڭ كېيىنكى ساندا ئېلان
قىلىنماقچى.

بىز ماقالىمىزنىڭ بېشىدا، 1980 ـ يى ـ
لى تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيدىن «ئالتۇن
يارۇق» نىڭ 1 كەمتۇك ۋارىقى تېپىلغانلىقى ـ
نى تىلغا ئالغان ئىدۇق. ھازىر، تۇرپان
مۇزېيىدا 80T. B. I : 523 نومۇر بېرىلىپ
ساقلىنىۋاتقان بۇ كەمتۇك ۋاراقنىڭ (ئۇنىڭ
ئىككى بېشى كەمتۇك بولۇپ، ئوتتۇ ـ
را قىسمى ساقلىنىپ قالغان) چوڭلۇقى
16. 7cm × 21. 6cm كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھەر
ئىككى بېتىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ
بۇددا نوملىرى يازما نۇسخىسىدا خەت چۇشۇ ـ
رۇلگەن. ئۇنىڭ ئالدى بېتىدە 10 قۇر، كەي ـ
نى بېتىدە 13 قۇر خەت بولۇپ، بەزى قۇر ـ
لاردىكى بىر قىسىم خەتلەر بۇ كەمتۇك ۋاراق ـ
نىڭ يوقالغان پارچىلىرى بىلەن يېتىپ كەت ـ
كەن. ئالدى بەتكە يېزىلغان خەتلەرنىڭ مەز ـ
مۇنىنى، VIII جىلد 15 ـ بۆلۇم (ئىككىنچى ـ
سى) نىڭ ئاخىرىدىن تاپقىلى بولىدۇ. كەينى
بەتتىكى خەتلەرنىڭ مەزمۇنى بولسا، دەل VIII
جىلد 16 ـ بۆلۇمنىڭ باشلىنىشىدىكى مەز ـ
مۇنىنىڭ ئۆزى ھېسابلىنىدۇ. كەينى بەتتىكى
16 ـ بۆلۇمنىڭ نامى چۇشۇرۇلگەن قۇرلار
قىزىل سىياھتا يېزىلغان (تۆۋەندىكى
ترانسكرىپسىيە I نىڭ 2 ـ قۇرىدىن 6 ـ
قۇرىدىكى "بۆلۇك" دېگەن سۆزگىچە بولغان
خەتلەر بىلەن 9 ـ قۇردىكى "بۇرخان" دېگەن
سۆز قىزىل سىياھتا يېزىلغان) . قالغان
قۇرلاردىكى خەتلەر قارا سىياھتا يېزىلغان.
بۇ كەمتۇك ۋاراقتىكى خەت نۇسخىسىدىن،
ئۇنىڭدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەتلەرنىڭ
ئوڭدىن ـ سولغا، يۇقىرىدىن ـ تۆۋەنگە يې ـ
زىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىز VIII جىلد 16 ـ بۆلۇم ئۇستىدە تەت ـ
قىقات ئېلىپ بارغاندا، سېلىشتۇرۇشقا قولا ـ
يلىق بولسۇن ئۇچۇن، ئالدى بىلەن
80. T. B. I : 523 نومۇرلۇق كەمتۇك ۋاراق ـ
نىڭ كەينى بېتىدىكى خەتلەرنىڭ ترانسك ـ
رىپسىيىسى ۋە تەرجىمىسىنى (ترانسك ـ
رىپسىيە I ۋە تەرجىمە I گە قارالسۇن)
، ئاندىن «مىخ مەتبەئە نۇسخا» نىڭ VIII جىلد
16 ـ بۆلۇمىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى، تەر ـ
جىمىسىنى بەردۇق (ترانسكرىپسىيە II
بىلەن تەرجىمە II گە قارالسۇن) . ئاخىرى ـ
دا، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا
ئىشلەنگەن ئىزاھ ۋە خەنزۇچە ئەسلى تېكىس ـ
تىنى بەردۇق.

كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇشىغا قولاي ـ
لىق يارىتىپ بېرىش ئۇچۇن، ترانسكرىپسى ـ
يە ئۇيغۇر يېزىقىدا بېرىلدى. ترانسكرىپسىيە
I دە ( ) بەلگىسى ئىچىگە ئېلىنغان تا ـ
ۋۇشلار ۋە سۆزلەر ئەسلىگە كەلتۇرۇلۇپ
ترانسكرىپسىيە قىلىنغان تاۋۇشلار بىلەن
سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. «مىخ مەتبەئە نۇس ـ
خا» دا، تېكىستىنىڭ ھەربىر بېتىدىكى ھەر 5
قۇر خەتكە قۇر تەرتىپى بويىچە نومۇر بېرىل ـ
گەن (مەسىلەن، 5، 10، 15، 20 دېگەن ـ
دەك) . بىز ئاتالغۇلارغا ئىزاھ بەرگەندە قو ـ
لايلىق ۋە ئېنىق بولسۇن ئۇچۇن، بەت بويىچە
قۇر تەرتىپ نومۇرى بەرمەي، بەلكى 16 ـ
بۆلۇمنىڭ 1 قۇرىدىن ئەڭ ئاخىرقى قۇرىغىچە
تۇتاش تەرتىپ نومۇرى بەردۇق. ترانسكرىپ ـ
سىيە II ۋە تەرجىمە II دە، «مىخ مەتبەئە
نۇسخا» دىكى بەت نومۇرى، جىلد نومۇرى ۋە
VIII جىلدنىڭ ۋاراق نومۇرى ۋە ئالدى ـ كەينى
بەتلەرنىڭ بەلگىسىنى بەرگەنلىكىمىز ئۇ ـ
چۇن، قىزىققۇچىلارنىڭ ترانسكرىپسىيە II
نى «مىخ مەتبەئە مۇسخا» دىكى تېكىستكە
سېلىشتۇرۇشىمۇ قولاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ترانسكرىپسىيە I

1. . . . . . . . ت(مىپ يىرلىقادى)
2. ئالتۇن ئۆگلۈگ يرۇق يالتر (نق-
لىغ)
3. قوپدا كۆترۇلمىش نوم ئىلىگى
(ئاتلغ)
4. نوم بىتىگتە شىرىكىنى ئاتلغ ت(ڭ-
رى)
5. قاتۇنى ئۆتۈگ ئۆتۈنمەك ئاتلغ - غ
6. ئالتى يگرمىنچ بۆلۈك. . ئول ئۆ-
دۇن
7. شىرىكىنى ئاتلغ قۇت تڭرى قاتۇنى
8. ئولۇرمىش ئورنىنتا ئۆرۈ تۇرۇپ
تڭرى
9. تڭرىسى بۇرخان ئاداق-ىنتا يىنچۈ-
رۇ
10. تۆپۈن يۈكۈ(نۈ)پ ئاي-اسىن
قاۋشۇرۇپ
11. (ئاغىر ئاياماق-ىن ئد)نچاتىپ
12. (ئۆتۈندى. . ئاتى كۆترۇلمىش)
ئاياغ-قا
13. تەگىملىگ تڭرىم من بىرۆك تو-
يى)ن

## ترانسكرىپسىيە II

VIII. 8b. 512

(1) ئالتۇن ئۆڭلۈگ يرۇق يالترىق
-لىغ
(2) قوپدا كۆترۇلمىش نوم ئىلىگى
(3) ئاتلغ نوم بىتىگدە شىرىكىنى
(4) ئاتلغ تڭرى قىزى ئۆتۈگ ئۆتۈن-
(5) مەك ئاتلغ ئالتى يگرمىنچ بۆلۈك
(6) ئول ئۆدۈن شىرىكىنى ئاتلغ قۇت
(7) تڭرى قاتۇنى ئولۇرمىش ئورۇن-
ىنتا
(8) ئۆرۈ تۇرۇپ تڭرى تڭرد-سى

VIII. 9a. 513

(9) بۇرخان ئاتاق-ىنتا يىنچۈرۈ تۆ-
پۈن
(10) يۈكۈنۈپ ئاي-اسىن قاۋشۇرۇپ
ئاغىر
(11) ئاياماق-ىن ئىنچا تىپ ئۆتۈندى.
(12) ئادى كۆترۇلمىش ئاياغ-قا تە-
گىملىگ
(13) تڭرىم من برۆك تويىن شامنانچ
(14) ئۈپاسى ئۈپاسانچ بۇ نوم ئەردە-
نىنگ
(15) بوشغۇنمىش-ىن تۇتمىش-ىن ئو-
قىمىش-
(16) ىن نوملامىش-ىن بىتىمىش-ىن
بىتىتمىش-
(17) ىن كۆرۈ تەگىنسەر-مىن. . ئۆت-
رۇ
(18) ئۇلارنى قوپ كۆڭۈل-ىن ئايايۇ
(19) ئاغىرلايۇ تاپىنۇ ئۇتۇنۇ تەگىنىپ
(20) يىگۈلۈك ئاش-ىن كەتگۈلۈك
تونىن
(21) ئولۇرغۇلۇق ئورۇنىن تۇلتىن
تۆشەكىن
(22) ئىگلەمىش-دەكى ئووتىن ئەم
-ىن
(23) تاقى يمە ئادىن نەكرگەكىن
(24) بىرۇ ئەكسۈكسۈز تولۇ تۇكەل
قىلۇ
(25) تەگىنگەي-مىن ئاپ يمە تۇنل-ە
(26) ئاپ يمە كۈنتۈز بۇ نوم
(27) ئەردە-نى ئىچىندەكى پاتاك-
لارىن
(28) يۆرۈگ-لەرىن قولۇلايۇ ساقىنۇ

تۇكە-

(29) تىپ بۇچامبۇدنۇىپ يىرتىنچۇتە

(30) كىڭۇرۇ ياتدۇرۇپ ئۆڭرەكى

(31) بۇرخانـ-لار شاسىنىنتا ئۇرۇغ

ساچمىش

VIII. 9b. 514

(32) بۇيان ئەتگۇ قىلىنچ قىلمىش

قۇتلۇغ بۇيانـ-

(33) لىغ تىنلغـ-لارقا ئەشىدتۇرۇپ

ترك ئۆتۇن

(34) يىتلىنگۇلۇكسۇز باتغۇلۇقسۇز

قىلۇ تەگىنىپ

(35) ئۇل قاماق تىنلغـ-لارىغ ئۇلگۇ-

زۇز سانسىز

(36) ئازۇنـ-لارتا. يۇزمىڭ كولتى

كالپ

(37) ئۆتـ-لەركەتەگى ئۇسدۇن تڭرى

(38) يىرىنتە ئالتىن كىشى ئازۇنىنتا

ئاترۇق

(39) ئادرۇق يىگ باشدىنقى ئەدگۇ

مەڭىگ

(40) ئاشاغۇلۇق مەڭـ-لەگۇلۇك..

تۇس تام

(41) يىم ئىچىم ئۇزە باي مەڭىلىگ

(42) بولغۇلۇق. ئاچ قىز ئەمگەك

-ىگ

(43) كۆرمەگۇلۇك ئەتگۇكە تەگىمـ-

لىگ قىلۇ

(44) تەگىنگەيـ-مىن. كىنكى بۇرخانـ

-لار-

(45) قا توسغۇلۇق ئۇچ ياۋلاق يولـ-

ـتاقى

(46) ئاچىغ تارقا ئەمگەكـ-لەرتىن

ئوسغۇلۇق..

(47) ئاڭ كىنىنتە بۇرخان قۇتىن

بۇلغـ-

(48) ۇلۇق تۇشـ-كە ئۇتلىـ-قا تەگۇرۇ

(49) تەگىنگەيـ-مىن. نەئۇچۇن تىپ

(50) تىسەر. ئادى كۆترۇلمىش ئاياغ

-قا

(51) تەگىملىگ تڭرىم. مىن ئۆيۇر-

(52) مىن ئۆڭرە ئەرتمىش ئۇر ئىراق

(53) ئۆتدە راتنا پۇسپى ئاتلغ تڭرى

(54) تڭرىسى بۇرخان شاسىنىنتا تۇش

VIII. 10a. 515

(55) تولۇن بولۇپ ئەتگۇ يىلتىزلىغ

(56) ئۇرۇغ ساچا تەگىنتىم. كىم

ئول

(57) راتنا پۇسپى ئاتلغ تۇكەل

(58) بىلگە تڭرى تڭرىسى بۇرخان

(59) ئۇلۇغ يرلىقانچۇچى كۆڭۇلـ-ى

ئۇزە

(60) مىنى ئىرىنچـ-كەيۇ تسۇيۇر قايۇ

(61) يرلىقاپ. . بۇرخانـ-لار-نىڭ ئۇـ

لۇغ

(62) كۇچى ئۇزەكىم مىنى ئامتىـ-قاـ

(63) دەگى قايۇ ئورۇنـ-لارىغ ئۆسەر

- مىن

(64) قايۇ يىڭاقـ-تا كۆرسەرـ-مىن..

قايۇ

(65) بالىق ئۇلۇشـ-قا تەگسەرمىن..

ئول

(66) ئورۇنـ-تاقى ئول يىڭاقـ-تاقى.

. ئول

(67) ئۇلۇشـ-تاقى قاماغ تىنلغ ئوغلانـ

-

(68) لارىن. . كەتگۇلۇك تون. . يەـ

گۇلۇك

(69) ئاش. . ئۆز ئىتىنگۇلۇك يىۋىگ

(70) تىسىگ ئالتۇن كۇمۇش ۋايتۇرى

(71) سابارىر شىشىر باتۇ سىتا قۇبىق

(72) چەچ قاش يىنچۇ مونچۇق ئۇلاتى

(73) ئەسرىنگۇ ئەردىنـ-لەر ئۇزە

باي

(74) بارىمـ-لىغ قىلغۇلۇق ئۇلۇغ

كۇچكە

(75) كۇسۇنكە تەگۇرۇ يرلىقادى..

ئانىن

(76) تڭرىم كىم قايۇ سۇسۇگ كىرتـ

گۇنچ

(77) كۆڭۇلـ-لۇگ تىنلغلار بۇ ئالتۇن

VIII. 10b. 516

(78) ئۆڭلۈگ يرۈق يالدرىق -لىغ
قوپدا
(79) كۆترۈلمىش نوم ئىلىگى ئاتلىغ
نوم
(80) ئەردىنىگ ئوقىسار- لار سۆزلە-
سەر-
(81) لەر. . ياناكۇن كۈنىگە ئەدگۈ
(82) يىد يىپار كۆيۈرۈپ قۇا چەچەك
(83) ساچىپ مىنى ئۈچۈن ئۇل
(84) راتنا پۇسپى ئاتلىغ تگرى تگرد-
(85) سى بۇرخان-قا تاپىغ ئۇدۇغ
(86) قىلسار- لار يانا كۈنتەمەك
(87) ئۈچ قاتا مەنىڭ ئاد- ىمىن
(88) ئاتايۇ ئۆگى يىت
(89) يىپار قۇا چەچەك تاتىغ-لىغ
(90) ئەدگۈ ئاش ئىچكۈ ئۇزە يمە
(91) ماڭا يمە تاپىغ ئۇدۇغ قىلسار-
(92) لار. . ئۇسۇكسۇز بۇ نوم ئەرتى-
نىگ
(93) ئەشىدسەر- لەر. . بۇ مۇنتاغ بۇ-
يان
(94) تۇش-مىن بۇلغاي-لار تىپ. .
ئۆترۇ
(95) شلوك تاقشۇت-مىن ئىنچا
(96) تىپدىتى. . كىم -لەر بىرۆك
تۇتسار-
(97) لار. . بۇ نوم ئەردىنىگ مۇنچۇلا-
يۇ. . ئۆز
(98) ئەتئۆز- نۇڭ قۇۋراغ-نىڭ. .
ئىسىل-
(99) مەك-لەرى تارىقار. . كرگەكلە-
مىش
(100) تۇز-ى ئاش-ى. . ئۆتۈن ئۆتۈن
VIII. 11a. 517
(101) ئەكسۇمەز. . چوغ-ى يالىنى
ئاشلىپ
(102) ئۆزى ياشى ئۇسدەلۇر. . يىر
(103) تاتىغى كۈچەتىپ. . ئۇرۇك ئۇر-

(104) كۈت ئۇسدەلۇر. . ئۆسكەن
ياغمۇر

(105) ئۆتىنچە. . ئۇسدۇرتى قوتى تۆ-
كۈ-
(106) لۇر. . قاماغ تگرد-لەر قۇۋ-
(107) راغ-ى. . يۇمقى بىرتەگ سەۋد-
ىنۇر. .
(108) ئارىغ سەمەك تۇش يىمش. .
ئەركلىگ-
(109) لەرى يمە ئۆگىرۇر. . ئى ئىغاچ
-تا
(110) تۆرۈمىش. . تۇش يىمشى -لەر
كەتىيۇر
(111) نەچە بار ئەرسەر ئى تارىغ. .
ئارتامادىن
(112) ئۇز بۇدەر. . كىم-لەر بىرۆك
كۈسەسەر. .
(113) ئەردىنى يىنچۇ ئەد تاۋار. . كۆ-
ڭۇل
(114) ئىيىن تاپىنچا. . كۈسۈش -
لەرى ترك
(115) قانار. . تىپ تىتى. . ئۆترۇ تۇ-
كەل
(116) بىلگە تگرى تگرد-سى بۇرخان
(117) ئۇل شرىكىنى قۇت تگرى قاتۇ-
نىن
(118) ئۆگە ئالقايۇ ئىنچا تىپ
(119) يرلىقادى. . ئەدگۈ ئەدگۈ سن
(120) شىرىكىند-ى-ا. . ئۆگرە ئا-
سۇز-تاقى
(121) ئەدگۈ قىلىنچىڭ-نىڭ تۇش-
ىن ئۇتلد-
(122) سىن ئۆيۈ ساقىنۇ يانتۇد سە-
ۋىنچ
(123) تاپىغ ئۇدۇغ قىلغۇ-قا ئۆتۈگ
(124) ئۆتۈنۈپ تىنلغ-لار-قا ئەدگۈ-
لۈگ بۇ
(125) نوم ئەردىنىگ كىڭۈرۈ ياتغۇ-
لۇق
(126) ئۇلۇغ بۇيان ئالغۇلۇق ئەرتىڭۇ
(127) كرگەكلىگ ئۆتۈگ ئۆتۈندۈڭ
تىپ
(128) يرلىقادى. . .

## تەرجىمە I

1. . . . . . . . (دېدى) .
2. ئالتۇن رەڭلىك، نۇرلۇق - يالتىراقلىق،
3. ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادشاھى ئاتلىق
4. نوم پۇتۇكتە، شىرىكنى ئاتلىق تەڭرى
5. خاتۇننىڭ ئۆتۈنۈشى ئاتلىق
6. ئون ئالتىنچى بۆلۈم. شۇ چاغدا
7. شىرىكنى ئاتلىق قۇت تەڭرى خا- تۇنى
8. ئولتۇرغان ئورنىدىن ئۆرە تۇرۇپ، تەڭرىلەر
9. تەڭرىسى بۇرخاننىڭ ئايىقىدا يۈكۈ- نۈپ
10. باش ئۇرۇپ، ئالقانلىرىنى جۈپ- لىگەن ھالدا
11. زور ھۆرمەت بىلەن مۇنداق دې- دى:
12. "نامى ئەڭ ئۇلۇغ، ھۆرمەتكە
13. سازاۋەر تەڭرىم، مەن ئەگەر تو- يىن

## تەرجىمە II

VIII. 8b. 512

(1) 16. ئالتۇن رەڭلىك، نۇرلۇق -يالتىراقلىق،

(2) ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادشاھى

(3) ئاتلىق نوم پۇتۇكتە، شىرىكنى

(4) ئاتلىق تەڭرى قىزىنىڭ ئۆتۈنۈشى

(5) 20. ناملىق ئون ئالتىنچى بۆ- لۈم.

(6) شۇ چاغدا، شىرىكنى ئاتلىق قۇت

(7) تەڭرى خاتۇنى ئولتۇرغان ئورنى- دىن

(8) ئۆرە تۇرۇپ، تەڭرىلەر تەڭرىسى

VIII. 9a. 513

(9) بۇرخان ئايىقىدا يۈكۈنۈپ باش

(10) ئۇرۇپ، ئالقانلىرىنى جۈپلىگەن ھالدا زور

(11) ھۆرمەت بىلەن مۇنداق دېدى:

(12) "نامى ئەڭ ئۇلۇغ، ھۆرمەتكە سازاۋەر

(13) 5. تەڭرىم، ئەگەر مەن تويىن، شامنانچ

(14) ئۇپاسى، ئۇپاسانچلارنىڭ بۇ گۆ- ھەر نومنى

(15) ئۆگەنگەنلىكىنى، (ئېسىدە) تۇتقانلىقىنى، ئوقۇغانلىقىنى،

(16) نوملىغانلىقىنى (تەپسىر قىل- غانلىقىنى)، كۆچۈرگەنلىكىنى، كۆچۈر- گۈزگەن-

(17) لىكىنى كۆرسەم، ئاندىن

(18) ئۇلارنى چىن كۆڭۈل بىلەن ھۆرمەتلەپ-

(19) قەدىرلەپ، (ئۇلارغا) تىۋىنىپ (ۋە ئۇلارنى) كۈتۈپ،

(20) يەيدىغان ئېشىنى، كىيىدىغان كىيىمىنى،

(21) ئولتۇرىدىغان ئورنىنى، ئورۇن - تۆشىكىنى،

(22) ئاغرىپ قالغان چاغدىكى دورى- سى - داۋاسىنى،

(23) ئۇندىن باشقا، يەنە قانداق ئېھ- تىياجلىق نەرسىسى (بولسا)

(24) بېرىپ، ئۆكسۈمەيدىغان، تو- لۇق - تۈگەل قىلد-

(25) مەن. كېچىسىمۇ

(26) كۆندۈزىمۇ بۇ گۆھەر
(27) نوم ئىچىدىكى پاتاكىلارنى-
(28) مەنىلەرنى تولۇق مۇلاھىزە قىد-
لىپ - ئويلاپ،
(29) بۇ چامبۇدىۋىپ (ئاتلىق) دۇن-
يادا
(30) (ئۇنى) كېڭەيتىپ -
تارقىتىپ، ئىلگىرىكى
(31) بۇرخانلار شاسىنىدا ئۇرۇق
چاچقان،
VIII. 9b. 514
(32) ساۋابلىق - ياخشى ئىشلارنى
قىلغان بەختلىك - تەلەيد-
(33) لىك جانلىقلارغا ئاڭلاتتۇرۇپ،
(ئۇ گۆھەر نومنى) تېزدىن
(34) يىتمەيدىغان - يوقالمايدىغان قىد-
لىپ،
(35) ئۇ بارلىق جانلىقلارنى ھېساب-
سىز - سانسىز
(36) ئازۇنلاردىن يۇزمىڭ كولتى
كالىپ
(37) زامانلارغىچە، يوقىرىدا تەڭرى
(38) يېرىدە، تۆۋەندە ئىنسانلار دۇن-
ياسىدا، خىلمۇ
(39) خىل، ياخشى، بىرىنچى (ئو-
رۇندىكى) ئىزگۈ شادلىقتىن
(40) بەھرىمەن بولىدىغان -
ھوزۇرلىنىدىغان، مۇقىم تۇرالغۇ (؟)،
(41) يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە بايا-
شات
(42) بولىدىغان، ئاچلىق -
قەھەتچىلىك ئازابىنى
(43) كۆرمەيدىغان ئىزگۈگە ئېرىشىد-
دىغان قىلىد-
(44) مەن، كېيىنكى (كەلگۈسى)
بۇرخانلار
(45) بىلەن ئۇچرىشىدىغان، ئۇچ يا-
مان يولدىكى
(46) ئاچچىق ئازاب - ئوقۇبەتلەردىن
قۇتۇلىدىغان (ۋە)
(47) ئەڭ ئاخىرىدا بۇرخان قۇتى

(بۇددالىق مەرتىۋىسى) نى تاپىد-
(48) دىغان نەتىجىگە - مۇكاپاتقا ئې-
رىشتۈر-
(49) گەيمەن. نېمە ئۈچۈن دې-
(50) سە، نامى ئەڭ ئۇلۇغ، ھۆرمەت-
كە
(51) سازاۋەر تەڭرىم، مەن ئويلايد-
(52) مەنكى، ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇزاق
- يىراق
(53) زاماندا، راتنا پۇسپى ئاتلىق
تەڭرىلەر
(54) تەڭرىسى بۇرخان شاسىنىدا مۇ-
كەممەللىككە
VIII. 10a. 515
(55) ئىگە بولۇپ، ياخشى يىلتىزلىق
(56) ئۇرۇق چاچتىم. ئۇ
(57) راتنا پۇسپى ئاتلىق تۇگەل
(58) دانا تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرخان
(59) ئۇلۇغ مېھرىبان كۆڭلى بىلەن
(60) ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ - شەپقەت
(61) قىلىپ، بۇرخانلارنىڭ ئۇلۇغ
(62) كۆچى بىلەن مېنى هازىر-
(63) غىچە، قايسى ئورۇنلارنى ئويد-
لىسام،
(64) قايسى تەرەپكە قارىسام، قايسى
(65) شەھەر - دۆلەتكە بارسام، شۇ
(66) ئورۇن، شۇ شەھەر (ۋە) شۇ
(67) دۆلەتلەردىكى بارلىق جانلىقلار
پەرزەنت-
(68) لىرىنى كېيىدىغان كىيىم، يەيد-
دىغان
(69) ئاش، جابدۇنىدىغان ئەتىۋارلىق
بۇيۇم-
(70) لاردىن ئالتۇن، كۇمۇش، ۋاي-
تۇرى،
(71) سابارىر، شىشىر، باتۇ، سىتا،
قۇبىق،
(72) چەچ قاش، ئۈنچە - مارجان قا-
تارلىق
(73) رەڭگارەڭ گۆھەرلەر بىلەن باي
-

(74) دۆلەتمەن قىلىدىغان زور كۈچ
-
(75) قۇدرەتكە ئېرىشتۇردى. شۇڭا،
(76) تەڭرىم، قايسى سۈزۈك (پاك)
، ساداقەتمەن
(77) كۆڭۈللۈك جانلىق بۇ ئالتۇن
VIII. 10b. 516
(78) رەڭلىك، نۇرلۇق -
يالتىراقلىق، ھەممىدىن
(79) ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشا-
ھى ئاتلىق گۆھەر
(80) نومنى ئوقىسا، سۆزلىسە،
(81) يەنە ھەر كۈنى خۇش
(82) پۇراق كۈجە كۆيدۈرۈپ، گۈل
- چېچەك
(83) چېچىپ، مەن ئۈچۈن ئۇ
(84) راتنا پۇسپى ئاتلىق تەڭرىلەر
تەڭرى-
(85) سى بۇرخانغا تېۋىنسا - خىزمەت
(86) قىلسا، يەنە ھەر كۈنى
(87) ئۈچ قاتا مېنىڭ ئېتىمنى
(88) ئاتاپ، خىلمۇ خىل (خۇش)
پۇراق
(89) كۈجە، گۈل - چېچەك، مېزىد-
لىك
(90) ئېسىل تاماق، ئىچىملىك بى-
لەن
(91) ماڭىمۇ تېۋىنسا - خىزمەت قىل-
سا،
(92) دائىم بۇ گۆھەر نومنى
(93) ئاڭلىسا، مۇنداق ساۋاب-
(94) نەتىجە تاپقاي" دەپ، ئاندىن
(95) شېئىر - قوشاق قېتىپ مۇنداق
(96) دېدى: "كىملەر ئەگەر تۇتسا
(97) بۇ گۆھەر نومنى مۇشۇنداق،
ئۆز
(98) تېنىنىڭ، راھىبلار جامائىتى-
نىڭ ئاجىزلى-
(99) شىشى يوقىلىدۇ. ئېھتىياجلىق
بولغان
(100) كىيىمى، تامىقى ھەر قانداق
چاغدا

(101) ئۆكسۈمەيدۇ، شان - شۆھرىتى
ئېشىپ،
(102) ئۆمرى ئۇزۇرايدۇ. يەر
(103) تەمى (لەززىتى) كۈچىيىپ،
دائىم - ھەمىد-
(104) شە ئارتىدۇ، شىپالىق يامغۇر
(ئۆز)
(105) مەزگىلىدە يېغىپ بېرىدىن تۆۋەنگە
تۆكىد-
(106) لىدۇ. بارلىق تەڭرىلەر جامائىد
-
(107) تىنىڭ ھەممىسى بىردەك سۆ-
يۈنىدۇ.
(108) ئورمانلىقلار (ۋە) يەل -
يېمىشلەر ئىلاھ-
(109) لىرىمۇ شادلىنىدۇ. مېۋىلىك
دەرەخلەردە
(110) بولغان يەل - يېمىشلەر ئوخ-
شايدۇ،
(111) قانچىلىك زىرائەت بولسا
(ھەممىسى) نابۇت بولماستىن
(112) ياخشى پىشىدۇ. ئەگەر كىمكى
(113) گۆھەر - ئۈنچە، مال - مۈلۈك
ئارزۇ قىلسا، كۆڭلى
(114) خالىغىنى بويىچە، ئارزۇسى
دەرھال
(115) قانىدۇ" ئاندىن كېيىن، تۆ-
گەل
(116) دانا تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرخان
(117) ئۇ شىرىكىنى قۇت تەڭرى خا-
تۇنىنى
(118) ماختاپ - مەدھىيىلەپ مۇنداق
(119) دېدى: "ئىزگۇ - ئىزگۇ، ئەي
(120) شىرىكىنى، سەن ئىلگىرىكى
ھاياتىڭدىكى
(121) ياخشى قىلمىشىڭنىڭ مېۋىسى-
نى - نەتىجە-
(122) سىنى ئويلاپ - ئەسلەپ، جاۋا-
بەن جانلىقلارنى) شاد - خورام (قىلىش
(123) ۋە ئۇلارغا) خىزمەت قىلىش
ئۈچۈن

uyghurkitap.com


(124) ئۆتۈنۈپ، جانلىقلارغا پايدىلىق (بولغان) بۇ
(125) گۆھەر نومنى كېڭەيتىپ - تارقىتىپ،
(126) زور ساۋاب ئالىدىغان ئىنتايىن
(127) (128) زۆرۈر سۆز قىلدىلىق".

I ئىزاھ (مەزكۇر ماقالىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىغا بېرىلگەن ئىزاھ):

①《Suvarnaprabha sottamā—sūtra》نىڭ خەنزۇچە 5 خىل تەرجىمە نۇسخىسى، (بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى 《佛光大辞典》 نەشرىياتى 1981 - يىل فوتو باسمىسىدە مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ:

1. 《金光明经》 (Svarnaprabhā sottama—sūtra)، 4 جىلد شىمالىي لياڭ دەۋرىدىكى راھىب كالان 昙无谶 (Dharmakśema) تەرجىمە قىلغان.

2. 《金光明帝王经》، 7 جىلد (ياكى 6 جىلد)، جەنۇبىي سۇلالىلەردىن لياڭ، چېن سۇلالىلىرىنىڭ راھىب كالانى 真谛 (Paramārtha) تەرجىمە قىلغان.

3. 《金光明更广大辩才陀罗尼经》 5 جىلد، شىمالىي جۇ دەۋرىدىكى راھىب كالان 耶舍倔多 (Yaśasgupta) تەرجىمە قىلغان (يەنە 阇那崛多 — Jñānagupta تەرجىمە قىلغان دېگۈچىلەرمۇ بار).

4. 《合部金光明经》، 8 جىلد، سۇي سۇلالىسى راھىب كالانى 宝贵 (باۋگۈي) قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇپ تۈزگەن.

5. (Suvarna—bhasa—uttamarāja sūtra) 《金光明最胜王经》 «مىڭ مەتبەئە نۇسخا» دا، «ئالتۇن يارۇق» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تولۇق ئاتىلىشى يەنە مۇنداق دەپمۇ كۆرسىتىلگەن: «ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالترىقلىغ قويدا كۆترۈلمىش نوم ئىلىگى سۇتۇر» (P86. Ⅱ. 26b. <19>—<21>).

بۇ يەردە بىر مەسىلىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈر، 1996 - يىلى، گېرمانىيىلىك ئالىم پېتېر تسىمې «ئالتۇن يارۇق سۇدۇر» نىڭ كىرىش سۆزىنىڭ 1 - بۆلۈمىنى ئېلان قىلغان. قارالسۇن:

**Peter Zieme, Altun Yaruq Sudur. Vorworte und das erste Buch. Edition und Übersetzung der alttürkischen Version des Goldglanz sūtra (Suvarnaprabhā sottama sūtra), Turnhout** 1996 **(Berliner Turfan texte** XⅧ **)**

«بېرلىن تۇرپان تېكىستلىرى» XⅧ دە، «ئالتۇن يارۇق سۇدۇر» دېيىلگىنىگە ۋە سانسكرىتچە ئاتىلىشىنىڭ ئەسكەرتىلىشىگە قارىغاندا، پېتېر تسىمې ئەپەندى بۇ يەردە مەزكۇر بۇددىزم دەستۇرىنىڭ خەنزۇچە 1 - خىل تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ قەدىمكى تۈركچە (ئۇيغۇرچە) تەرجىمە نۇسخىسى ئۈستىدە توختالغاندەك قىلىدۇ. بىز ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى ماقالىسىنى ھازىرچە تاپالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، قىسقىچە ئۇچۇر بېرىپلا قويدۇق.

② «مىڭ مەتبەئە نۇسخا» دا (Ⅳ. 47a)، 343 - بەت، 2 — 17 - قۇرلاردا) ۋە مۈللېرنىڭ 1908 - يىلى «ئۇيگۇرىكا» دا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدا (13 - ، 14 - بەتلەردە) تۆۋەندىكى جۈملىلەر بار:

"يمە قۇتلۇغ ئۆڭدۈن ئۇلۇغ تاۋغاچ ئىلىنتە تايشىڭ سۆشىڭ ئالقۇ شاستىر - لارىغ نوم - لارىغ قالىسىز ئۆتكۈرمىش بۇدىستۋ گىتسو سامتسو ئاتلىغ ئاچارى ئەنەتكەك تىلنتىن تاۋغاچ تىلىنچە ئەۋىرمىش - تەيانا بۇ بىش چۆبدىك كەلىيۈك بولغانيۇق ياۋىز ئۈدتە قولۇتا كىنكى بوشغۇتلۇغ بىش - بالىقلىغ سىڭقو سەلى تۇتۇڭ تاۋغاچ تىلىنتىن تۈرك - ئۇيغۇر تىلىنچە ئىكىلەيۇئەۋىرمىش ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالترىق - لىغ قويدا كۆترۈلمىش نوم ئىلىگى ئاتلىغ نوم بىتىگ بىتىيۇ ئوقىيۇ ياتىلىدى . ساتو ئەدگۈ . يمە قۇتلۇغ بولسۇن". (يەنە قۇتلۇغ شەرقتىكى ئۇلۇغ تاۋغاچ ئېلىدە ‹جۇڭگودا›، ماھايانا ۋە ھەنايانانىڭ بارلىق شاستىرلىرىنى، نوملىرىنى ‹سۇترالىرىنى› پۈتۈنلەي ئېنىق بىلگەن بودىساتۋا گىتسوسامتسو (ئۈچ خەزىنىلىك يېجىڭ) ئاتلىق ئۇستاز ئەنەتكەك (ھىندى)

تىلىدىن تاۋغاچ (خەنزۇ) تىلىغا تەرجىمە
قىلغان، (كېيىن) يەنە، بۇ بەش (خىل)
پاسكىنچىلىق كېلىپ بولغانغان زاماندا،
كېيىن ئۆگەنگەن بېشبالىقلىق سىڭقو سەلى
تۇتۇڭ تاۋغاچ (خەنزۇ) تىلىدىن تۈرك -
ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن
رەڭلىك، نۇرلۇق - يالتىراقلىق ھەممىدىن
ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم
پۈتۈك» كۆچۈرۈلۈپ (ۋە) ئوقۇلۇپ كېڭەيـ
تىلدى. ئىزگۈ - ئىزگۈ، يەنە قۇتلۇغ بولـ
سۇن!).

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئەسلى تېكىستىـ
دە، س تاۋۇشى بىلەن ش تاۋۇشى پەرقلەنـ
دۈرۈلمەي، س ھەرپى بىلەنلا يېزىلغانلىقى
ئۈچۈن، بىز تەرجىماننىڭ دىنىي نامىنى
سىڭقو سەلى (ياكى شىڭقو شەلى) دەپ
ترانسكرىپسىيە قىلساقمۇ بولىدۇ. گ. خاـ
زاي 1975 - يىلى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىـ
دىكى ياغاچ باسما كىتابنىڭ كەمتۈك ۋاراقـ
لىرى» **(Georg Hazai“ Fragmente eines uigurischen Blockdruck—Faltbuches”,** **AoF** 3 ,1975) دېگەن ماقالىسىنى ئېلان
قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆرسىتىلىشىچە،
ئۇ كەمتۈك ۋاراقلاردا سىڭقو سەلى دېگەن
نامغا 胜光法师 دەپ خەنزۇچە ئەسكەرتىش
بېرىلگەن. دېمەك، سىڭقو (ياكى شىڭقو)
خەنزۇچە 胜光 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. سەـ
لى (ياكى شەلى) بولسا، 法师 نىڭ سانسىـ
كرىتچە ئەسلى ئاتالغۇسى **Dharmācārya**
نىڭ قىسقارتىلمىسى **Ācārya** نىڭ خەنزۇچە
ئاھاڭ تەرجىمىسى 阿阇梨 نىڭ قىسقارتىـ
لىپ ئاتىلىشى بولغان 阇梨 دىن كەلگەن
**(J. R. Hamilton, “Les titres šäli et tutung en ouigour”, Journal Asiatique** 272:3/4,1984: قارالسۇن). تۇرپاندىكى
قەدىمكى يەر نامى سىڭگىم، خەنزۇچە 胜金
نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ھازىرغىچە
”شىڭگىم“ دېيىلمەي سىڭگىم دەپ ئاتىلىپ
كېلىۋاتىدۇ. بىز شۇنىڭغا ئاساسەن، تەرجىـ
ماننىڭ نامىنى سىڭقو سەلى دەپ ئالدۇق.
ئەلۋەتتە، شىڭقو شەلى دەپ ئالساقمۇ بولىـ
دۇ. ئەمدى سىڭقو سەلى دېگەن نامنىڭ ئارـ
قىسىدىكى ”تۇتۇڭ“ ئاتالغۇسىغا كەلسەك،
ئۇ خەنزۇچە 都统 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى
ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرى بۇ ئاتالغۇ ھەربىي
ئەمەل نامى ياكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەمەل ناـ
مى دەپ قارالغان (مەسىلەن، «سىخەي»
دىمۇ 都统 نىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە ھەربىي
ئەمەل نامى ياكى جايلاردىكى ئاز سانلىق
مىللەتلەر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەمەل نامى ئىـ
كەنلىكى كۆرسىتىلگەن).

1984 - يىلى، **Hamilton** ئەپەندى يۇـ
قىرىدىكى ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، دۇنـ
خۇاڭدىن تېپىلغان **S.** 6551 نومۇرلۇق خەنـ
زۇچە قولىيازمىدىكى 都统 ، 僧统 دېگەن
ئاتالغۇلارنىڭ 都僧统 نىڭ قىسقارتىلىپ يېـ
زىلىشى ئىكەنلىكىنى، دۇنخۇاڭدىن تېپىلـ
غان 9 — 10 - ئەسىرلەرگە تەۋە خەنزۇچە
ھۆججەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، 都僧统
مەلۇم بىر ئالاھىدە بەلگىلەنگەن جاي ياكى
بۇددا دىنى گۇرۇھىنىڭ ئەڭ ئالى باشلىقىنى
كۆرسىتىدىغانلىقىنى شەرھىلىدى.

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ تەرجىمە قىلىنـ
غان دەۋرى توغرىلىق بىرنەچچە خىل كۆز
قاراش بار: (1) رادلوف، مالوۋلار «مىخ
مەتبەئە نۇسخا» غا يازغان كىرىش سۆزىدە،
13 ~ 14 - ئەسىرلەردە تەرجىمە قىلىنغان
دەپ ھېسابلىغان. بىراق، ئۇنىڭ تىلىنىڭ
ۋە گراماتىكىسىنىڭ 8 — 9 - ئەسىرلەرگە
تەۋە بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە مانى دىنىي
ھۆججەتلىرىنىڭكىگە ئوخشايدىغانلىقىنىمۇ
ئېتىراپ قىلغان. (2) پېتېرتسىمې 1976 -
يىلى 《**Turcologica**》(تۈركولوگىيە) ژۇرـ
نىلىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە، 10 - ئەـ
سىردە تەرجىمە قىلىنغان دەپ ھېسابلىغان.
ھازىرمۇ شۇ كۆز قاراش ئاساسلىقراق ئوـ
رۇندا تۇرماقتا.

③ ۋېنشۇگوۋ: خەنزۇچە 文殊沟 دەپ
يېزىلىدۇ. 文殊 بولسا، جۇڭگو بۇددىزمىـ
دىكى 4 چوڭ بودىساتۋانىڭ بىرى ھېسابلانـ
غان **Manjuśri** (سانسكرىتچە 文殊师利
نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى) نىڭ نامىنىڭ قىسـ
قارتىلىپ ئاتىلىشى. دېمەك، ۋېنشۇگو
”مانجۇشرى جىلغىسى“ دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

④ قارالسۇن: تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى: «بېزەكلىك مىڭئۆي خارابىسىنى تازىلاشتىن قىسقىچە خاتىرە»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلار» خەنزۇچە، 1985 - يىل 8 - سان.

⑤ قارالسۇن: گېڭ شىمىن «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق› نىڭ IX جىلد «‹ئۇداكا نىساندى ئوغۇلنىڭ ئىشلىرىنى ئۇقتۇرماق ئاتلىق بۆلۇم› ئۇستىدە تەتقىقات»، «تۈركىي تىللار ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى» (خەنزۇچە)، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 1996 - يىل.

⑥ بۇ نام ئەسلى تېكىستتە ساقلىنىپ قالالمىغان. ئۇنى بىز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ مۇشۇنداق ئالدۇق.

⑦ ھەر بىر بۆلۈمنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نامىدىن كېيىن (  ) بەلگىسى ئىچىدە بېرىلگەن خەنزۇچە خەتلەر، شۇ بۆلۈمنىڭ خەنزۇچە نامىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سان ۋە سان بىلەن بىللە بېرىلگەن ھەرپلەر، «ئالتۇن يارۇق» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىدە تىزدۇرۇلغان نۇسخىسىنىڭ بەت نومۇرى، جىلد نومۇرى ۋە شۇ جىلد ئىچىدىكى ... نچى ۋارىقىنىڭ ئالدى (a) ياكى كەينى (b) بېتى ۋە شۇ بۆلۈمنىڭ نامى يېزىلغان قۇرلارنىڭ نومۇرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: $P_{30}$← 30 بەت، I ← بىرىنچى جىلد، 16b ← 16 - ۋاراقنىڭ كەينى بېتى، (16، - 17،) ← 16 — 17 - قۇرلار.

⑧ بۇ بۆلۈمنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نامىنى ئۇنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشىغا ۋە ئەسلى تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسەن، مۇشۇنداق ئەسلىگە كەلتۈردۇق.

⑨ بۇ بۆلۈمنىڭ 1 - ۋارىقى يوقالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ نامى ساقلىنىپ قالالمىغان بولسىمۇ، بىراق، مۇئەللىپ 1908 - يىلى ئېلان قىلغان ماقالىسىدە، «ئالتۇن يارۇق» نىڭ گېرمانىيىدە ساقلانغان ۋاراقلىرىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئالغان.

Ⅱ ئىزاھ (مەزكۇر ئىزاھ ترانسكرىپسىيە I ۋە Ⅱ دىكى ئىزاھلاشقا تېگىشلىك سۆز - ئاتالغۇلار يېزىلغان قۇرلار نومۇرى بويىچە بېرىلدى):

4. شىرىكنىي: سانسكرىتچە **śrikanya** دېيىلىدۇ. خەنزۇچە تېكىستتە 吉祥天女 دېيىلگەن بولۇپ، سانسكرىتچە **śri—mahā—devi** دەپ ئاتىلىدۇ. **śrikanya** دىكى **śri** "خەيرلىك، قۇتلۇق" دېگەن مەنىدە بولغاچقا، خەنزۇچە 吉祥 دەپ تەرجىمە قىلىنغان. **kanyā** بولسا، ئون ئىككى يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ 6 - سىنى كۆرسىتىدۇ (خەنزۇچىدا 女宫 دېيىلىدۇ). شىرىكنىي ئەسلىدە ھىندى ئەپسانىسىدىكى بىر ئىلاھ بولۇپ، كېيىن بۇددا دىنىنىڭ دھارمانى قوغدىغۇچى ئىلاھ ھېسابلانغان. ئۇ بەخت ۋە ھىممەت ئاتا قىلغۇچى ئايال ئىلاھ دەپ قارالغان. 吉祥天女 قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا "شىرىكنىي ئاتلىغ تەڭرى قاتۇنى (ياكى قىزى)" دەپ تەرجىمە قىلىنغان. (117) قۇردىكى "قۇت تڭرى قاتۇنى" نى شىرىكنىي ياكى 吉祥天女 نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە مەنەن تەرجىمىسى ھېسابلىنىدۇ.

12. ئاتى كۆترۈلمىش: خەنزۇچىدا 世尊 دېيىلگەن سانسكرىتچىدە **lokanātha** دېيىلىدۇ. ئۇ ساكيامۇنىنىڭ 10 تۈرلۈك ھۆرمەت نامىنىڭ بىرى. 世尊 نىڭ مەنىسى «بارلىق ئالەملەردە ھۆرمەتلەنگەن» بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا «ئاتى كۆترۈلمىش» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بىز تەرجىمىدە «نامى ئەڭ ئۇلۇغ» دەپ ئالدۇق. بۇ ئاتالغۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى مەنا جەھەتتىن، ساكيامۇنىنىڭ 10 تۈرلۈك ھۆرمەت نامىنىڭ يەنە بىرى ھېسابلانغان 无上士 (سانسكرىتچىدا **Anuttara** دېيىلىدۇ) غا يېقىن كېلىدۇ ("ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغۇچى، تەڭداشسىز" دېگەن مەنىدە).

13. توين: خەنزۇچە 道人 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. ئۇ بۇددىزم تەرىقىتى بويىچە تەربىيىلەنگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سانسكرىتچىدىكى **bhikṣu** (بىكشۇ) غا توغرا

كېلىدۇ. چۈنكى خەنزۇچە تېكىستتە 道人 دېيىلمەي، bhikṣu (比丘 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى) دەپ يېزىلغان. بىكسۇ دەرۋىشلىككە قەدەم قويغان ۋە پەرھىز تۇتقان ئەر راھىبلارنى كۆرسىتىدۇ.

(13) شامىنانچ: سوغدىچە ئاتالغۇ smn'nc دىن كەلگەن بولۇپ، سانسكرىتچەدىكى bhikṣuṇi (بىكسۇنى) بىلەن مەنىداش ياكى بىكسۇنىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، خەنزۇچە تېكىستتىكى bhikṣuni (比丘尼 ئاھاڭ تەرجىمىسى) قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا شامىنانچ ئېلىنغان. بىكسۇنى پەرھىز تۇتقان ئايال راھىبلارنى كۆرسىتىدۇ.

(14) ئۇپاسى ئۇپاسانچ: ئۇپاسى سوغدىچە wp'sy ('wp'sy بولسا سانسكرىتچە upasaka دىن) كەلگەن. ئۇپاسى «ئۈچ گۆھەر» (بۇددا، بۇددا دىنى ۋە راھىبلار) گە ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە 5 خىل پەرھىزنى قوبۇل قىلغان ئەر مۇرىتلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇپاسانچ سوغدىچە wp's'nc' ('wp's'nc دىن بولسا سانسكرىتچە upasika دىن) كەلگەن. ئۇپاسانچ «ئۈچ گۆھەر» گە ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە 5 خىل پەرھىزنى قوبۇل قىلغان ئايال مۇرىتلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى ئاتالغۇ خەنزۇچە تېكىستتە 邬波索加 ۋە 邬波斯加 دېيىلگەن بولۇپ، سانسكرىتچىسىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر.

(15) بوشغۇنمىش تۇتمىش (ئۆگەنگەن، ئېسىدە تۇتقان): خەنزۇچە تېكىستتە 受持 (سانسكرىتچە udgrahaṇa نىڭ مەنەن تەرجىمىسى) دېيىلگەن. بۇ ئاتالغۇ "كۆڭلىدە قوبۇل قىلغان، ياد ئېلىپ ئۇنتۇمايدىغان" دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە "گۆھەر نوم" «ئالتۇن يارۇق» نى ئۆگىنىپ ئېسىدە تۇتۇشقا قارىتىلغان.

(27) (28) پاتاكلاردىن يۆرۈگلەردىن (پاتاكلارنى - مەنىلەرنى): پاتاك خەنزۇچە تېكىستتە 句义 (سانسكرىتچە padārtha نىڭ مەنەن تەرجىمىسى) دېيىلگەن بولۇپ، بۇددا نوملىرىنىڭ مەنىسىنى ياكى بۇددىزم ئەقىدىسىنى جۈملىمۇ جۈملە شەرھىلەشنى كۆرسىتىدۇ. پاتاك ئاھاڭ جەھەتتىن سانسكرىتچە padakāya (خەنزۇچە 句身 دەپ تەرجىمە قىلىنغان) غا توغرا كېلىدۇ. يۆرۈگ "مەنە" دېگەنلىك بولۇپ، بۇ يەردە پاتاك بىلەن مەنىداش بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددىزم ئاتالغۇسىنى كۆرسىتىدۇ.

(29) جامبۇدۋىپ: خەنزۇچە تېكىستتە 赡部洲 دەپ ئاھاڭ تەرجىمە بىلەن مەنەن تەرجىمە بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېلىنغان. سانسكرىتچىدە Jambu — dvīpa دېيىلىدۇ. Jambu بىر خىل دەرەخنىڭ نامى، " dvīpa زېمىن" مەنىسىدە بولۇپ، ئەسلى مەنىسى «جامبۇ دەرىخى چىقىدىغان زېمىن». بۇددا دىنىدا، جامبۇدۋىپ سۇمېرۇ تېغى (بۇ تاغ ئەسلىدە ھىندى ئەپسانىسىدىكى بىر تاغ بولۇپ، بۇددىزم ئالەم قارىشى ئۇنى بىر كىچىك دۇنيانىڭ مەركىزىدىكى تاغ ھېسابلايدۇ) نىڭ ئەتراپىدىكى 4 زېمىن ئىچىدىكى جەنۇبىي زېمىن ھېسابلىنىدۇ. جامبۇدۋىپ ئەسلىدە ھىندى زېمىنىنى كۆرسەتكەن بولسا، كېيىن ئىنسانلار دۇنياسىنى كۆرسىتىدىغان بولغان.

(30) (31) ئۆڭرەكى بۇرخانلار (ئىلگىرىكى بۇرخانلار): ماھايانا بۇددىزمى "ئۈچ زامان (ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان، كەلگۈسى زامان)، ئون تەرەپ (شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب، شەرقىي شىمال، شەرقىي جەنۇب، غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب، ئۈست، ئاست تەرەپلەر) -تە، ھەممە يەردە بۇددا (بۇرخان) مەۋجۇت، ئۇلارنىڭ سانى گانگ دەرياسىدىكى قۇمنىڭكىدەك" دەپ قارايدۇ. خەنزۇچە تېكىستتە 无量百千佛 دېيىلگەن بولسىمۇ، تەرجىمان جۈملىنىڭ ئورامىغا ئاساسەن يۇقىرىقىدەك تەرجىمە قىلغان.

(31) شاسىن: توخرىچە śasiñ «سانسكرىتچە śāsana» دىن كەلگەن. بۇددا يارلىقى، بۇددا تەلىماتى ياكى بۇددىزم ئەقىدىسى دېگەن مەنىدە. خەنزۇچە تېكىستتە بۇ ئاتالغۇنىڭ خەنزۇچىسى كۆرۈلمەيدۇ.

(31) ئۇرۇغ ساچىمىش (ئۇرۇق چاچماق): خەنزۇچە تېكىستتىكى 种 غا توغرا

www.uyghurkitap.com

كېلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ بۇددىزم ئەقىدىسىنى
ئەۋج ئالدۇرۇش ياكى كېڭەيتىشنى بىلدۈر-
دۇ.

(32) بۇيان ئەتگۈ قىلىنچ قىلمىش
(ساۋابلىق - ياخشى ئىش قىلغان) : خەنزۇ-
چە تېكىستتىكى 善根 يۇقىرىقىدەك تەرجىمە
قىلىنغان. 善根 بەدەن (ئاساسلىقى قول ۋە
پۇت) ، ئېغىز (تىل ياكى گەپ - سۆز) ۋە
بىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق بولىدىغان ئىز-
گۈلۈك ۋە بۇ ئىزگۈلۈكتىن ھاسىل بولىدى-
غان ياخشى نەتىجىلەر، يېخى ئىزگۈلۈكلەر-
نى كۆرسىتىدۇ.

(33) تىنىلىغلار (جانلىقلار) : خەن-
زۇچە تېكىستتە 有情 دېيىلگەن بولۇپ،
سانسكرىتچە **sattva** نىڭ مەنەن تەرجىمە-
سى، يەنە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 众生 ئادەم ۋە
باشقا بارلىق جانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

(35) ~ (37) ئۇلگۈزۈر سانسىز
ئازۇنلارتا يۈزمىڭ كولتى كالپ ئۆتلەركە
تەگى (ھېسابسىز - سانسىز ئازۇنلاردىن يۈز-
مىڭ كولتى كالپ زامانلارغىچە) : خەنزۇچە
تېكىستتە 于无量百千亿劫 دېيىلگەن بو-
لۇپ، "ئازۇن"غا توغرا كېلىدىغان سۆز
يوق. "ئازۇن" سوغدىچە **zwn**"دىن كەلگەن
بولۇپ، مەنىسى "مەۋجۇدىيەت، پەرزەنت،
ھايات، جانلىقلار". يەنە «دۇنيا، پەلەك،
ئالەم» مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. بۇ يەردە بۇ
ئاتالغۇ "ئالەم" مەنىسىدە كەلگەن.
"ھېسابسىز - سانسىز ئازۇن (ئالەم)"
بۇددىزم ئاتالغۇسى "ئۈچ مىڭ ئۇلۇغ مىڭ
ئالەم" (三千大千世界) دىكى ئۇلۇغ
مىڭ ئالەم (ئۇنىڭ سانى 1 مىليارد دەپ
ھېسابلىنىدۇ. ھەربىر ئۇلۇغ مىڭ ئالەم
بولسا، بىر بۇددانىڭ دەپ قارىلىدۇ) نى
كۆرسەتسە كېرەك. "كولتى" سانسكرىتچە
**koṭi** دىن كەلگەن بولۇپ، خەنزۇچە 亿 دەپ
مەنەن تەرجىمە قىلىنغان. "كولتى" (**koṭi**)
گە بېرىلگەن تەبىرلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ
①"يۈزمىڭ، ② بىر مىليون، ③ ئون مىل-
يون، ④ يۈز مىليون" دەپ 4 خىل چۈشەن-
دۈرۈلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستتە "
يۈزمىڭ كولتى" دېيىلگىنىگە قارىغاندا،
خەنزۇچە تېكىستتىكى 亿 يۇقىرىدىكى (1)
خىل چۈشەندۈرۈشنى ئاساس قىلىپ "
يۈزمىڭ" دەپ تەرجىمە قىلىنغان، شۇنداقلا
"كولتى" دېگەن سانسكرىتچىدىن كەلگەن
ئاتىلىشى بىلەنمۇ ئىزاھلانغان. "كالپ"
سانسكرىتچە **kalpa** دىن كەلگەن. خەنزۇچە
تېكىستتە 劫 (**kalpa** نىڭ ئاھاڭ تەرجىمە-
سىنىڭ قىسقارتىلمىسى) دېيىلگەن. **kalpa**
ئەسلىدە قەدىمكى ھىندى براھمان دىنىنىڭ
ئەڭ زور ۋاقىت چېكى بىرلىكى بولۇپ،
كېيىن بۇددا دىنىدىمۇ قوللىنىلغان ۋە ۋا-
قىت قارىشىنىڭ ئاساسى قىلىنغان. ئۇ ئىن-
تايىن ئۇزۇن دەۋر ياكى زاماننى بىلدۈر-
دۇ. بۇ ھەقتىكى چۈشەندۈرۈشلەر ناھايىتى
كۆپ بولۇپ، «دىنلار لۇغىتى» (شاڭخەي
لۇغەت نەشرىياتى، 1981 - يىل) نىڭ 484
- بېتىگە قارالسۇن.

(40) تۇس تام (مۇقىم تۇرالغۇ (؟)
: تۇس (~تۇز) سۆزى "تۇز، تەكشى،
مۇقىم" دېگەن مەنىدە، تام بولسا "تام،
قەلئە، ئۆي (كۆچمە مەنىدە)" دېگەن مەنىدە
بولۇپ، تەرجىمىدە "مۇقىم تۇرالغۇ (؟)
"دەپ ئېلىنىدى. بىراق ئۇنىڭغا توغرا كېلى-
دىغان سۆز خەنزۇچە تېكىستتە يوق. خەن-
زۇچە تېكىستتە 常得丰稔 دېگەن جۈملە
قەدىمكى ئۇيغۇرچىگە "تۇس تام يىم ئىچىم
ئۈزە باي مەڭىلىگ بولغۇلۇق" تەرجىمە قى-
لىنغان بولۇپ، (40) ~ (42) - قۇرلار-
غا قارالسۇن) ، "بولغۇلۇق" 得 نىڭ، "يىم
ئىچىم ئۈزە باي مەڭىلىگ 丰稔 " نىڭ تەر-
جىمىسى ھېسابلىنىدۇ. قارىماققا، 常 نىڭ
تەرجىمىسى "تۇس تام" دەك قىلسىمۇ، ئە-
مەلىيەتتە ئۇ 常 (ھەمىشە، دائىم) نىڭ تەر-
جىمىسى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، (35)
~ (37) قۇرلاردا "مەن"نىڭ ياخشى ئىش
قىلىدىغان ۋاقتىنىڭ مەڭگۈ ئىكەنلىكى ئەس-
كەرتىلىپ بولغاچقا، تۆۋەندىكى قۇرلاردا يە-
نە "مەڭگۈ، دائىم" دېگەنلەرنى ئەسكەرتىش-
نىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئۇلارنىڭ ئەسكەر-
تىلمىگەنلىكى، تەرجىمانىنىڭ ئانا تىل سەۋ-
يىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى ۋە ئانا تىل
قائىدىسىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدىغانلىقى-

نى، شۇڭا ئۇنىڭ تەرجىمىسى ئۆلۈك تەرجىمە بولماي، خەنزۇچە سۆزلەرنىڭ مەنىسى ناھايىتى تولۇق چۈشەندۈرۈلگەن، جانلىق تەرجىمە بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمدى ”تۈس تام“ دېگەن سۆزگە كەلسەك، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا، ئۆ بىلەن ئۇ پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ، تېكىستتە س بىلەن ش ھەرپلىرىمۇ پەرقلەندۈرۈلمىگەن، شۇڭا ”تۈس“ (~تۈز) نى يەنە ”تۈش“ (Ⅰ مېۋە، ھوسۇل، نەتىجە. Ⅱ چۈش (ۋاقتى). Ⅲ چۈش ‹كۆرمەك›)، ”تۆش“ (تۆش، كۆكرەك)، ”تۆس“ (~تۆز: يىلتىز، ئاساس، مەنبە) دەپ؛ ”تام“نى يەنە ”تەم“ (غورو، تاقاق)، ”تەم“ (~تىم: شاراپ تولغان تۇلۇم؛ مەيخانىچى) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن، ”تۈس تام“نى ”تۈش تەم (~تىم)“ دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىپ، ئۇنى ”مېۋە ۋە شاراپ تولغان تۇلۇم“ دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولسىمۇ، بىراق بۇددا دىنىدا ھاراق ئىچىش مەنئى قىلىنىدىغانلىقى، شۇنداقلا ھاراق ئىچىش تەرغىب قىلىنمايدىغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇنداق قىلمىدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، ”تۈس تام“نى ”تۈش تام“ دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىپ، ئۇنى ”ھوسۇل ئۆيى“ (ياكى ”ئاشلىق ئامبىرى“)، ”مېۋە ئۆيى“ (ياكى ”مېۋىلىك باغ“) دەپ چۈشەندۈرىدىغانغا ئاساسىمىز ئاجىزلىق قىلىدۇ.

(44) كىنكى بۇرخانلار (كېيىنكى ‹كەلگۈسى› بۇرخانلار): ئىزاھ (30) (31) - گە قارالسۇن.

(45) (46) ئۈچ ياۋلاق يولتاقى ئاچىغ تارقا ئەمگەكلەر (ئۈچ يامان يولدىكى ئاچچىق ئازاب - ئوقۇبەتلەر): خەنزۇچە تېكىستتە 三途轮回苦难 دېيىلگەن. 三途 (ئۈچ ياۋلاق يول) يەنە 三恶道,三恶趣, 三涂,三恶 دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سانسكرىتچە tṛidusgati دېيىلىدۇ. ”ئۈچ ياۋلاق يول“ بۇددا دىنىنىڭ سەۋەب - نەتىجە، سانسار ئەقىدىلىرىدىن بولۇپ، جانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ يامان ئىشلىرىغا (گۇناھلىرىغا) ئاساسەن، ①دوزاخ يولىغا، ② ئاچ ئەرۋاھ يولىغا، ③ ھايۋانات يولىغا چۈشىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. 轮回: سانسكرىتچە Samsāra نىڭ مەنەن تەرجىمىسى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددىزم ئەسەرلىرىدە ”سانسار“ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ”ئايلىنىش“ دېگەن مەنىدە بولۇپ، جانلىقلارنىڭ تۇغۇلۇپ يەنە ئۆلىدىغانلىقى، ئۆلۈپ يەنە تۇغۇلىدىغانلىقى، ھايات - ماماتلىقنىڭ توختىماي ئايلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ”سانسار“ ئەسلىدە براھمان دىنىنىڭ مۇھىم ئەقىدىلىرىدىن بولۇپ، كېيىن بۇددا دىنى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ۋە ئۇنىڭغا براھمان دىنىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان تەبىر بەرگەن. ”ئۈچ ياۋلاق يول“ بۇددا دىنىنىڭ سەۋەب -نەتىجە ۋە سانسار ئەقىدىلىرىدىن بولغاچقا، تەرجىمان خەنزۇچە تېكىستتىكى 轮回 ئاتالغۇسىنى تەرجىمە قىلمىغان بولسا كېرەك. ”ئاچىغ تارقا ئەمگەك“ 苦难 نىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ”ئۈچ ياۋلاق يول“دىكى ”ئاچچىق ئازاب - ئوقۇبەتلەر“نى كۆرسىتىدۇ.

(47) (48) ئاڭ كىنىنتە بۇرخان قۇتىن بۇلغۇلۇق (ئەڭ ئاخىرىدا بۇرخان قۇتىنى تاپىدىغان): خەنزۇچە تېكىستتە 速证无上大菩提果 دېيىلگەن. 速 قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ”تەرك، تەركىن، تېز، دەرھال“ دېيىلەتتى. لېكىن بۇ يەردە ”ئەڭ كىنىنتە“ (ئەڭ ئاخىرىدا) دەپ ئېلىنغان. بۇنىڭدا، جانلىقلارنىڭ ھەممە شەرتلەرنى ھازىرلىغاندىن كېيىنلا بۇرخان قۇتىغا (بۇددالىق مەرتىۋىسىگە) ئېرىشەلەيدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان. چۈنكى، بۇددالىق مەرتىۋىسىگە تېز يېتىش ئۈچۈن، يەنىلا ئالدى بىلەن بارلىق شەرتلەرنى ھازىرلاشقا توغرا كېلىدۇ. 证 سانسكرىتچە adhigama نىڭ مەنەن تەرجىمىسى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدە ”بۇلغۇلۇق“ (ئېرىشىدىغان، تاپىدىغان) دەپ ئېلىنغان. ئۇ، ھەقىقىي ئەقىدىنى، يەنى بۇددا چۈشەندۈرگەن دىنىي ئەقىدىنى ئەينەن ئۆگىنىپ، بۇددىزم ھەقىقىتىنى چۈشىنىشنى ياكى ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ”无上大菩提

www.uyghurkitap.com

تەڭداشسىز ئۇلۇغ ئەقىل - پاراسەت“ دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇنداق ئەقىل - پاراسەت پەقەت بۇددادىلا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە 无上 (سانسكرىتچە Anuttara ) ساكيامۇنىنىڭ ئون ئۇلۇغ نامىنىڭ يەتتىنچىسى بولۇپ، 大菩提 (سانسكرىتچە **Maha bodhi** ) دېيىلىدۇ، ساكيامۇنىنىڭ ئون ئۇلۇغ نامىنىڭ ئۈچىنچىسى بولغان Samyakasam bodhi ( 正遍知 ) نى كۆرسىتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، سىڭقۇ سەلى نى 无上大菩提 ئىخچام ھالدا ”بۇرخان 无上大菩提果 “ نى ”بۇرخان قۇتى“ دەپ تەرجىمە قىلغان. ” بۇرخان قۇتى (佛位, 佛果) “ بۇددالىق مەرتىۋىسىنى ياكى بۇددىغا ئايلانغانلىقنى كۆرسىتىدۇ.

(53) راتنا پۇسپى: سانسكرىتچە **Ratna—puṣpa** دىن كەلگەن، خەنزۇچە تېكىستتە 宝花 دەپ مەنەن تەرجىمە قىلىنغان، بىر بۇرخان (بۇددا) نىڭ نامى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ بۇرخان تۆرەلگەندە، ئۇنىڭ ھەممە ئەتراپىدا خىلمۇ خىل، رەڭدار گۈللەرنۇر چېچىپ تۇرغانمىش. بۇ بۇرخان خەنزۇچىدە 宝花佛 ياكى 宝花太子 دەپ ئاتىلىدۇ. خەنزۇچە تېكىستتىكى 宝花 نىڭ ئالدىدىكى 琉璃金山 دېگەن سۆزلەر بىلەن، 宝花 بىلەن 具足 دېگەن سۆز ئارىلىقىدىكى 光照吉祥功德海如来应正等觉十号 دېگەن سۆزلەر تەرجىمە قىلىنمىغان ياكى بۇددانىڭ سۈپىتىنى تەرىپلەيدىغان بۇ سۆزلەر ”تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان“ دېگەن سۆزلەرگە يىغىنچاقلانغان.

(54)(55) تۇش تولۇن بول - (مۇكەممەللىككە ئىگە بولماق): خەنزۇچە تېكىستتە 具足 دېيىلگەن. ئۇ بۇددىزم ئەقىدىسى بويىچە مۇكەممەللىككە ئىگە بولۇشنى بىلدۈرىدۇ.

(56)(57) ئەتگۈ (~ ئەدگۈ) يىلتىزلىغ ئۇرۇغ ساچ - (ياخشى يىلتىزلىق ئۇرۇق چاچماق): خەنزۇچە تېكىستتە 种诸善根 دېيىلگەن. بۇددا دىنىدا، 善根 بەدەن (قول، پۇت)، ئېغىز (تىل) ۋە كۆڭۈل (ئاڭ پائالىيىتى) قاتارلىقلارنىڭ پائالىيىتىدىن بولىدىغان ساۋابلىق - ياخشى ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ياخشىلىقلاردىن ياخشى نەتىجىلەر ھاسىل بولىدىغانلىقى، ياخشىلىقلاردىن ياخشىلىقلار تۇغۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، يەنە يىلتىز دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ”ياخشى يىلتىزلىق ئۇرۇق چاچماق“ دېگەنلىك، بۇددىزم ئەقىدىسى بويىچە يۇقىرىدىكى 3 خىل پائالىيەت ئارقىلىق ساۋاپلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە كېڭەيتىشنى بىلدۈرىدۇ.

(60) ئىرىنچكەيۈ تسۇيۇرقايۇ (ئىچ ئاغرىتىپ - شەپقەت قىلىپ): خەنزۇچە تېكىستتە 慈悲愍念 دېيىلگەن. ”ئىرىنچكە“ پېئىلى ”ئىرىنچ“ (يوقسۇل، بىچارە، پەرىشان) دىن ياسالغان بولۇپ، ”ئىچ ئاغرىتماق، رەھىم قىلماق“ دېگەن مەنىدە ( 悲 ۋە 愍 بىلەن مەنىداش). ”تسۇيۇرقا“- خەنزۇچە 慈 دىن ياسالغان پېئىل بولۇپ، ”شەپقەت قىلماق، رەھىم قىلماق“ مەنىسىدە. قىسقىسى، ”ئىرىنچكە — تسۇيۇرقا“- مەنىداش پېئىللار بولۇپ، تەرجىمىدە ”رەھىم - شەپقەت قىلماق“ ياكى ”مېھرى - شەپقەت قىلماق“ دەپ ئېلىنىشقىمۇ بولىدۇ.

(61)(62) بۇرخانلارنىڭ ئۇلۇغ كۈچى: خەنزۇچە تېكىستتە 威 神 力 دېيىلگەن. 神 力 يەنە 神 通 力 ، 神 通 دېيىلىدۇ (سانسكرىتچە **abhijñā** نىڭ مەنەن تەرجىمىسى). بۇددا دىنىدا تەرىپلىنىشىچە، بۇددادا (1) كۆكتە پەرۋاز قىلالايدىغان ۋە زېمىنغا كىرەلەيدىغان، (2) ھەممىنى كۆرەلەيدىغان، (3) ھەممە جانلىقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، سۆزىنى ئۇقىدىغان، (4) ھەممە جانلىقنىڭ ئوي - پىكرىنى بىلەلەيدىغان، (5) ھەممە جانلىقنىڭ قىلمىشى ۋە تەقدىرىنى بىلىدىغان، (6) جانلىقلارنى ھايات - ماماتلىق سانسارىدىن مەڭگۈلۈك قۇتۇلدۇرىدىغان 6 خىل ئىلاھىي كارامەت ياكى ئىلاھىي كۈچ بولىدىكەن.

(67)(68) قاماغ تىنلىغ ئوغلانلارى (بارلىق جانلىقلار پەرزەنتلىرى): خەنزۇچە

تېكىستتە 无量百千万亿众生 دېيىلگەن بولۇپ، ”无量百千万亿 قاماغ“ (بارلىق، ھەممە) دەپلا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇندىن باشقا 众生 دىن كېيىنكى 受诸快乐乃至 دېگەن سۆزلەر تەرجىمە قىلىنمىغان.

(69) (70) ئۆز ئىتىنگۇلۇك يىۋىگ تىسىگ (جابدۇنىدىغان ئەتىۋارلىق بۇيۇملار): خەنزۇچە تېكىستتە 资生之具 دېيىلگەن بولۇپ، ئىنساننىڭ ھاياتىغا ياكى تۇرمۇشىغا كېرەكلىك بۇيۇملارنى كۆرسىتىدۇ. ”ئۆز ئىتىنگۇلۇك“ ئۆزىنى جابدۇماق ياكى جابدۇنماق (ياسانماق مەنىسىدە كېلىدۇ) دېگەن مەنىدە؛ ”يىۋىگ“ مەنا جەھەتتىن 资生 (سانسكرىتچە **Sambhāra** بىلەن مەنىداش) گە يېقىن كېلىدۇ. يەنى ” جابدۇق، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى“ دېگەن مەنىدە؛ ”تىسىگ“ (~تىزىگ) بولسا، ” تىزىق، قاتار، (مارجان) يىپى“ دېگەن مەنىدە. بىز كونتېكىستكە ئاساسەن، شۇنداقلا چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن، تەرجىمىدە يۇقىرىقىدەك ئالدۇق.

(70)—(72) ئالتۇن كۈمۈش ۋايتۇرى سابادىر شىشىر باتۇ سىتا قۇبىق چەچ قاش يىنچۈ مونچۇق: خەنزۇچە تېكىستتە 金银琉璃车渠马瑙珊瑚虎珀真珠 دېيىلگەن.

ئالتۇن: خەنزۇچىدە 金 ، سانسكرىتچىدە **suvarna** ؛

كۈمۈش: خەنزۇچىدە 银 ، سانسكرىتچىدە **ɤüpya**؛

ۋايتۇرى: سانسكرىتچە **vaidürya** دىن كەلگەن، خەنزۇچىدە 琉璃 دېيىلىدۇ. ئۇ بىر خىل ئېسىل تاش بولۇپ، كۆك، ئاق، قىزىل، قارا، يېشىل قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ.

سابارىر: توخرى تىلى **B** دىكى **spharir** ( ، سانسكرىتچە **sphatika** ) دىن كەلگەن، خەنزۇچىگە 玻璃, 颇梨, 颇胝迦 دەپ ئاھاڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋە 水玉, 白珠, 水晶 دەپ مەنەن تەرجىمە قىلىنغان. 颇梨 خەنزۇچە تېكىستتە يوق. خەنزۇچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستلەردىكى ئەتىۋارلىق بۇيۇملار رەت تەرتىپىگە ئاساسلانغاندا، سابارىر خەنزۇچە 车渠 گە توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىككىسى بىر نەرسە ئەمەس. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ ئىككىسىنى ئارلاشتۇرۇۋەتكەن بولسا كېرەك. سابارىر بىر خىل خرۇستالنى كۆرسىتىدىغاندەك قىلىدۇ. 车渠 «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلىكى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984، 48 - بەت) تە ”چەگۇ“ دېيىلگەن. سانسكرىتچە **musāra galva** دېيىلىدۇ.

شىشىر: خەنزۇچە تېكىستتە 马(玛)瑙 دېيىلگەن. «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دىمۇ ” 玛瑙 شىشىر“ دەپ كۆرسىتىلگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ”ھېقىق“ دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ.

باتۇ: مەنىسى ئېنىق ئەمەس. چەتتىن كىرگەن سۆزدەك قىلىدۇ. «قەدىمكى تۈرك تىلى لۇغىتى» (لېنىنگراد، 1969) دە: ” شىشىر باتۇ: قىممەت باھالىق تاش“ دەپلا چۈشەندۈرۈلگەن.

سىتا: خەنزۇچە تېكىستتە 珊瑚 دېيىلگەن. سانسكرىتچە **pravāda** دېيىلىدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركچە تەرجىمىسى، Ⅲ توم 218 - بەت) تە **sata** (~سىتا) مارجان دەپ چۈشەندۈرۈلگەن (**sata=sita**). «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دە 珊瑚 مارجان دەپ كۆرسىتىلگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ”مارجان“ دەپ ئاتالماقتا.

قۇبىق: خەنزۇچە تېكىستتە 虎(琥)珀 دېيىلگەن. سانسكرىتچە **musāla—galva** دېيىلىدۇ. «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دىمۇ ” 琥珀 قۇبىق“ دەپ كۆرسىتىلگەن (مېنىڭچە، قۇبىق 琥珀 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك). ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ”كەھرىۋا“ دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ.

چەچ قاش: چەچ ”دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك “تە ”پىروزا“، ”قاش“، ”بولسا“، ”قاشتاش “ دەپ ئىزاھلانغان. خەنزۇچە تېكىستتە، ” چەچ قاش“قا توغرا كېلىدىغان سۆز يوق. بۇ يەردە ”چەچ قاش“ پىروزانىلارنى كۆرسەتسە كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يىنچۇ مونچۇق: خەنزۇچە تېكستتە 真珠 دېيىلگەن، سانسكرىتچە mukti دېيىلىدۇ. يىنچۇ خەنزۇچە 真珠 (ياكى 珍珠) دىن كەلگەن. مونچۇق: بويۇنغا ئېسىلىدىغان ھەر خىل قىممەت باھا تاشلار (تۆشۈك ئېچىلغان) نى كۆرسىتىدۇ.

بۇ يەردە دىنىدا يەتتە گۆھەر (خەنزۇچە 七宝، سانسكرىتچە sapta ratnāni دېيىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرچىدە "يىتى ئەردىنى" دەپ ئاتىلىدۇ) دېگەن ئاتالغۇ بولۇپ، يۇقىرىدىكىلەر ئىچىدە، "باتۇ" (مەنىسى ئېنىق ئەمەس) ۋە "چەچ قاش" (ھاۋارەڭ ئېسىل تاش پىروزا ۋە قاشتاش ياكى چەچ قاش بىرلا خىل ئېسىل تاشنىڭ نامى بولۇشىمۇ مۇمكىن) تىن باشقىلىرى "يەتتە گۆھەر" قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ يەردە نومۇلىرىدا "يەتتە گۆھەر" ھەر خىل تونۇلغان (قارالسۇن: «دىنلار لۇغىتى» شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1981، 13 - بەت).

(79) ئەردىنى (گۆھەر): خەنزۇچە تېكستتە 宝 دېگەن سۆز يوق. بۇ سۆزنى تەرجىمان قوشقان. ئەردىنى سانسكرىتچە ratna دېيىلىدۇ.

(82) قۇا (گۈل): خەنزۇچە 花 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. 花 نىڭ ئالدىدىكى 妙 سۆزى تەرجىمە قىلىنمىغان.

(81) (82) ئەدگۈ يىد يىپار (خۇش پۇراق كۈجە): خەنزۇچە تېكستتە 众名香 دېيىلگەن. "كۆيۈرۈپ" (كۆيدۈرۈپ) دىگەنىگە قارىغاندا بۇ يەردىكى "ئىپار" كۈجىنى كۆرسەتسە كېرەك.

(83) ساچىپ (چېچىپ): بۇ سۆزنىڭ تەڭدىشى خەنزۇچە تېكستتە يوق. ئۇنى تەرجىمان قوشقان.

(84) راتنا پۇسپى (宝花): (53) ئىزاھتا كۆرسىتىلگىنىدەك، خەنزۇچە تېكستتىكى 宝花 نىڭ ئالدى-كەينىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر〔(53) ئىزاھتا بېرىلدى〕 تەرجىمە قىلىنمىغان ۋە "راتنا پۇسپى ئاتلغ تگرى تگرىسى بۇرخان" دەپلا ئېلىنغان.

(90) ئىچكۇ (ئىچىملىك): بۇ سۆزنىڭ تەڭدىشى خەنزۇچە تېكستتە يوق. ئۇنى تەرجىمان قوشقان.

(95) شلوك تاقشۇت (شېئىر - قوشاق): خەنزۇچە تېكستتە 说颂 دېيىلگەن. شلوك: سانسكرىتچە śloka دىن كەلگەن بولۇپ، "شېئىر، بېيىت، قوشاق" دېگەن مەنىدە؛ تاقشۇت: قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، "شلوك" بىلەن ئوخشاش مەنىدە.

(103) يىرتاتىغى (يەر تەمى): خەنزۇچە تېكستتە 地味 دېيىلگەن، سانسكرىتچىدە prthivī—parpataka دېيىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ خەنزۇچىدە يەنە 地肥، 地皮، 地饼، 地皮饼، 地薄饼 دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە نومۇلىرىدىن «ئابھىدھارما كوشا شاستىرا» نىڭ 12 - جىلدىدا خاتىرىلىنىشىچە، كالىپ (كالپا) نىڭ دەسلىپىدە (ئالەم بىنا بولغانىنىڭ دەسلىپىدە)، ئىنسانلار يېگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى بىلىشنى ئاساس قىلغان، كېيىن تەدرىجىي ھالدا، يەر كاكچىسى (كالپانىڭ دەسلىپىدە، يەر يۈزىدە تەبىئى ئۆسىدىغان نېپىز نان) نى يەيدىغان دەۋرگە كىرگەن، ئاندىن كېيىن، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇششاق شاخلىرىنى، گۈرۈچ قاتارلىقلارنى ئوزۇقلۇق قىلغان.

(108) (109) ئەرىكلىگلەرى (ئىلاھلىرى): خەنزۇچە تېكستتە 神 دېيىلگەن. شۇڭا تەرجىمىدە "ئىلاھ" دەپ ئالدۇق. "ئەركلىگ" نىڭ ئەسلى مەنىسى "كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، ئىقتىدارلىق" بۇ يەردە ئۇ "ئىلاھ" دېگەن كۆچمە مەنىدە كەلگەن.

(115) (116) تۇكەل بىلگە تڭرى تڭرىسى بۇرخان (تۈگەل دانا تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرخان): خەنزۇچە تېكستتە 佛 دېيىلگەن. 佛 قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بۇرخان (~ بۇرقان) دېيىلىدۇ. بۇرخان، 佛 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىگە "خان" (~ قان) نى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان. بۇ يەردە بۇرخان "تۈگەل، دانا (~ ھەممىگە قادىر) تەڭرىلەر تەڭرىسى" دەپ تولۇق تەرىپلىنىپ ئاتالغان بولسا، 16 - بۆلۈمنىڭ بېشىدا "تڭرى تڭرىسى" (تەڭرىلەر تەڭرىسى) دەپ تەرىپلەنگەن.

(117) بۇ قۇردىكى "شىرىكنى"نىڭ خەنزۇچىسىنىڭ ئالدىدىكى 大 سۆزى تەرجىمە قىلىنمىغان.

(118) ئۆگە ئالقايۇ (ماختاپ - مەدھىيىلەپ): بۇ سۆزلەر تەرجىمان تەرىپىدىن قوشۇلغان.

(120) شىرىكنى-يا (ئەي شىرىكنى): بۇ تەڭرى ئىسمى خەنزۇچە تېكىستتە تەكرارلانمىغان. تەرجىمان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇنى قوشقان.

(120) (121) ئۆڭرە ئاسۇنتاقى ئەدگۈ قىلىنچىڭ (ئىلگىرىكى ھاياتىڭدىكى ياخشى قىلمىشىڭ): خەنزۇچە تېكىستتە 因昔(汝…) دېيىلگەن. تەرجىمان 昔 ("بۇرۇنقى، ئۆتكەنكى، ئىلگىرىكى" دېگەن مەنىدە) نى "ئۆڭرە ئاسۇنتاقى" دەپ تولۇق مەنىسى بىلەن تەرجىمە قىلغان. 因 ئەسلىدە نەتىجە ھاسىل قىلىدىغان ئىچكى سەۋەبنى كۆرسىتەتتى. بۇ يەردىكى 因 ياخشى ياكى ساۋابلىق نەتىجە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان "سەۋەب"نى كۆرسەتكەچكە، ئۆز زامانىسىدىكى يېتۈك بۇددىست تەرجىمان سىڭقۇ سەلى ئۇنى خەت مەنىسى بويىچىلا ئۆلۈك تەرجىمە قىلماستىن، بەلكى ناھايىتى چۈشىنىشلىك قىلىپ، "ئەدگۈ قىلىنچ"دەپ ئىجادىي ۋە جانلىق تەرجىمە قىلغان.

(123) تاپىغ ئۇدۇغ قىل- (خىزمەت قىلماق): خەنزۇچە تېكىستتە 供养利益 دېيىلگەن. "تاپىغ - ئۇدۇغ قىل"-نىڭ پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزمەك دېگەن مەنىسىمۇ بار. "جانلىقلارغا خىزمەت قىلماق" دېگەندە، ئۇلارغا پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزۈش مەنىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا، تەرجىمىدە يۇقىرىدىكىدەك ئالدۇق.

(124) تىنلىغلار (جانلىقلار): خەنزۇچە تېكىستتىكى تەڭدىشى 众生 نىڭ ئالدىدىكى 无边 سۆزى تەرجىمە قىلىنمىغان. بۇددا دىنىدا "ئالەم چەكسىز، شۇڭا جانلىقلارمۇ چەكسىز" دەپ قارىلىدۇ.

(125) نوم ئەردىنى (گۆھەر نوم): خەنزۇچە تېكىستتە 宝 (ئەردىنى = گۆھەر) دېگەن خەت يوق.

(126) ئۇلۇغ بۇيان ئالغۇلۇق (زور ساۋاب ئالىدىغان): بۇ يەردە خەنزۇچە تېكىستتىكى 功德无尽 دېگەن سۆزلەر قەدىمكى ئۇيغۇرچىگە جانلىق ۋە چۈشىنىشلىك تەرجىمە قىلىنغان.

(126) (127) ئەرتىڭۇ كىرگەكلىگ ئۆتۈگ ئۆتۈندۈڭ (ئىنتايىن زۆرۈر سۆز قىلدىڭ): بۇ جۈملىنىڭ تەڭدىشى خەنزۇچە تېكىستتە يوق، بىراق مۇشۇنداق مەنا كونتېكىستتىن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

## «ئالتۇن يارۇق»

### VIII جىلد 16 - بۆلۈمنىڭ خەنزۇچە تېكىستى

(《中华大藏经》‹خەنزۇچە قىسمى› 16 - توم، 309 - بەت)

金光明最胜王经大吉祥天女品第十六

尔时大吉祥天女即从座起前礼佛足合掌恭敬白佛言世尊我若见有比丘比丘尼邬波索迦邬波斯迦受持读诵为人解说是金光明最胜王经者我当专心恭敬供养此等法师所谓饮食衣报卧具医药及余一切所须资具皆令圆满无有乏若昼若夜于此经王所有句义观察思量安乐而住令此经典于赡部洲广行流布为彼有情已于无量百千佛所种善根者常使得闻不速隐没复于无量百千亿劫当受人天种种胜乐常得丰稔永除饥馑一切有情恒受安乐亦得值遇诸佛世尊于未来世速证无上大菩提果永绝三途轮回苦难世尊我念过去有琉璃金山宝花光照吉祥功德海如来应正等觉十号具足我于彼所种诸善根由彼如来慈悲愍念威神力故令我今日随所念处所视方随所至国能令

无量百千万亿众生受诸快乐乃至所须衣服饮食资生之具金银琉璃车渠玛脑珊瑚虎珀真珠等宝悉令充足若复有人至心读诵是金光明最胜王经亦当日日烧众名香及诸妙花为我供养彼琉璃金山宝花光照吉祥功德海如来应正等觉复当每日于三时中称念我名别以香花及诸美食供养于我亦常听受此妙经王得如是福而说颂曰

由能如是持经故　自身眷属离诸衰　所须衣食无乏时
威光寿命难穷尽　能令地味常增长　诸天降雨随时节
令诸天众咸欢悦　及以园林谷果神　丛林果树并滋荣
所有苗稼咸成就　欲求珍财皆满原　随所含者遂其心

佛告大吉祥天女善哉善哉汝能如是忆念昔因报恩供养利益安乐无边众生流布是经功德无尽

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


1. «بۇددا نۇرى چوڭ لۇغىتى» (佛光大辞典)، بېيجىڭ كۈتۈپخانىسى نەشرىياتى تەيۋەن بۇددا نۇر تېغى نەشرىياتىنىڭ 1989 - يىل 6 - ئايدىكى 5 - قېتىملىق نەشرىگە ئاساسەن، فوتوغا ئېلىپ باسقان (7 توم + 1 توم ئىندېكس).

2. «بۇددىزمشۇناسلىق چوڭ لۇغىتى» (《佛学大辞典》، دىڭ فۇباۋ تۈزگەن)، مەدەنىيەت يادىكارلىقلار نەشرىياتى، 1984 - يىل.

3. چېن بىڭ تۈزگەن «يېڭىدىن تۈزۈلگەن بۇددىزم لۇغىتى»، جۇڭگو دۇنيا تىلى نەشرىياتى، 1994- يىل.

4. رېن جىيۇ باش مۇھەررىرلىكىدىكى «دىنلار لۇغىتى»، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1981- يىل.

5. W. E. Soothill ، L. Hodous : «خەنزۇچە بۇددىزم ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» (A Dictionary of Chinese Buddhist Terms)، لوندون، 1937 - يىل.

6. Sir G. Clauson «13 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك لۇغىتى» (An Etymo logical Dictionary of pre—Thirteenth—Cen—tury Turkish)، ئوكسفورد، 1972 - يىل.

7. «قەدىمكى تۈرك تىلى لۇغىتى» (رۇسچە)، لېنىنگراد، 1969 - يىل.

8. ئا. ۋون گابائىن «قەدىمكى تۈرك تىلى گراماتىكىسى» (Alttürkische Grammatik)، لايپ- تسىگ، 1950 - يىل.

9. Klaus Röhrborn «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» (Uigurisches Wörterbuch)، 1 — 4- كىتاب، ۋىسبادىن، 1977 — 1988 - يىللار.

10. «سۆز دېڭىزى» (كىچىكلىتىپ بېسىلغان نۇسخا)، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1980 - يىل.

11. بۇ ماقالە ئىچىدە نامى ئاتالغان باشقا ماتېرىياللار.


(ئاپتورلار: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى
تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچىسى)

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

# ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھېسابلاش ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر ئۇسلۇبى

ئابلىكىم ياسىن

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرگىچە كەڭ كۆلەمدە ئىشلەتكەن يېزىقى بولۇپ، ئەسلى سوغدىلارنىڭ يېزىقى ئىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىردىن باشلاپ مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭنىڭ تۇرپان ۋە گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭ (دۇرخان) قاتارلىق جايلىرىدىن مۇشۇ يېزىق بىلەن پۈتۈلگەن زور مىقداردىكى قىممەتلىك ۋەسىقە ـ ھۆججەتلەر تېپىلىپ بىردىنلا دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقىنى پەيدا قىلدى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىقاتى، ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە رەتلىگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ئىچىدە، ئەدەبىي ئەسەر، دىنىي قامۇس، پالنامە، سالنامىچىلىك ۋە دورىگەرلىك، تىبابەتچىلىك رىتسىپلىرىدىن باشقا يەنە 200 پارچە ئەتراپىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ بىر تۈركۈم ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، خەنزۇچە ۋە ھەرقايسى چەت ئەل تىلىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كەمتۈكلىكىنى تولۇقلاپ، مىللىتىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە تىل ھالىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول تارىخىي تىل ماتېرىياللىق رولىنى ئاشۇرىدۇ.

تۇرپان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئۆرپ ـ ئادەت ۋەسىقىلىرىدە قوللىنىلغان يىل خاتىرىلەش ئۇسۇلى، ۋەسىقىلەرنىڭ تۈرلۈك ئۇسلۇبى ھەمدە ھەر خىل يېزىقتىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاممىلار ئەينى دەۋردىكى بولۇپمۇ تاڭ، سۇڭ، يۈەن دەۋرىدىكى تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سالنامىچىلىك ئۇسۇلى ۋە نامە پۈتۈش ئۇسلۇبىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى ناھايىتى مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 1. يىل ھېسابلاش ئۇسۇلى

مۇتلەق كۆپ ساندىكى ۋەسىقىلەرنىڭ باشلىنىشى تارىختىكى ئىچكى ئاسىيا قورۇقلۇقىغا كەڭ تارالغان «ئون ئىككى مۆچەل» بىلەن يىل خاتىرىلەش ئارقىلىق باشلانغان. بۇرۇنقى تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدە پۈتۈلگەن بىر پارچە سوغدى يېزىقىدىكى مەڭگۈتاشتا «ئون ئىككى مۆچەل» دىكى توشقان يىلى بىلەن يىل خاتىرىلەنگەن. بۇ ئون ئىككى مۆچەلنىڭ تۈركىيلەر ئارىسىدا ئىشلىتىلگەنلىكىنىڭ بۇرۇنلۇقىنى دەلىللەيدىغان ئىسپات①.

9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندە سالنامىچىلىقتا بۇرۇنقى تۈزۈمنى ساقلاپ قالغان. موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى تۇرپان ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار گەرچە باشقا خىلدىكى يەنى بەش ئاناسىر ۋە ئون ئىككى مۆچەلنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ يىل ھېسابلاشتەك سالنامىچىلىق ئۇسلۇبىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ دەۋر سۈرگەن يىل ھېسابلاش ئۇسۇلى

www.uyghurkitap.com



يەنىلا «ئون ئىككى مۆچەل» بىلەن يىل ۋە ئاي ھېسابلاش بولغان.

ۋەسىقىلەردە يىل ھېسابلاش ئادەتتە يىل، ئاي، كۈندىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

(1) يىل (Yil)، Küsküyil
(2) ئاي (ay)، běsinč (ay)
(3) كۈن (Kün)، bir yangïqa

ۋەسىقىلەردىكى يىل ھېسابلاش ۋە تەرتىپ مۇنداق بولغان:

I küskü (چاشقان، قەدىمكى تۈركىيلەرنىڭ ئون ئىككى مۆچەلىدە Sičqan بىلەن ئىپادىلەنگەن)
II ud (ئۆي)
III bars (يولۋاس)
IV tavïšqan (توشقان)
V Lu (ئەجدىھا، بۇ خەنزۇ تىلىدىكى 龙 دىن كەلگەن)
VI yïlan (يىلان)
VII yunt (ئات، ھازىرقى ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق تىللاردا at . تۈركمەن، باشقىرت، قازاق، قىرغىز، ئاكاس قاتارلىق تىللاردا yïlqï سۆز yuntنىڭ ئورنىنى ئالغان)
VIII qoyn (قوي، qoyn بولسا qon دىن كەلگەن. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى qoy بولسا qoun دىن كەلگەن)
IX bičin (مايمۇن، ھازىرقى ئۇيغۇر، ئۆزبېك تىلىدىكى ۋە ھازىرقى پارس تىلىدىكى maymun سۆزى قەدىمكى bičin نىڭ ئورنىنى ئالغان)
X taqïɣu (توخۇ، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى tohu سۆزى taqïɣu دىن كەلگەن)
XI it (ئىت، خاكاس تىلىدا 鹅 turna ئىشلىتىلگەن)
XII tonguz (توڭگۇز, خاكاس تىلىدا 山羊 öski ئالتاي تىلىدا čočqa، تۈركىي يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلاردا مانى دىنىي ۋەسىقىلەردىكى "laɣzïn" كېيىن tonguz سۆزىگە ئورۇن بوشاتقان)

ئايلارنىڭ ئىپادىلىنىشى: بىرىنچى ئاي ۋە ئون ئىككىنچى ئاي ئۈچۈن سان - سىفىر ئىشلىتىلمىگەن. ئايرىم - ئايرىم ھالدا aramy (بۇ خەنزۇ تىلىدا 正月 نىڭ نەق ئىپادىلىنىشى) ۋە čaxšaput (روزا - رامىزان ئېيى دېگەن مەنىدە) 斋月 ئىككىنچى ئايدىن ئون ئىككىنچى ئايغىچە تەرتىپ سان سۆزلىرىگە "ay" قوشۇلۇپ ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن: ikinti ay (ئىككىنچى ئاي) yitinč ay (يەتتىنچى ئاي) bir yigirminč ay (ئون بىرىنچى ئاي).

تۈركولوگلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا «aramy» ۋە čaxšaput چەت ئەل تىلىدىن ئۆتتە ئېلىنغان سۆزلەر. "aram" ئەرەب تىلىدىكى muharram (بىرىنچى ئاي) دىن ("پەرز تۇتماق" دېگەن مەنىدە) مانى دىنىدىكى سالنامىچىلاردا بىر يىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئېيى پەرز - رامىزان ئېيى ھېسابلىنىدۇ②.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار بەلكى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن باشلاپ čaxšaput بىلەن بىر يىلدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئاينى ئىپادىلىگەن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

«كۈن» نىڭ ئىپادىلىنىشى: بىر ئاينىڭ دەسلەپكى ئون كۈنى بىردىن ئونغىچە بولغان ساناق سانىغا yangi (يېڭى) ۋە بېرىش - كېلىش قوشۇمچىسى qa نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

bir yangiqa «ئاينىڭ بىرى»
yiti yangiqa «ئاينىڭ يەتتىسى»

كۈننىڭ مۇنداق ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلارنىڭ دېھقانچىلىق تەقۋىمىگە ئوخشاش بىر ئاينى ئۈچكە بۆلۈپ ئىپادە قىلىدىغان يىلنامە ئىشلىتىشىنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

bars yil toquzunč ay altï otuzqa
(Mioz — 1)
(يولۋاس يىلى توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى)

## 2. 13 -، 14 - ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋەسىقە ئۇسلۇبى

13 -، 14 - ئەسىردە قاراخانىلار خانلى-

قى چېگرىسى ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام
دىنىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، يېزىقىنى ئە-
رەب يېزىقىغا ئۆزگەرتىپ بولغان بولسىمۇ،
تۇرپان دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار يەنىلا قەدىمكى
ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەن. قەدىمكى ئۇي-
غۇر يېزىقى سوغدى يېزىقىدىن ئۆزگىرىپ
كەلگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي
تىللىق خەلقلەر ئەرەب ھەرپلىك يېزىقى ئىش-
لىتىشتىن بۇرۇن ئىشلىتىش دائىرىسى ئەڭ
كەڭ بولغان يېزىق ئىدى. بۇ يېزىقنى ئۇي-
غۇرلار كەڭ كۆلەمدە ئىشلەتكەن بولغاچقىلا
ئادەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتىلىپ
قالغان. 1950 - يىللاردا موڭغۇلىيە خەلق
جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇلانخومدىن بايقالغان
سەككىز قۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدى-
كى مەڭگۈتاشلاردىن قارىغاندا قەدىمكى ئۇي-
غۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى بۇ يې-
زىقنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەتكىنى مەلۇم بو-
لىدۇ.

9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى قەدىم-
كى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن 14 -
ئەسىرگىچە بولغان پۈتۈنلەي شەھەرلىشىپ
بولۇش جەريانىدا، تۇرپان دىيارىدىكى ئولتۇ-
راق ئاھالىلەر ئىچىدە خەت ساۋادى بار كى-
شىلەر بارغانسېرى كۆپەيگەن. سابىق سو-
ۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى تىخونوۋ «ئۈچتىن
بىر قىسمىغا يېقىن ئەر ئاھالىلەرنىڭ ھەم-
مىسىنىڭ خەت يېزىقتىن خېلى ساۋادى بار»
دېگەن ئىكەن. ئەينى چاغدىكى خەت يېزىق-
تىن ساۋاد چىقىرىش مائارىپى تۇرپان بوس-
تانلىقىغا تارقالغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا
ئىشلەنگەن.

موڭغۇللارنىڭ يۈەن دەۋرىگە كەلگەندە،
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بۇددا دىنىي مەزمۇ-
نىدىكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ۋە ئىجاد
قىلىشتا ئىشلىتىش بىلەن بىرگە ئىشلىتى-
لىش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن. سىيا-
سىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش-
نىڭ ھەر تەرەپلىرىگىچە ئىشلىتىلگەن. يۇ-
قىرىسى موڭغۇللارنىڭ يۈەن ئىمپېرىيىسى-
نىڭ يارلىقلىرى، مەركىزىي ئاپپاراتلارنىڭ
بوشۇغ - تامغىسى، دۆلەت مەكتۇبلىرىدىن
تۆۋىنى خەلق ئارىسىدىكى تىلخەت، سالامنا-
مە، ھېسابات دەپتىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەم-
مىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان.
ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلار ئۆي قۇل - كۆڭلى-
رىنى، يەر- زېمىنىنى ئېلىپ ساتقاندا ۋە پۇل
- خىراج، نەرسە - كېرەك ئۆتنە ئالغاندا
تىلخەت تۇرغۇزغان. تىلخەت ۋە كېلىشىم-
لەرنىڭ كىشىلەر ئەمەل قىلىدىغان ناھايىتى
قاتتىق تەلەپتىكى ئۇسلۇبى بار بولغان. ئەي-
نى دەۋردىكى تۇرپان دىيارىنىڭ ئاھالىلىرى-
نىڭ تىلخەت ۋە كېلىشىملىرى تۆۋەندىكى
بىر نەچچە قىسىمدىن تەركىب تاپقان.

1) تىلخەتنىڭ يېزىلغان ۋاقتى. مى-
سال:

küskü yil üčünč ay altï yangiqa

(چاشقان يىلى ئۈچىنچى ئاينىڭ ئال-
تىسى)

2) سودىلىشىش سەۋەبىدىن تىلخەت
تۇرغۇزغان ئادەملەرنىڭ سودىغا مۇناسىۋەت-
لىك بۇيۇملارنى ئالماشتۇرۇشنىڭ سەۋەبى.
مىسال:

manga bolmïšqa asïɣqa kümüs kärgäk bolup

(مەن bolmïš ئۆسۈمى بار كۈمۈش
لازىم قىلغانلىقىم ئۈچۈن).

3) ئالماشتۇرىدىغان بۇيۇمنىڭ قىممى-
تىنى كېلىشىش:

ögüz ičintäki ačɣu ölängni toyunčuqqa toquz
satïr kümüškä toɣru tomultu satdïm

(دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئېچى-
لىدىغان بوز يەرنى توققۇز سەر كۈمۈشنىڭ
نەرقى بىلەن toyunčuq قا قانۇنلۇق سېتىپ
بەردىم).

4) سېتىۋالغۇچىنىڭ پۇل تۆلىگەن ۋە
ساتقۇچىنىڭ مال ئالغان جەريانلىرىنى ئىس-
پاتلايدىغانلىرى:

bu on satïr kümüšni bitig qïlmïš kün
üzämän qaytautu tükäl taptïp altïm män
čintsušïla bir ägsüksüz tükäl birtim

(بۇ ئون سەر كۈمۈشنى تىلخەت يازغان
كۈنى مەن qaytautu پۈتۈنلەي تاپشۇرۇپ ئال-
دىم. مەن čintšusïla مۇ بىرنىمۇ كەم قىل-
ماي تۆلەپ بەردىم).

uyghurkitap.com

5) يېڭى خوجايىننىڭ ھوقۇقىنى جاكارلاش:

bu tört siči ičindäki yirgä ming yil tümän künkä tägi basmil ärklig bolzun, tapsalar özi tutzun, tapmasalar adin kišikä ötkürü satzun

(بۇ تۆت پاسىل ئىچىدىكى يەر مىڭ يىل basmil غا تەۋە بولدى. لايىق كۆرسە ئۆزى تۇتسۇن، لايىق كۆرمىسە باشقىلارغا سېتىپ بەرسۇن)

6) يېڭى خوجايىننىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىنغاندىن كېيىن، ناۋادا كېلىشىمگە خىلاپكارانە ئەھۋاللار سادىر بولسا تۆلەم تۆلەش دائىرىسى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

män asbïning oɣlum, qïzïm, ičim, inim aytmazun istmäsun, aytɣali istgäli saqinsar saɣlari yorïmazun taqi birök ärklig bäg išin küčin tutup alayin yulayin tisärlär bu oq ögän suɣaqliɣiki tančü yir yaratu birip yulup alzun

(مەن sabi نىڭ ئوغلۇم، قىزىم، ئاكام، ئىنىم توغرىسىدا كۆپ سوئال سوراشقا بولمايدۇ. ئەگەر كۆپ سوئال سورىلىدىكەن، گەپ - سۆزلەر ئۈنۈمسىز بولىدۇ. ئەگەر ھوقۇقى بار بەگ - ئەمەلدارلار كۈچىگە تايىنىپ تارتىۋالىدىغان بولسا شۇنىڭغا لايىق ھالدا ئۆشبۇ دەريانىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىكى سۇغۇرىلىدىغان ئىككى ھەسسە يەر سېتىۋېلىنىدۇ).

7) ۋەسىقىنىڭ ئاخىرلىشىش قىسمى ۋە تىلخەت يېزىشقا قاتناشقانلار ۋە شاھىدلارنىڭ ئەھۋالى. مەسىلەن:

tanuq ×××
bu nišan män ××× ning ol
bu tamɣa män ×××ning ol

شاھىد ×××
بۇ ئىمزا مەنىكى ××× نىڭ
بۇ تامغا مەنىكى ××× نىڭ

ۋەسىقىنىڭ ھەقىقىي يوسۇندا يېزىلىپ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن nišan (ئىمزا، بارماق ئىزى) ۋە tamɣa (تامغا) ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئالدىنقىسى قول بىلەن يېزىلغان بەلگە، كېيىنكىسى تامغىلىق ئىسپات بولالايدۇ.

13 -، 14 - ئەسىردىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى رىئال تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگىچە ئىشلەتكەن. ھازىرغىچە ساقلانغان بۇ تۈردىكى ۋەسىقىلەر بولسا شەخسلەرنىڭ كۆپ خىل تىلخەتلىرى، مۈلكىي ئەمەلدارلارنىڭ يارلىق، ئىلتىماسنامە ۋە ۋەسىيەتلىرىدۇر. بۇ ۋەسىقىلەردە دائىم كىتاب نامىنى بىلدۈرىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالغۇلار ئۇچرايدۇ. بۇ ئاساسىي سۆزلەر ئاساسەن بىزنىڭ ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي ۋەسىقىلىرىنىڭ تۈرى ۋە ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي خەت - سالامنامىلەرنىڭ يېزىلىش ئادىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندە بىز ئۆرپ - ئادەت ۋەسىقىلىرىدە ئۇچرايدىغان بىر بۆلۈك ۋەسىقە، كىتاب ناملىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزىمىز.

(1) bitig بۇ (ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە) tig (يېزىش) bit شەكلىدە ياسالغان. بۇ سۆز ۋەسىقىلەردە كېلىشىمنامە، يارلىق، ھېسابات دەپتەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر خىل ۋەسىقىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ كېلىدۇ. مىسال:

bu bitig qïlmïš kün üzä (Clark34)

(بۇ bitig نى يازغان كۈنى)

(2) baš bitig: baš سۆزى «باش، دەسلەپكى، ئاساسىي» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ③. baš bitig ئەسلى بىتىگ ياكى دەسلەپكى بىتىگ قاتارلىق ئاساسىي ۋەسىقىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مىسال:

säntäki idiš bitigni birip manga čin baš bitig qïlïp idɣïl (Clark99)

(سەندىكى ۋاقىتلىق يازما ئىسپاتنى تاپشۇر، بىر ھەقىقىي رەسمىي تىلخەت ئېيتىپ ماڭا بەرگىن)

bu poking atlïɣ qara bašning bitigi ol (Clark 99)

(بۇ poking ئاتلىق قولنىڭ تىلخېتى)

(4) yanut bitig بۇ ئەسلى نۇسخىدىكى تىلخەتنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى.

öng bitigi yoq bolmiš ücün tutup
turɤu yanut bitig birtmz (Clark 80)
(ئەسلى بىتىگ يوق بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ماڭا ۋە ئاڭا بىر نۇسخىدىن ئەسلىدىكى تىل-خەتنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان كۆچۈرۈلمە نۇس-خا بېرىمىز).

bučung bitig, "bučung" (5) ئەسلىدە خەنزۇ تىلىدىكى "补 充" ‹تولدۇرماق› دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇ خىل ۋەسىقە يىرتىلىپ كەتكەن ۋەسىقىلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن تۈرغۈزۇلىدىغان ۋەسىقە. مىسال:

ong bitig yoq bolmišqa bučung bitig
birtim (Clark 81)
(ئۇنىڭ ئەسلى بىتىگى يوق بولغانلىقى سە-ۋەبىدىن مەن يەنە ئاڭا بىر ۋاراق تولۇقلىما بىتىگ بەردىم).

ئەركىن، ئازاد boš bitig: "boš" (6) ۋە بوش بولۇشنى بىلدۈرىدۇ. boš bitig قۇللارنى ئازاد قىلىدىغان ۋەسىقە. مىسال:

kangšita tuɤmiš buqa quli atliɤoɤu
lunga ögkä qangqa buyani tägzun tip
boš bitig birtim (Clark 59)
(مەن kangsi دا تۇغۇلغان بۇقا قۇلى ئاتلىق ئوغۇلغا هۆرلۇك خېتى بەردىم. بۇنىڭ ئۇ-چۇن مېنىڭ ئاتا - ئانامغا بەخت تىلە)

ülüš bitig, "ülüš" (7) بولسا بىر ئۇلۇش تەقسىملەش، بىر ئۇلۇش مىراس مە-نىسىدە بولىدۇ⑤. ülüš bitig مىراس ئۈلۈ-شۈش ۋەسىقىسىمۇ بولالايدۇ. مىسال:

ülüs bitigi birlä säkiz on yastuq
čungtung bao čaoqa wapstuqa toɤuru
tomiltu sattim (Clark 46)
ئۈلۈش بىتىگى بىلەن بىللە سەكسەن ياستۇق (مىقدار سۆز) چوڭتۇڭ باۋچاۋنىڭ نەرقىدە wapsutu غا ساتتىم.

(8) yarliɤ. يارلىق (تەكلىپنامە) مە-مۇرىي ۋە ھەربىي ئىشلاردىكى بۇيرۇقنى كۆرسىتىدۇ. مىسال:

sanga yarliɤ bolu ärmiš (Clark 101)
ساڭا يارلىق يەتكۈزگەن ئىدى.

(9) ötüg تىلەكچە ۋە ئىلتىماسنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆز هازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزلۈك شەكلىدە ساقلانغان بولۇپ "ötün" شەكلىدە ئىلتىماسنى بىلدۈرىدۇ. مىسال:

Xanimiz Tuɤluɤ Tämürkä
baɤcilarning ötügi (Clark 97)
(خانىمىز تۇغلۇق تەمۈرگە باغچىلارنىڭ ئىل-تىماسى)

(10) däbtär، خاتىرە ھېسابات خاتى-رىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆز پارس تىلى-دىن كەلگەن بولۇپ، «كىتاب، ھېسابات دەپتەر» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مى-سال:

uluɤ däbtärdä bititmiš (Clark 94) (ئۇلۇغ دەپتەردە يېزىلغان)

## پايدىلىنىلغان مەنبەلەر

① Clark 1975 Clak Larry Vernon, "Introduction to the Uyghur Ciril Documents of East Turkectan (13th—14th CC.)"Indiana University Ph. D. dissertation. 1975, p,272.

② Clark 1975 Clak Larry Vernon. "Introduction to the Uyghur Civil Documents of East Turkectan (13th—14 th CC)" Indiana University Ph. D. dissertation. 1975, p. 288

③ Clausson 1972: An Etymological Dictionary of Pre—Thir tenth—Century Turkish. Oxford. Claendon Press 1972. p. 375

④ Arat 1964: R. R Arat Eaki Turk hukuk Vasikalari. JSFOU Lxuv/1, 1964, pp11—77. 1964, p. 27

⑤ Clauson 1972. An Etymological Drctionary of Pre—Thir tenth—Centory Turkish Oxford. Claendon. Press 1972. p,153

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەنۋەر مۇھەممەت

# يارغول قەدىمكى شەھىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك يېڭى بايقاشلار

تۇرپان — ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە قەدىمكى مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ بىرى. بۇ يەردە ئەجدادلىرىمىز ياشاپ، تارىختا كۆزنى قاماشتۇرغىدەك پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان.

تۇرپاننىڭ ئۆزىگە خاس تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئالاھىدە بولغانلىقى ئۈچۈن يارغول قەدىمكى شەھىرى، بېزەكلىك مىڭ ئۆيى، قوچو (ئىدىقۇت) قەدىمكى شەھىرى، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى، تۇيۇق مىڭ ئۆيى… قاتارلىق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تا ھازىرغىچە مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان يارغول قەدىمكى شەھىرى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى تىپىك ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە دۇنيادا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرى.

يارغول قەدىمكى شەھىرى — تۇرپان شەھىرىنىڭ 10 كىلومېتىر غەربىگە يەنى ئىككى غول ئوتتۇرىسىدىكى ئارالغا ئوخشاش ئېگىزلىككە جايلاشقان. غول شەھەرنىڭ شىمالىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىغا كېلىپ ئۆز ئارا تۇتۇشىدۇ. شەھەرنىڭ شىمالىدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1650 مېتىر. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 300 مېتىر كېلىدۇ. ئارالغا ئوخشاش ئېگىزلىكنىڭ تۆت ئەتراپى 30 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تىك يار بولۇپ، شەھەر تەبىئىي قەلئەگە ئوخشايدۇ. قەدىمكى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 350 مېتىر كېلىدىغان مەركىزىي يول بولۇپ، يولنىڭ جەنۇبىدا شەھەرگە كىرىدىغان جەنۇبىي قوۋۇق، مەركىزىي يولنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شەرق تەرىپىدە شەرقىي قوۋۇق، مەركىزىي يولنىڭ شىمالىدا شەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان چوڭ بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى بار.

بۇنىڭدىن 3 - 4 مىڭ يىللار ئىلگىرى يارغول قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ئەجدادىمىز — قۇسلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇ جايلار قۇسلارنىڭ پائالىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

يارغول قەدىمكى شەھىرىدىكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قۇرۇلۇش ئىزلىرىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 360 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە مۇكەممەل ساقلانغان، ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە قەدىمكى شەھەر بولۇپلا قالماي، دۇنيا بويىچە ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان، قەدىمكى شەھەرلەرنى تەتقىق قىلىشتىكى بىر ئۈلگە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرماقتا. شۇڭا گوۋۇيۈەن بۇ شەھەرنى 1961 - يىلى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتتى. 1977 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار قەدىمكى شەھەرنى رېمونت قىلىپ قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي جەھەتتە 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ ئاجرىتىپ 100

دىن ئارتۇق ئۈرۈلۈپ چۈشۈش خەۋپى بار ئورۇننى رېمونت قىلىش، قوغداش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. 1992 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ياپونىيە ھۆكۈمىتى يارغول قەدىمكى شەھىرىنى رېمونت قىلىپ قوغداش ئۈچۈن بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرى بەردى. دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىمۇ يارغول قەدىمكى شەھىرىنى رېمونت قىلىپ قوغداش ئۈچۈن بىر مىليون يۈەن ئاجراتتى ۋە دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى بىلەن ياپونىيە ھۆكۈمىتى يارغول قەدىمكى شەھەرىدىكى مۇھىم ئورۇنلارنى رېمونت قىلىپ قوغداش ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىش توختامنامىسىغا ئىمزا قويدى. بىر قانچە يىللارمابەينىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، قەدىمكى شەھەرنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى، قەدىمكى قۇرۇلۇش ئىزلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى، يەرنىڭ فىزىكىلىق ئىقتىدارى ۋە خىمىيىلىك تەركىبىنى ئانالىز قىلىپ ئايرىش، قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈش سەۋەبى ۋە ئۇنى رېمونت قىلىپ قوغداش... قاتارلىق 40 تىن ئارتۇق مەخسۇس تېما ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئانالىز ئېلىپ باردى. نۇرغۇن قېتىم تەتقىق قىلىش، ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئاساسىدا 1993 - يىلى 1 -ئايدىن باشلاپ رېمونت قىلىش، قوغداش خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، هازىرغا قەدەر بۇ خىزمەتلەر غەلىبىلىك تاماملاندى.

دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يارغول قەدىمكى شەھىرىنى رېمونت قىلىش، قوغداش توختامنامىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى- ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئورنى 1994 - يىلى 6 - ئايدا قەدىمكى شەھەردىكى 1 - 2 - نومۇرلۇق ئاھالىلەر رايونىدا ۋە شەرقىي قۇۋۇقتا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ زور بايقاشلارغا ئېرىشتى. بۇ بايقاشلار تۆۋەندىكىچە:

## 316 قەدىمكى قۇدۇق

ھەممىمىزگە مەلۇم، يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ تۆت ئەتراپى 30 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تىك يار بولغاچقا، تارىختا نۇرغۇن قېتىملىق قانلىق ئۇرۇشلاردىمۇ ھۇجۇم قىلىپ ئىگىلىشكە ئەپسىز بولغان مۇھىم ئىستىراتېگىيىلىك ئورۇن بولۇپ كەلگەن. شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپى 30 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تىك يار تۇرسا تارىختىكى نۇرغۇن قېتىملىق قانلىق ئۇرۇشلاردا شەھەر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلغان؟ سۇنى شەھەرنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى غولدىن توشۇپ ئىچكەنمۇ؟ ... دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر بىزنى ئويلاندۇرۇشى مۇمكىن. شۇڭا سۇ بولمىسا، بۇ شەھەر ئاللىبۇرۇن ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بولاتتى، خالاس. سۇ بولمىغان قىيىن شارائىتتا باتۇر، ئەقىل - پاراسەتلىك ئەمگەكچى ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قەدىمكى شەھەر ئىچىگە قۇدۇق قېزىپ بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى تۆۋەندىكى ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلار دەلىلەيدۇ. ئەينى زامانلاردا يارغول قەدىمكى شەھىرىدە نوپۇسنىڭ جىددى كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، قۇدۇقلارمۇ كۆپلەپ قېزىلىپ، نۇرغۇن ئائىلىلىكلەر قۇدۇق قېزىشنى ئومۇملاشتۇرغان.

1994 - يىلى 8 - 9 ئايلاردا ئارخېئولوگىيە خادىملىرى يارغول قەدىمكى شەھىردىكى قۇدۇقلارغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە قەدىمكى شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان كىچىك بۇد-

دا ئىبادەتخانىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ چىقتى ۋە مۇكەممەل ساقلانغان سۇيى بار قۇدۇقتىن بىرنى تازىلىدى. بۇ قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 30 مېتىر بولۇپ، قۇدۇقتىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كاربون 14 تەجرىبىسى ئارقىلىق تەكشۈرۈلىشىچە بۇ بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ 1640 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە پۈتكۈل يارغول قەدىمكى شەھىرىدە جەمئىي 316 قۇدۇقنىڭ بارلىقى بايقالدى ۋە بۇ قۇدۇقلار ئىچىدىن كۆپلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلدى. مەسىلەن، 2 - ئاھالىلار رايونىدىكى 27 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قۇدۇقتىن كۆپلىگەن ساپال كومزەكلەر تېپىلدى. شەرقىي قۇۋۇقتا قېزىش ئېلىپ بېرىپ، 6 قۇدۇقنى تېپىپ چىقىش بىلەن بىرگە، تاش قورالار ۋە ساپال قورالار قېزىۋېلىندى. ئەمەلدارلار مەھكىمىسى ئالدىدىكى بىر قۇدۇقنى تازىلاش جەريانىدا قۇدۇقتىن ئەر - ئايال بولۇپ جەمئىي 27 نەپەر جەسەتنىڭ قالدۇق ئۇستىخانلىرى بايقالدى. بۇ 27 نەپەر ئادەم نېمە سەۋەبتىن قۇدۇققا تاشلىۋېتىلگەن؟ . . . بۇ مەسىلىلەر بىزنىڭ بۇندىن كېيىن ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. قىسقىسى يارغول قەدىمكى شەھىرىدىكى بەزى قەدىمكى قۇدۇقلار ئىككى خەن دەۋرىدىن باشلاپ قېزىلىشقا باشلىغان.① سۇيى، تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ كۆپىيىپ، پۈتكۈل يارغول شەھىرىدە ئومۇملاشقان. يارغول قەدىمكى شەھىرىدىكى قۇدۇق قېزىش تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىشى، يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش بولۇپ، قېزىۋېلىنغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ تارىخىنى بولۇپمۇ تۇرپان كارىزلىرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تەتقىقات ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 49 ئورۇندىكى بۇددا مۇنارى

يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ قەدىمكى قۇرۇلۇش ئىزلىرى ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭراقى ئەمەلدارلار مەھكىمىسى بولۇپ، ئىگىلىگەن كۆلىمى 5192 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالدى تەرىپىدە بىر بۇددا مۇنارى بولۇپ، مۇنار شەھەرنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان. ئادەمنى تېخىمۇ ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، پۈتكۈل شەھەردىكى 49 ئورۇندا بۇددا مۇنارى بار بولۇپ، بۇ مۇنارلار شەھەردىكى ھەر بىر كوچىنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقان. قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەڭ شىمالىغا جايلاشقان مۇنار 1660 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى بۇددا مۇنارى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.② بۇ بۇددا مۇنارىنىڭ ئەتراپىغا 100 مۇنار ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇلار مۇنارلار توپىنى ھاسىل قىلغان.

يارغول قەدىمكى شەھىرىدە بۇددىزىم قۇرۇلۇشلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ياسىلىشى كۆركەم ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىز بۇلاردىن بۇددا دىنىنىڭ بۇ جايدا خېلى تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. ھازىر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ قۇرۇلمىسى بىر سىر بولۇپ تۇرماقتا. يەنى پۈتكۈل قەدىمكى شەھەردىكى بۇنداق قۇرۇلۇشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش قانداق ئېلىپ بېرىلغان؟ قۇرۇلۇش باشلانغان ۋاقىتلاردا قەدىمكى مۇنارلار توپى، كوچا - رەستىلەر، ئاھالىلار ئولتۇراق رايونى، ئەمەلدارلار مەھكى-

① «يارغول قەدىمكى شەھىرىنى قوغداش ۋە تەتقىقات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999-يىلى 1-نەشرى، خەنزۇچە 38-بەت.
② «خەلق گېزىتى»، 1994 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.

ـمىسى، ئىشىك - پەنجىرلەر بىر تۇتاش لايىـ
ھىلەنگەنمۇ قانداق؟ بۇنداق ئىلغار قۇرۇلۇش
لايىھە تېخنىكىسىنى كىم كەشىپ قىلغان؟
مانا بۇ مەسىلىلەر ئارخېئولوگىيە خادىملىـ
ـرىمىز ۋە تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ تەتقىق قىـ
ـلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

## 223 بوۋاقنىڭ قەبرىستانلىقى

يارغول قەدىمكى شەھىرىدە ئېلىپ بېـ
ـرىلغان بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيىلىك قېـ
ـزىش خىزمىتى كۆلەمى ئەڭ چوڭ بىر قېـ
ـتىملىق قېزىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلارـ
ـنىڭ ئىچىدە ئادەمنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرـ
ـىدىغىنى ئەمەلدارلار مەھكىمىسىنىڭ غەربىي
شىمالىدىكى ئورۇندىن تېپىلغان 223 نەپەر
بوۋاقنىڭ قەدىمكى قەبرىستانلىقىدۇر. قەبـ
ـرىستانلىقنىڭ ئومۇمىي كۆلەمى 600 كۋادـ
ـرات مېتىر كېلىدۇ. بوۋاقلار دەپنە قىلىنـ
ـغان بۇ قەبرىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇـ
ـقى 70cm، كەڭلىكى 30cm بولۇپ، پۈتۈن
قەبرىلەر رەتلىك قىلىپ قېزىلغان. ئارخېـ
ـئولوگىيە خادىملىرى بوۋاقلار قەبرىستانلىـ
ـقىنى سىناق يۈزىسىدىن قېزىپ بايقىشىچە،
ئەڭ كىچىك بوۋاقنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا ئەمدىلا
3 ئاي بولغانلىقى، بۇ بوۋاقلار قەبرىستانلىـ
ـقىنىڭ 10 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىـ
ـغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بوـ
ـۋاقلارنى بۇنداق بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ
دەپنە قىلىش ئەھۋالى، بوۋاقلارنىڭ نېمە
سەۋەبتىن ئۆلگەنلىكى ۋە قەبرىلەرنىڭ ھەمـ
ـمىسىنىڭ ئوخشاش قىلىپ قېزىلىشى دۇنياـ
ـدا ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ.① قىسقىسى يىـ
ـپەك يولىغا جايلاشقان يارغول قەدىمكى شەـ
ـھىرى گەرچە نەچچە مىڭ يىللىق بوران -
چاپقۇننى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېـ
ـكىن بۇ قەدىمكى شەھەر تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇـ
ـقى، كۆلىمىنىڭ چوڭلىقى، ساقلىنىشىنىڭ
مۇكەممەللىكى، قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنىڭ
ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن دۇنيا مەدەنىـ
ـيەت خەزىنىسىدە مەڭگۈ نۇر چاچقۇسى ۋە
يۇقىرىقى سىرلار يېشىلگۈسى.


**پايدىلانغان ماتېرىياللار**

1. «تۇرپان» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (خەنزۇچە).
2. «شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك 30 يىلى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (خەنزۇچە)؛ 1983 - يىلى 6 - ئاي نەشرى.
3. «يارغول قەدىمكى شەھىرى» شىنجاڭ فوتو گۈزەل - سەنئەت نەشرىياتى (خەنزۇچە) 1995 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.


(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى).

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**

① «خەلق گېزىتى»، 1994 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com



ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# ئاتاقلىق تۈركولوگ، مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس، تۇرپانشۇناس ئا. ۋون گابائىن

## — پروفېسسور ئا.ۋون.گابائىن خانىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن (1901 — 1993)

ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئىلمىي تەتقىقاتى ۋە پارلاق نەتىجىلىرى بىلەن يۈكسەك شۆھرەت قازانغان گابائىن خانىم، يالغۇز تۈركىي تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى خەلقلەر ئارىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭمۇ مەڭگۈلۈك ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەردۇر. ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئۇنى «مەريەم ئاپاي» دەپ ئاتىشى، تۇرپان بۈيلۈقتىكى بىر قەدىمىي غارنىڭ «گابائىن خانىم غارى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ بۈيۈك ئالىمغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك.

ئۇلۇغ ئالىم ئاننېمارىيە ۋون گابائىن (Annemarie von Gabain — ئۇيغۇرچە ئىسمى مەريەم ئاپا) خانىم 1901 - يىلى 7- ئاينىڭ 4 - كۈنى گېرمانىيىنىڭ مورچېنگېن (Morchengen — ھازىرقى فرانسىيە تەۋەسى) دە دۇنياغا كەلگەن، ئۇ 1920 - يىلى بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، ئاتاقلىق تۈركولوگ ۋە خەنزۇشۇناس، ئالىم ئو. فرانكې (O. Franke) ۋە ۋىلھېلىم باڭ (Wilhelhm Bang) قاتارلىق پروفېسسورلاردىن تۈركىي تىللار بويىچە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق، خەنزۇشۇناسلىق ۋە بۇددىزمشۇناسلىق ئۆگەنگەن. ئۇ 1926 - يىلى خەنزۇ تىلى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە كىرىپ، پرۇسسىيە خان جەمەتى تەشكىللىگەن گرۈنۋېدېل (Grünwedel) ۋە لېكوك (A. A. won Lekoq) باشچىلىقىدا گېرمانىيە «تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى» نىڭ تۇرپاندىن قېزىپ ئېلىپ كەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلىرىنى ئوقۇش - تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان، 1928 - يىلى گابائىن خانىمنىڭ تۈركولوگىيە، جۈملىدىن ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى تۇنجى ئەسىرى «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان مانى دىنىنىڭ شامال ئىلاھى ھەققىدىكى رىۋايەتتىن پارچە» ئېلان قىلىنىش بىلەن ئۇنىڭ تەتقىقاتى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغان. ئۇ 1929 - يىلدىن 1934 - يىلغىچە ئۇستازى ۋ. باڭ بىلەن بىرلىكتە ئالتە توملۇق «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى» نى ئېلان قىلغان. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى» نىڭ 7 - تومى ئالدىنقى ئالتە تومىنىڭ كاتالوگى بولۇپ، 1934 - يىلى نەشردىن چىققان. بۇ ئۇنىڭ ئۇستازى ۋ. باڭ بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلاردۇر. 1934- يىلى ۋ. باڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن گابائىن خانىم تەتقىقاتىنى ئۆزى مۇستەقىل داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ 1937 - يىلى ئەنقەرەدىن گېرمانىيىگە كېلىپ بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقىچە بولغان ئارىلىقتا تۈرك تىلى بويىچە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈرك تىلى پروفېسسورى بولۇپ تەيىنلىنىپ، 1976 - يىلى پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر تۈركىي تىللار بويىچە دەرس ئۆتىدۇ.

گابائىن خانىم 1950 - يىللاردىن باشلاپ، كەسىپداشلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى» نىڭ 8 -، 9 -، 10 - توملىرىنى ئېلان قىلىدۇ.

1957 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دىنى ئەسىرى ھەم ئېپتىدائىي دراما « (مايترى سىمىت) نىڭ بۇددىزمنىڭ ۋاسىباسكا مەزھىپىگە ئائىت قەدىمكى تۈركىي تىلىغا

تەرجىمە قىلىنغان تەقلىدىي نۇسخا» نى ئېلان قىل-
دى.

گابائىن خانىم تۈركىي تىللار بويىچىلا ئە-
مەس، بەلكى تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تارىخ، مەدەنى-
يىتى، دىنى، ئەدەبىيات - سەنئىتى ۋە ئىجتىمائىي
فولكلورى بويىچىمۇ مۇتەخەسسىس بولۇپ ھېسابلى-
نىدۇ. ئۇ 1960 - يىللاردىن كېيىن مەخسۇس
تۇرپان رايونىنىڭ ماددىي، مەنىۋى، قەدىمكى دى-
نىي ئېتىقادى ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىنى تەتقىق قى-
لىش بىلەن پائال شۇغۇللىنىدۇ. تۇرپانشۇناسلىق
جەھەتتە ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «قەدىمكى
تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى» نىڭ ئون
تومىدىن باشقا، «ئىدىقۇت خانلىقى (1250 —
950)» ، «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى
كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە يۈرۈش - تۇرۇش
ئادەتلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» ، «تۇرپاندىن قېزى-
ۋېلىنغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ مەنبەسى» ، «قە-
دىمكى تۇرپان رايونىنىڭ مەتبەچىلىك سەنئىتى» ،
«ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ۋە ئاز سانلىقمىللەتلەر» ،
«تۇرپاندىن تېپىلغان قولىيازمىلارنىڭ تارىخىي دەۋ-
رى» ، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان
بۇددا نومى — ئابىدارما كۇشاۋاردى شاستىر» ،
«تۇرپاندىن تېپىلغان قىستۇرما سۈرەتلىك كىتاب
— ئوتتۇرا ئاسىيا كىشتىگاربھا (بۇت ساتۇۋا) ئېتى-
قادى» ، «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىج-
تىمائىي ھايات» (1973-يىل) ، «تۇرپاندىن قېزى-
ۋېلىنغان ئارخات تېپىدىكى تۇتاش تام رەسىملىرى»
(1975 - يىل) ، «بايانىي ئۇسۇلدا تەسۋىرلەنگەن
تۇرپان سەنئىتى—سۆز ۋە ئوبراز» (1977-يىل) ،
«كۇچادىن بامىيانغىچە بولغان رايونلارنىڭ مەدەنى-
يەت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» (1977-يىل) ،
«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (1980 -
يىل) ، «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت مەر-
كىزىنىڭ ئۆتكەن شەھىرىدىن قوچو شەھىرىگە
يۆتكىلىشى» (1982 - يىل) ، «تارىم ۋادىسىدىن
قېزىۋېلىنغان ئوتتۇرا ئەسىر تام رەسىملىرىدىكى
ئورتاقلىق ۋە خاسلىق» (1983 - يىل) ، «يىپەك
يولى بويىغا جايلاشقان تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەر-
نىڭ ئېتنىك تەركىبىي ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرى»
(1986 - يىل) ، «قەدىمكى ئۇيغۇر گۈزەل سەنئى-
تىدىكى ھەيكەلتىراشلىق» (1987 - يىل) ،
«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ئۇيغۇرلار تەتقىقا-
تى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان
قىلغان.

گابائىن خانىم ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق تەتقى-
قاتى بىلەنمۇ ئاكتىپ شۇغۇللانغان، ئۇنىڭ بۇ جە-
ھەتتىكى نەتىجىلىرىدىن، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوت-
تۇرا ئەسىردىكى ئات مەدەنىيىتى ۋە چەۋەندازلىق»
(1965 - يىل) ، «ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيا
خەلقلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا ئىران دىنلىرىنىڭ
تەسىرى» (1977 - يىل) ، «ئوتتۇرا ئاسىياشۇ-
ناسلىق تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە» قاتارلىق ئىلمىي
ئەمگەكلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. گابائىن خا-
نىم تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى جە-
ھەتتە خېلى چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان مەشھۇر
تۈركولوگدۇر. ئۇ 40 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 70
- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە «يىراق قەدىمكى
تۈركلەرنىڭ دالا ۋە شەھەر ھاياتى» ، «ئۇيغۇرلار-
نىڭ قەدىمكى تارىخى» (745 _607) ، «1000
يىل ئاۋۋالقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردا-قەسىرلىرى» ،
«تارىختىكى ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن
قىياتاش سۈرەتلىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيە-
تى» ، «دىن تارقاتقۇچى بۇددىست تۈركلەر» ،
«قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ۋاقىت ھېسابلاش ۋە خاتى-
رىلەش سىستېمىسى» ، «ھۇن ۋە تۈركىي خەلقلەر-
نىڭ تۇغقانچىلىقى» ، «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر»
، «ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك قىياپىتى» ،
«تۈركىي خەلقلەردە رەڭ ئاتالغۇلىرىنىڭ سىمۋول-
لۇق مەنىسى» ، «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ
يازما مەدەنىيىتى ۋە مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى» ،
«قەدىمكى ئۇيغۇر ئېسىلزادىلىرىنىڭ ئۈچ قىرلىق
باش كىيىملىرى» ، «مەدەنىيەت ئۇقۇمى ھەققىدە
قىسقىچە مۇلاھىزە» ، «تۈركىي خەلقلەردە رەڭلەر-
نىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى» ، «قەدىمكى تۈركىي
خەلقلەرنىڭ يوتا (بەلباغ) تۈرلىرى توغرىسىدا» ،
«قاتلىما شەكىلدىكى يۇمىلاق كىگىز چېدىرلار توغ-
رىسىدا دەسلەپكى تەكشۈرۈش» ، «سوغدى يېزىقى-
دىكى قەدىمكى تۈركىي تېكىستلىرى» قاتارلىق
مەخسۇس ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇ 1971-
يىلى خەلقئارا ئورال - ئالتايشۇناسلىق ئىجرائىيە
كومىتېتىنىڭ پەخرىي ئەزاسى بولغان.

گابائىن خانىم ئۇزاق مۇددەتلىك ئوقۇتۇش پا-
ئالىيىتىدە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر تۈركولوگلارنى
تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. مەسىلەن، ياپونىيە-
لىك موري ماساۋ (خويافۇ) ، دانىيىلىك ئاسىموس،
تۈركىيىلىك سىناشى تېكىن، ئامېرىكىلىق ئىلسىي
لاۋدىي سىرتاۋتاس، گېرمانىيىلىك ك. رۆھربۆرىن
قاتارلىق پروفېسسورلارنىڭ ھەممىسى گابائىن خا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىمدىن تەلىم ئالغان.

پروفېسسور گابائىن خانىم جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى، مەرھۇم بۇرھان شەھىدىنىڭ تەكلىپى بىلەن 1982 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇپ، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتترا ئەسىردىن بۇيانقى تۈركىي تىللاردىكى يازما يادىكارلىقلىرى»، «قەدىمكى ئۇيغۇرلار رەسساملىقى» دېگەن تېمىلاردا ئىلمىي دوكلات بەرگەن، ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىملار، مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق تۈركولوگى گېڭ شىمىن، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ئىبراھىم مۇتىئى قاتارلىقلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان. ئۇ زىيارەت جەريانىدا، بېيجىڭ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا بىر قاتار ئىلمىي دوكلاتلارنى بەرگەن. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى كۆزدىن كەچۈرگەن، تۇرپان، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە ۋە ساياھەت قىلغان.

قىسقىسى، گابائىن خانىمنىڭ ھاياتى ھارماي-تالماي تەتقىقات بىلەن ئۆتكەن، مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان شەرەپلىك ھايات، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تۈركولوگىيە تەتقىقاتىغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، دىنى، ئەدەبىيات- سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان، ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى ئويلاشمىغان بۈيۈك شەخستۇر.

گابائىن خانىمنىڭ تۈركىي خەلقلەر، بولۇپمۇ تۇرپانشۇناسلىققا - ئۇيغۇرشۇناسلىققا بېغىشلانغان مەخسۇس تېمىدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرى ئون نەچچە تومدىن، ئىلمىي ماقالىلىرى (جۈملىدىن، مۇھىم تەقرىزلىرى) 200 پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئۇلۇغ نەتىجىلىرى ئارقىلىق قەدىمكى تۈرك تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، سوغدى تىلى، توخرى تىلى، بولۇپمۇ شىنجاڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، دىنى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتى جەھەتتىكى تەتقىقاتلارغا غايەت زور تۆھپە قوشتى. شۇڭا ئۇ يالغۇز تۈركىي تىللىرىدىلا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى خەلقلەر ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىززەت، ھۆرمىتىگە سازاۋەردۇر.

ئاتاقلىق تۈركولوگ جۈملىدىن مەشھۇر تۇرپانشۇناس — ئۇيغۇرشۇناس، بۈيۈك بىلىم ئىگىسى گابائىن خانىم 1993 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى 92 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىششى دۇنيا تۈركولوگىيە ساھەسى، جۈملىدىن تۇرپانشۇناسلىق - ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىدىكى غايەت زور يوقىتىش بولدى.

گابائىن خانىمنىڭ تۈركولوگىيە بولۇپمۇ تۇرپانشۇناسلىق — ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىغا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرى باشقا ھەرقانداق شەخسنىڭ تۆھپىسى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئىلمىي ئىزدىنىشى تۈركولوگىيە، تۇرپانشۇناسلىق - ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىدىكى چوڭ بوشلۇقلارنى تولدۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا مۇئەييەن بىر سىستېما ياراتتى.

ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى تۈركولوگىيە ساھەسىدە ماكرولۇق تەتقىقاتلاردىن مىكرولۇق تەتقىقاتلارغىچە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىدىن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگىچە، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار ۋە يازما ۋەسىقىلەردىن تارتىپ نازۇك تىل تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىنىڭ يەكۈنلىرىگىچە بولغان ناھايىتى كەڭ ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ھاياتى پائالىيىتىدىن خەۋەردار بولۇش، تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا جۈملىدىن تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىدا زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، تۆۋەندە پروفېسسور ئا. ۋون. گابائىن خانىمنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 - يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن گابائىن خانىمنىڭ بىر قىسىم ماقالىلىرىنى تاللاپ ژۇرنىلىمىز ئارقىلىق ھوزۇرىڭىزلارغا سۇنۇشنى مۇۋاپىق تاپتۇم.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىم قېيۇم

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2000 - يىللىق 2 - سانىدا تۆمۈر ھەسەننىڭ «دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرىنىڭ بايقىلىشى» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىنى شىنجاڭ «كىتابلار مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 2 - 1 - سانىدىن كۆچۈرۈپ باسقاندۇق. سەۋەنلىكىمىزدىن ئاپتورنىڭ ئىسمى بىلەن ژۇرنالنىڭ نامى ئەسكەرتىلمەي قالغان، مۇناسىۋەتلىكلەرنىڭ ۋاقىپ بولۇپ قېلىشىنى سورايمىز.

# قارا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى

(مىلادىيە 850 — 1250 - يىللار)

ئا.ۋ.گابائىن

## تۈزگۈچىدىن

مىلادىيە 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭنىڭ تۇرپان، كۇچا ۋادىلىرىدا سەلتەنەت سۈرۈپ ئۆتكەن قارا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دۆلىتىمىز تارىخىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار كەمرەك بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ رايوننىڭ شۇ چاغدىكى تارىخى بىلەن تولۇق تونۇششىمىز ئۈچۈن زور قىيىنچىلىق تۇغۇلدى. شۇڭا بەزى ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىكلىكى ۋە مۇھىملىقى روشەن بولۇپ قالدى.

گېرمانىيە هامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، قەدىمكى زامان تۈركشۇناسى ئا. ۋون. گابائىن (A. Von Gabain) پۈتۈن هاياتىدا تۇرپاننىڭ يەر ئاستىدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا دائىر هۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، يەنە شىنجاڭنىڭ يەر ئاستىدىن تېپىلغان سەنئەت بۇيۇملىرىغىمۇ قاتتىق ھەۋەسلىنىپ، «قەدىمكى تۈرك تىلى گىراماتىكىسى»، «قوچوئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاياتى»، «ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىققا مۇقەددىمە» ناملىق ئەسەرلەرنى يازدى. «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىيە 850—1250 - يىللىغىچە)» «Uigurische koniqreich von chotscho 850 — 1250» بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1961 - يىل نەشرى) شۇ ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، ھازىر پروفېسسور گابائىن خانىمنىڭ بۇ ئەسىرىنى گابائىن خانىمنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلدۇق. ئەسلى ئەسەرگە 41 ئورۇندا رەسىم ئېلىنغان، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەتبەئە شارائىتى چەكلىك بولۇش سەۋەبىدىن، رەسىملەرنى قوشۇپ بېرىشكە ئىمكانىيەت بولمىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇرمەنلەردىن ئەپۇ سورايمىز.

## مۇندەرىجە

مۇقەددىمە

يەر تۈزۈلىشى

تۇرپان رايونىنى ئارخولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، ئۈچ مەدەنىيەت دەۋرى

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان خەلقلەر

ھىندى — ياۋروپالىقلار ھىندىلار

ساكلار سوغدىلار «توخارلار»

سۈرىيىلىكلەر خەنزۇلار تىبەتلىكلەر

موڭغۇللار تۈركلەر

قوچو خانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۈزۈمى: ھۆكۈمرانلارنىڭ نامى، ئۇنۋانلىرى، بەخت قارىشى، بۇ ئالەم بىلەن ئاخىرەتنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەجەل تېشى، جيۇڭشياڭ يېزىقى، «بىرىنچى ساۋاپلىق ئىش»

تارىخلاشتۇرۇش، تېپىكلەشتۇرۇش ۋە يات مىللەتلەرگە بولغان مۇناسىۋەت

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىملىرى

ئەرلەر كىيىمى ئاياللار كىيىمى باشقا كىيىملەر

خاس سۇرەتلەر ماددى مەدەنىيىتى

ئات بېقىش، دېھقانچىلىق، بوركۇتۋازلىق، تۇرالغۇ ئۆي

يېزىق مەدەنىيىتى

دىن

تىل تەرەققىياتى

ئەدەبىياتى

خاتىمە

## مۇقەددىمە

يەن ساھەسى شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىلگىرى ئىسلام مەدەنىيىتى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە ئىدى. رۇسىيىلىك كلېمېنتز D. Klements تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى (1898 - يىل) دىن[1] تارتىپ ئا. گرۈنۋېدېل A. Grünwedel ۋە لېكوك Lecoq لارنىڭ باشچىلىقىدىكى تۆت قېتىملىق گېرمانىيە تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگىچە[2]، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ نۇرغۇن ئەللەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى شىنجاڭغا كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بارغان. گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىدى قولغا چۈشۈرگەن قوليازمىلار ۋە ياغاچقا ئويۇلغان تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى كېيىن گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تاپشۇرغان، تام سۈرەتلىرى، ھەيكەللەر ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بولسا بېرلىندىكى ئېتنوگرافىيە مۇزېيىغا تاپشۇرغان. ھازىر مەن (شەرقىي گېرمانىيە) پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، سابىق «شەرقشۇناسلىق كومىتېتى» (ھازىر «شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئىنىستىتوتى»غا ئۆزگەرتىلدى) ۋە چەتئەل ئالىملىرىنىڭ (تۇرپان) يەر ئاستى يادىكارلىقلىرىغا ئاساسەن، تۇركشۇناسلىق تەتقىقاتى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتىمەن.

## يەر تۈزۈلىشى

شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقى — ئەتراپى تىبەت، پامىر، جۇڭغار ئويمانلىقى، موڭغۇلىيە، گەنسۇ ۋە چىڭخەي رايونلىرى بىلەن تۇتاشقان بىر جاي بولۇپ، ئۇنىڭدا قۇملۇق چۆللەر كەڭ تارقالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇنبەت، ئاھالىسى كۆپ بەزى بوستانلىق ۋادىلارمۇ بار. بۇ بوستانلىق ۋادىلارنىڭ بىرەرسىمۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى دەپ ھېسابلانغان تارىم دەرياسىنىڭ ساھىلىدىن ئورۇن ئالغان ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى — تارىم دەرياسىنىڭ ئۆزەنى تار ھەم تېيىز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەريا ئېقىنى ئۆز يولىنى دائىم ئۆزگەرتىپ تۇراتتى[3]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاھالە ئولتۇراقلاشقان رايونلار تولاراق تاغ ئېتەكلىرىگە ۋە كىچىكرەك دەريا ئېقىنلىرىنىڭ چەت ياقىلىرىغا جايلاشقان. بۇ بوستانلىقلار ئاساسەن سۇغۇرۇلىدىغان ۋادىلار ھېسابلىنىدۇ، ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ تاشلىنىپ كېتىشىگە، كۆپىنچە ھاۋا كېلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشىلا ئەمەس، بەلكى كۆچمە قۇملارنىڭ بېسىپ كېتىشىمۇ سەۋەب بولغان، ئورۇشلارمۇ بەزى ۋادىلارنىڭ ئاھالىسىنى شۇنداق ئازايتىۋەتكەنكى، ھەتتا سۇغۇرۇش ئىنشائاتلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا يېتەرلىك ئەمگەك كۈچىمۇ قالمىغان. لېكىن سۇغۇرۇش ئىنشائاتلىرى ياخشى قوغداپ قېلىنغانلىكى جايلاردا مۇنبەت يەرلەر ناھايىتى ياخشى ھوسۇل

بەرگەن.

تارىم ئويمانلىقىدىكى ئىككى چېگرا تاغ (جەنۇبتا كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى، شىمالدا تەڭرىتاغ تىزمىسى) شىنجاڭنىڭ قاتناش ئالاقىسىنىڭ يۆنىلىشىنى ۋە تارىخىي تەرەققىياتىنى بەلگىلەيتتى. جەنۇبىي يولنىڭ شەرقىي قىسمىدا ھازىر كىشىلەر ناھايىتى ئاز قاتنايدۇ، لېكىن ئاپتوموبىل يۈرەلەيدۇ، تولاراق قاتناش شىمالدىكى ئىككى يولدا بولىدۇ، يەنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئىككى يول ئارقىلىق بولىدۇ. ناھايىتى قەدىمكى دەۋردە جۇڭگونىڭ يىپەك رەختلىرى مۇشۇ ئۈچ يول ئارقىلىق رىمغا ئېلىپ بېرىلاتتى. مۇشۇ يوللارمۇ شىنجاڭنىڭ ئۆز دائىرىسىدە مەدەنىيەت ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت بېرەتتى. لېكىن (جۇغراپىيە شارائىت بىر پۈتۈن ھاكىمىيەت ئورنىتىشقا پايدىسىز ئىدى، ھەربىر ۋادا، قەدىمكى قوچوغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ يەرلىك ئىدىئولوگىيىسىگە ۋە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تىلىغا (ھىندى — ياۋروپا سىستېمىسى ياكى ئالتاي سىستېمىسىدىكى تىلغا) ئىگە ئىدى. پەقەت مىلادىيە 11 - ئەسىردە تۈركلەر (قارلۇقلار قەبىلىسى) قۇرغان قاراخانىلار سۇلالىسى قەشقەردىن شەرقىي جەنۇب ۋە شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ كېڭەيگەن ۋە ئىسلام دىنى تارقالغان ۋاقىتتىن ئېتىبارەن ئاندىن ئومۇميۈزلۈك تۈركلىشىشكە باشلىغان. بۇ جەريان 13 - ئەسىردىكى موڭغۇللار دەۋرىدە يەنە تېخىمۇ كۈچەيدى. شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغۇچى ئاھالىلارنىڭ ئېرقى بۆلۈنۈشلىرى مۇرەككەپ ئىدى، لېكىن تىل جەھەتتە بولسا ھازىر بىرلىككە ئىگە (تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى يايلاقلاردا ياشىغۇچى قىرغىزلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى بىلەن بولغان تىل قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) بولۇپ، ئۇلار شەرقىي تۈرك تىلىنى ياكى ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىدۇ.

## تۇرپان رايونىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، مەدەنىيەتنىڭ ئۈچ دەۋرى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەرقايسى ئەل ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى: كۆچمە قۇم ئىسلام مەدەنىيىتىدىن بۇرۇن ئاھالە ياشىغان بەزى رايونلارنى 1000 يىلدىن 1600 - يىلغىچە كۆمۈپ ياتقان. ئىسلام ئاھالىسى قەدىمكى دەۋردە، غەيرى دىندىكىلەر، دەپ ئاتالغانلار ياشىغان جايلارغا ۋە ئۇلارنىڭ دىنىي ئىمارەتلىرىنىڭ كونا ئىزلىرىغا ئېتىۋارسىز قارىغانلىقتىن، بۇ جايلار پۈتۈنلەي خارابىلىققا ئايلانغان. يەر ئاستىدىن تېپىلغان بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئورنى ھازىر ئاھالە ياشايدىغان رايونلارنىڭ يېقىن ئەتراپىغا جايلاشقان، يەنە بەزىلىرى بولسا ئارخېئولوگلارنىڭ ئۆتكۈر سېزىمى ئارقىسىدىلا بايقىۋېلىندى. بۇ ئارخېئولوگىيىلىك كونا ئىزلار ئىچىدە قەلئە خارابىلىرىنىڭ قالدۇقلىرى، ئايۋانلار، ئىبادەتخانىلار، ئۆي ئۇللىرى، سېپىللار، مىڭ ئۆيلەر ھەم تۇرمۇش بۇيۇملىرى، توقۇلما بۇيۇملار، كىيىم - كېچەك قالدۇقلىرى، بولۇپمۇ دىنىي بۇتلار، ئىبادەتخانا تۇغلىرى، تام سىزما رەسىملەر، قولىيازمىلار ۋە پاتترا دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىغا يېزىلغان دىنىي كىتابلار، شۇنىڭدەك قەيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا ياكى ياغاچقا يېزىلغان يېزىقلار ۋە ئويما قولىيازمىلىرى بار. گرۈنۋېدېل[4] (Grünwedel) ۋە لېكوك[5] (Lecoq)لار ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ياسىلىش فورمۇلىرىدىن ئارىئانچە، خەنزۇچە ۋە يەرلىكچە ئۈچ خىل نۇسخىسىنى تاپتى. ھەيكەل، تام سىز-

ما رەسىملىرى ۋە شايىدىن ئىشلەنگەن رەسىملەرنىڭ ئۇسلۇبىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە، ئى. ۋالدسمىت[6] (E. Waldschmidt) ئۈچ مەدەنىيەت دەۋرىنى تىكلىدى: ئەڭ قەدىمكى دەۋر تەخمىنەن مىلادىيە 600 - يىللاردىكى گاندارا (Gandhara) دەۋرى[7]، ئىككىنچى دەۋر (پارس) ساسانىيلار دەۋرىنىڭ بىرمۇنچە خۇسۇسنچى دەۋر، مىلادىيە 800 - يىللاردىن كېيىنكى تۈرك — خەنزۇلار دەۋرى. يەر ئاستىدىن تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ تۈرلىرى: خەنزۇ يېزىقىدىن باشقا، براخما يېزىقىنىڭ گۇپتا Gupta ۋارىيانتى، تىبەت يېزىقى، ئىنجىل (نېستورىيانچە) ئۇسلۇبىدىكى ئەدەبىيات (Estrangelo)، پەھلىۋى يېزىقى ۋە باسبا موڭغۇل يېزىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇن موڭغۇل ئېگىزلىكىدە مەڭگۈ تاشلارغا يېزىلغان قەدىمكى تۈرك يېزىقى، شۇنىڭدەك مۇللېر (F. W. K müller) ۋە لېكوك (Lecoq) لار تەرىپىدىن ئاساسلاپ بېرىلگەن سوغدى يېزىقى ھەم مانى يېزىقلىرىلا ئۇچرايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قولىيازمىلار ۋە ئويما يېزىقلارنىڭ خىلمۇ خىللىقلاردا يېزىلىشىدىن قارىغاندىمۇ بۇ رايوننىڭ مەدەنىيىتى كۆپ تۈسكە ئىگە ئىكەنلىكى ئوچۇق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: خەنزۇ تىلى، تاڭغۇت تىلى، موڭغۇل تىلى، تىبەت تىلى، ئارىلاشما سانسكرىت تىلى[8] (hybride)، قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى پارس تىلى، سوغدى تىلى، (خوتەن) ساك تىلى، ئىسمىدا تالاش - تارتىش بولغان «توخار تىلى» (ھازىرقى قەدىمكى كۇچا تىلى، قارا شەھەر تىلى دەپ ئاتاش كېرەك — تەرجىماندىن*)، سۇرىيە تىلى ۋە يەنە گۇمانلىقراق بولغان ئېفتالىتلار[9] (Hephathalishe) تىلىدا يېزىلغان ھۆججەتلەر بار. ئاخىرىدا ئەڭ كۆپ ساندا ئۇچرايدىغىنى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ھۆججەتلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ مەدەنىيەت دەۋرى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (تەخمىنەن 850 — 1250 - يىللار) دەۋرىگە مەنسۇپ. ئۈچ مەدەنىيەت دەۋرى ھەققىدە ئومۇمىي توختالغاندىن كېيىن، تۆۋەندە مۇشۇ كېيىنكى دەۋردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى تەسۋىرلەشكە ئىنتىلىپ كۆرىمىز:

ئۈچ مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ چەك - چېگرىسىنى بەلگىلەش تەس، ئوخشاش بولمىغان بوستانلىق ۋادىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش دەرىجىسى بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ: ئەڭ قەدىمكى دەۋرنىڭ ئىستىلى خوتەن رايونىدا رەسىملەشكەن، ئىككىنچى دەۋرنىڭ ئىستىلى بولۇپمۇ كۇچا رايونىدا ئىپادىلىنىدۇ، ئۈچىنچى دەۋر بولسا تۇرپان رايونىدا ئوچۇق ئىپادە بېرىدۇ.

قەدىمكى تارىم ئويمانلىقىدا بۇددا دىنى كەڭ تارالغان. مانى دىنى خرىستىيان دىنىدىكى نېستورىيان مەزھەپلىرى (2 - رەسىم) بەزى جايلاردا بىر مەزگىل چەكلىك دەرىجىدىلا تارقالغان.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى توغرىسىدا خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار ئاز. شۇ چاغلاردا جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى «بۆلۈنمە» ھالەتتە ئىدى، ئۇنىڭ ئۆزىدە قاتمۇ - قات قىيىنچىلىقلار بار ئىدى، شۇڭا غەربكە كۆڭۈل بۆلۈشكە چولىسى يوق ئىدى، شەرقىي رىم ۋە مۇسۇلمانلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار ئىككىنچى قول ئارقىلىقلا كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۆۋەندە شۇ چاغدىكى (قوچو ئۇيغۇر خانلىقى) ھاياتىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىك ماتېرىياللار ۋە قولىيازمىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىقلا سۈرەتلەپ بېرىشكە ئىنتىلىپ كۆرىمىز.

* بۇ لېكسىيىنى گېڭ شىمىن ئەپەندى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، تىرناق ئىچىدىكى تەرجىماندىن دېگەن سۆز خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنى كۆرسىتىدۇ.

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان خەلقلەر

## ھىندى — ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ئاھالىلار

مىلادىيەدىن ئىلگىرى ھىندى — ياۋروپا تىلى سىستېمىسىدىكى تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا دېگۈدەك تارالغان. مىلادىيەدىن كېيىنكى 1000 يىل داۋامىدا ئۇلار ئاستا - ئاستا غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ چېكىندى، ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر بولسا ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدى.

### ھىندىلار

قەدىمكى ھىندىستان سودىگەرلىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ماكانلاشتى ھەمدە بۇ يېڭى ماكانلارغا ئۆز ۋەتىنىنىڭ شەھەر نامىلىرىنى[10] قويۇشتى، بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن سودىگەرلەر بىلەن مۇناسىۋەتتى بولمىغان شىماللىق بۇددا دىنى راھىپلىرىمۇ[11] بار ئىدى. بۇ بۇددا دىنى راھىپلىرى دىن تارقىتىش بىلەن بىللە، گاندارا (قەندىھار) ئۇسلۇبىدىكى بۇتلارنى ۋە شىمالىي ھىندىستاندىن چىقىدىغان قەيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان قولىيازمىلار ياكى ئوتتۇرا ھىندىستاننىڭ پاتترا دەرىخى يوپۇرمىقىغا پۈتۈلگەن قولىيازمىلارنى بىللە ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى. بۇنىڭ سىرتىدا، بۇ ھىندى راھىپلىرى سانسكرىت تىلىدا ئەسەرلەر يازاتتى ۋە شىنجاڭدا مۇشۇ تىل بىلەن مۇددەرسلىك قىلىشاتتى. يەرلىك مىللەتلەر سانسكرىت تىلىنى قوللىنىش جەريانىدا ئۇ تىلغا بەزى ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈشى تەبىئىي ئىدى، شۇڭا تارىم ئويمانلىقىدا تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى بۇددا كىتابلىرى قەدىمكى سانسكرىت تىلى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىزدىن چىققان «ئارىلاشما سانسكرىت تىلى» (Hybride) بىلەن يېزىلغان، يەنى قەدىمكى زاماننىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى بىرخىل ھىندى شىۋىسى بىلەن قەدىمكى سانسكرىت تىلى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن.

### ساكلار (Saken)

قەدىمكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان خوتەنگە ئاساسەن ساكلار ماكانلاشتى. ساكلارنىڭ تىلى بىرخىل (قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرقىي ئارىيان شىۋىسى[12] ھېسابلىناتتى. خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا سەي (塞) دەپ ئاتالغان بۇ مىللەت، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىن، ئالدى بىلەن، ھازىرقى ئافغانىستان تەرەپلىرىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ خانى ئاسوكانىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، يەنە ئۇ يەردىن ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغا قاراپ كۆچكەن، ئىككىنچى بىر تەرەپتە شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا قاراپ كۆچكەن بولۇشى ئېھتىمال. مىلادىيە 10 - ئەسىرگە بارغاندا، ئۇلار يەنىلا شەرقتىن دۇنخۇاڭنىڭ خوتەن دۆلىتىگىچە بولغان جايلار[13]غا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. دۇنخۇاڭ ئۇ چاغدا سا جەمەتى (خوتەن خانلىقىنىڭ تۇغقىنى) ئائىلىسىنىڭ ئىختىيارىدىكى كىچىك بىر پادىشاھلىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ساكلارنىڭ دۇنخۇاڭدىمۇ تەسىرى بار دېگەنلىك. خوتەن رايونىدا ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە بۇددا دىنى دەۋر سۈرگەن، ساكلارنىڭ پايتەختى بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى ھېسابلىناتتى. خوتەندىكى ساكلار دۇنخۇاڭ ئارقىلىق گەنسۇ ۋە شۇ يەردە ياشىغۇچى تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قويۇق باغلىنىشاتتى. مىلادىيە 9 ـ ئەسىردە تىبەتلىكلەر دۇنخۇاڭنى تارتىۋالدى، لېكىن 870 ـ يىلى، ئۇلار يەنە جاڭ يىچاۋ تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا خوتەننىڭ «ئارسلان خانى» مۇسۇلمان قاراخانىلار سۇلالىسى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. (خوتەن) ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەر خوتەن رايونىدىن باشقا، دۇنخۇاڭدا، ھەتتا شىمالدا مارالبېشىدىنمۇ تېپىلغان.

**سۇغدىلار**

سۇغدىلارمۇ بىرخىل (شەرقىي) ئارىئان تىلىدا سۆزلىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئىسمى بويىچە قارىغاندا، سەمەرقەنت ئەتراپىدىكى سۇغدىيانا (Sogdiana) ئۇلارنىڭ ئەسلى ئولتۇراقلاشقان جايى ياكى بىرەر قېتىم ئولتۇراقلاشقان مۇھىم جايى ئىكەنلىكى تېخى بىزگە ئايدىڭ ئەمەس. سوغدىلار شىنجاڭدا ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى نۇرغۇن جايلاردىن ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن ھۆججەتلەر تېپىلدى⑭. ئۇلار تولاراق شەھەر ـ كەنتلەرگە مەركەزلەشكەن بولسا كېرەك. سۇغدى تىلىدىكى ئەڭ قەدىمىي ھۆججەتلەر مىلادىيىدىن كېيىنكى 312 ـ يىلى دۇنخۇاڭنىڭ يېقىن يېرىدىكى خارابىلاردىن تېپىلغان بىر تۈركۈم خەت ـ چەكلەرگە كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ چاڭئەندىكى ئادەم سانىمۇ ئاز ئەمەس. غەربىي تۈركىستان (تاجىكىستاننىڭ مۇغ تېغى ـ تەرجىمان) دىنمۇ سۇغدى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر تېپىلدى⑮. خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، بۇ مىللەت سودا ئىشلىرىغا پىششىق ئىكەن. ئۇلار مەدەنىيەتلىك شەھەرلىكلەر سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىغا شەھەر بەرپا قىلىشقا دائىم جەلپ قىلىناتتى⑯.

**«توخارلار» ("Tocharar")①**

ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، شىنجاڭدا يەر ئاستىدىن تېپىلغان بىر قىسىم تېتىلىپ كەتكەن قولىيازمىلارنىڭ تىلى ھىندى — ياۋروپا تىللىرىنىڭ غەربىي سىستېمىسىغا مەنسۇپ بىرخىل تىل بولۇپ، مۇللېر ئۇنىڭغا «توخار تىلى» دەپ نام بەرگەن، بۇ نام توغرىسىدا تېخى تالاش ـ تارتىش بار. بىزگە مەلۇم، قەدىمكى دەۋردە توخارىستان دەپ ئاتالغان جاي پامىرنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق جايلارنى كۆرسىتەتتى. «توخار» تىلىدىكى قولىيازمىلار ھازىرغىچە پەقەت تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىنلا تېپىلدى. «توخار تىلى» نىڭ بىرىنچى خىل شىۋىسى تۇرپان رايونىدا يەر ئاستىدىن تېپىلغان (بۇددا) دىنىي ھۆججەتلىرىنى ۋەكىل قىلىدۇ، ئىككىنچى خىل شىۋىدىكى قولىيازمىلار بولسا (تولاراق بۇددا دىنى ۋە ئۆرپ ـ ئادەت مەسىلىلىرى مەزمۇن قىلىنغان) كۇچادىن تۇرپانغىچە بولغان جايلاردىن تېپىلدى، ئىككىنچى خىل شىۋىدىكى شەرقىي يەرلىك تىلى تۇرپاندا قوللىنىلغان بولۇشى كېرەك⑰ (بۇ — گېرمانىيە ئىلمىي مەكتىپىنىڭ بىرخىل قارىشى. تۇرپان رايونىدا بىرىنچى خىل شىۋە ئىشلىتىلىشى كېرەك ئىدى. ـ تەرجىمان)، «توخارلار» كۇچا رايونىدا ئىنتايىن گۈللەنگەن ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىنىڭ ئىجاتچىسى ھېسابلىنىشى كېرەك. ئۇلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئۇلارنىڭ تىلىدا يېزىلغان دىنىي ھۆججەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇددا دىنىنى مەزمۇن قىلىدۇ. كۇچامۇ خوتەنگە ئوخشاشلا شىنجاڭنىڭ مەشھۇر بۇددا دىنى مەركەزلىر-

① تەرجىماننىڭ ئىزاھاتى: بۇ يەردە گاباين گېرمانىيە ئىلمىي مەكتىپىنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشى بويىچە، «توخارلار» (قوش پەش ئىچىگە ئېلىنغان بولسىمۇ) نى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى توخارىستان رايونىدىن كەلگەن ئاھالە دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «توخارلار» ئەمەلىيەتتە قەدىمكى كۇچا، قاراشەھەر (تورپاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) رايونلىرىدىكى يەرلىك كونا ئاھالە ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىن ئارىئان تىلىغا مەنسۇپ ھەقىقىي توخار تىلى تېپىلدى. ھازىر ئۇلارنى قەدىمكى كۇچالىقلار، قاراشەھەرلىكلەر دەپ ئاتاش كېرەك. ئۇلارنىڭ تىلىنى قەدىمكى كۇچا (كۇسەن)، ئاگنى (قاراشەھەر) تىلى دەپ ئاتاش لازىم.

دىن بىرى بولۇپ سانىلىدۇ. قەدىمكى تۈرك تىلى (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك - تەرجىمان) دا يېزىلغان بۇددا دىنى ھۆججەتلىرىدىكى بىر مۇنچە بۇددا دىنى ئاتالغۇلىرى «تۇخار تىلى» تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن سانسكرىت تىلى ياكى «تۇخار تىلى» دىن ئىبارەت. بىرىنچى خىل «تۇخار تىلى» دا يېزىلغان بەزى قولىيازمىلارنى تۈرك ساخاۋەتچىلىرى باشقىلارغا كۆچەرتكۈزگەن، شۇڭلاشقا بۇ تىلمۇ گويا تۈرك بۇددىستلىرىنىڭ ئىبادەتخانا تىلى بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن باشقا، مانى دىنى «تۇخارلار» ئارىسىدىمۇ ئاز تولا تارالغان. «تۇخارلار» مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭكىدىن بۇرۇن تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، بىزنىڭ ئېنىقراق بىلىدىغىنىمىز شۇكى، «تۇخار تىلى» نىڭ ئىككىنچى خىل شىۋىسىدە سۆزلىشىدىغانلار تۈرك دەۋرىدە كۇچا ئەتراپىدا ياشايتتى.

**سۇرىيىلىكلەر**

بىزگە مەلۇمكى نېستورىيان دىنى مىلادىيە 13 - ئەسىردە جۇڭگوغا كىرگەن، بۇ دىنىنى سۇرىيىلىكلەر تارقاتقان. گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاننىڭ بۇلىيۇق كەنتىدىنمۇ بۇ بۇرۇنقى ئاسىيالىقلارنىڭ بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان يادىكارلىقلارنى تاپقان، مەسىلەن، نېستوريان دىنىنى مەزمۇن قىلغان سۇرىيە تىلىدىكى قولىيازمىلار ۋە ۋىزانتىيە (Byzantium) ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرى سىڭگەن تام سۈرەتلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار (بۇنداق تام سۈرەتلىرى خوتەندىنمۇ تېپىلغان). ئۇ يەردىن قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر پارس تىلى، پارفىيە (parthisch) تىلى ۋە قەدىمكى تۈرك تىللىرىدا[18] يېزىلغان نېستورىيان دىنى ھەققىدىكى ھۆججەتلەر تېپىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ رايون نېستورىيان دىنىنىڭ مەركىزى بولۇپ سانىلىدۇ.

**خەنزۇلار**

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىم ئويمانلىقىدىكى يات مىللەتلەر ئىچىدە خەنزۇلار خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلاتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى (641 - يىل) دىن باشلاپ، ئۇلار تارىم ئويمانلىقىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان. شۇ چاغدىن ئېتىبارەن خەنزۇلارنىڭ ئۆلچەم ئەسۋاپلىرىغا دائىر بىر مۇنچە ئاتالغۇلىرىنى ئۇيغۇرلار ئۇزۇن مۇددەت قوللانغان، ھەتتا قوچونى بەزى مىللەتلەر «خەنزۇ شەھىرى»[18] (Cinanckant) دەپ ئاتىغان. بۇ، مۇشۇ شەھەرنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسىتەمدۇ - يوق؟ بۇ تەرىپى بىزگە تېخى نامەلۇم. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىن خەنزۇ خېتى بېسىلغان بىر مۇنچە پۇللار ۋە قولىيازمىلار تېپىلدى، بۇ قولىيازمىلارنىڭ زور كۆپ قىسمى بۇددا دىنىنى مەزمۇن قىلىدۇ. بېرلىندا ساقلانغان ئەڭ قەدىمكى خەنزۇچە قول يازمىلار مىلادىيىنىڭ 344 - يىلىغا مەنسۇپ. بۇندىن تاشقىرى يەر بېجى قوللانمىلىرى ۋە تۇيىن دىنى، كۇڭزى تەلىماتى ھەم مانى دىنى مەزمۇنىدىكى قولىيازمىلارمۇ بار.

**تىبەتلىكلەر**

تىبەت مىللىتىنىڭ ئۆز تارىخىي خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، تىبەتلىكلەر مىلادىيە 9 - ئەسىردىن بۇرۇن شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا ناھايىتى زور رول ئوينىغان[20]. لېكىن ھازىرغىچە شىنجاڭدىن تېپىلغان تىبەت يېزىقىدىكى قولىيازمىلار تېخى ئاز. ئېھتىمال تىبەت يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچى مىللەتنىڭ نەرسىسى دەپ قالغان قىسمى يوقىتىۋېتىلگەن بولسا كېرەك. تۇرپان رايونىدا يەر ئاستىدىن تېپىلغان، كېيىنكى دەۋر قەغىزىگە يېزىلغان تىبەتچە بۇددا دىنى قولىيازمىلىرى مىلادىيە 11 -، 13 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ. دۇنخۇاڭدا يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا يېزىلغان تىبەتچە ئىلتىماسلار تېپىلدى. جەنۇبتا، مىرەن قەل-

ئەسىردىن خېلى كۆپ ساندا تېپەتچە يازمىلار تېپىلدى، بۇ يازمىلار شۇ يەردىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھەربىي ھۆججەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ مىلادىيىنىڭ 700 يىللىرىغا مەنسۇپ.

## موڭغۇللار

مىلادىيە 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، موڭغۇللار چىڭگىزخاننىڭ باشچىلىقىدا موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە قۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭغىچە موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان بىرەر قەبىلە تارىم ويمانلىقىدا رول ئوينىغانمۇ - يوق؟ بۇنىسى مەلۇم ئەمەس (شىنجاڭدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىنى قۇرغان كىدانلار، ئالىملارنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەت ھېسابلىنىدىكەن - تەرجىمان). موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەسلەپكى دەۋردە شىنجاڭنىڭ ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىگە ناھايىتى ئاز ئارىلىشاتتى. تۇرپاندىن تېپىلغان موڭغۇلچە خەت - چەكلەر[21] ۋە بۇددىنى مەزمۇندىكى ئويما قولىيازمىلار 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە ئائىت نەرسىلەر ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ مىللەتلەر ئۈچىنچى مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپىلەر قوشقان. لېكىن بۇ مەدەنىيەت دەۋرىدە مۇھىم رول ئوينىغان مىللەت ئۇيغۇرلار ھېسابلىنىدۇ.

## ئۇيغۇرلار

يېقىنقى دەۋردە، شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، بىزنىڭ تۈركىي خەلقلەر توغرىسىدىكى بىلىمىمىز كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا دۇنيا ئىلىم ساھەسى كىچىك ئاسىيادىكى سەلجۇقىلار ۋە ئوسمانلار (ئۇلار توققۇز يېرىم ئەسىرلىك تۇتاش تارىخىي خاتىرىلەرگە ئىگە)، غەربىي تۈركىستاندىكى تۈرك چاغاتايلىرىنىڭ ئىسلام ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى ۋە شەرقىي ياۋروپا، غەربىي ئاسىيا ھەم سىبىرىيەدىكى بىر مۇنچە ھازىرقى زامان تۈرك شىۋىلىرى توغرىسىدىكى بىلىملەردىنلا خەۋەردار ئىدى. 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا (دانىيىلىك) ج. تومسېن (J. Thomsen) موڭغۇللار تاپقان قەدىمكى تۈرك يادنامىلىرىنى ئوقۇشنى ئىختىرا قىلغان[22]. بۇ — بىزگە ھازىر مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمكى تۈرك تىلى ھۆججىتى بولۇپ، يېرىم تارىخىي خاراكتېرلىق قەۋرە تەزكىرىسى مەزمۇنىغا ئىگە.

گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يەتتە چوڭ ئىشكابى گېرمانىيىنىڭ تۆت قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قېزىۋالغان قەدىمكى تۈرك تىلى قولىيازمىلىرى ۋە ئويما خاتىرىلەر بىلەن تولغان، بۇلاردىن باشقا يەنە كۆپ ساندا شۇ دەۋرنىڭ تام سۈرەتلىرى ۋە قېزىۋېلىنغان باشقا بۇيۇملارمۇ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باشقا ئەللەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى شىنجاڭدىن قولغا كەلتۈرگەن بۇيۇملار (ئۇلارنىڭ سانى گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرى ئېرىشكەن بۇيۇملار بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئاز) قوچو — ئۇيغۇرلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىدا ياشىغان تۈركلەر (VI - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا) جۇرجان خانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مىلادىيىنىڭ 552 - يىلى مۇستەقىل ۋە كەڭ زېمىنغا ئىگە خانلىق ئورناتقان. ئۇنىڭ چېگرىسى موڭغۇلىيىنىڭ ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلۇپ، غەربىي تۈركىستانغىچە، غەرب تەرىپى ئازوۋ (Asow) دېڭىزىغىچە بارىدۇ، كىشىلەر ئۇنى تۈرك (Türkut) خانلىقى دەپ ئاتىغان. بۇ خانلىق تارىم ئويمانلىقىغىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان - قىلمىغانلىقى تېخى نامەلۇم. شۇ

چاغدا شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا، يەنى تۇرپان ۋە قومۇلنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان كۆچمەن چارۋىچىلارمۇ تۈرك تىلىنى قوللىنىدىغان تېلى قەبىلىلىرى ئىدى (بۇ يەردە گابائىن خانىم ئەسلىدە تۈرك خاقانلىقىنىڭ مەمۇرى رايونىغا تەۋە بولغان تاردۇش، تۆلىس قەبىلىلىرىدىن بىرسىنى، ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ قارىشى بويىچە، تېلى قەبىلىسى دەپ ھېسابلىدى - تەرجىمان). ئۇيغۇرلار تەخمىنەن مىلادىيە 745 - يىلىدىن 854 - يىلىغىچە موڭغۇل يايلاقلىرىغا ۋە شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى جوڭغارىيە ئويمانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان، بىر مەزگىل قوچونمۇ ئىدارە قىلغان. 630 - يىللاردىلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇددا دىنى ئاز - تولا تارقالغان (شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئاقساقىلىنىڭ «بودساتىۋاسى» دېگەن نامى كۆزدە تۇتۇلىدۇ - تەرجىمان). مىلادىيىنىڭ 762 - يىلى ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى قوبۇل قىلدى. مىلادىيە 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى) ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن يىمىرىلگەن چاغدا، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار جەنۇبقا قاراپ سۈرۈلۈپ، جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىغا ئۆتكەن، ئۇ يەردە بارا - بارا خەنزۇلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنغان، يەنە بىر قىسمى گەنسۇغا بېرىپ، ئۇ يەردە كىچىك بىر پادىشاھلىق ئورناتقان، لېكىن ئۇلار دىققەتنى تارتىدەك ئالاھىدە تۈسكە ئىگە مەدەنىيەت ياراتالىغان ئەمەس. بۇنىڭغا ئەتراپتىكى يات مىللەتلەرنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن ساقلانغۇدەك مۇداپىئە چېگرىسىنىڭ يوقلۇقى سەۋەب بولغان.

### قوچو ئۇيغۇر خانلىقى

ئۈچىنچى قىسىم ئۇيغۇرلار، يەنى سانى ئەڭ كۆپ بولغان ئۇيغۇرلار غەربتە تۇرپانغا كۆچۈپ كەلگەن[23]، ئۇلار بۇ يەردە ناھايىتى تېزلا سىياسى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى. بۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن قەبىلە تەشكىلاتىنى ساقلاپ قالغانلىقتىن، ئۇلار بۇ رايوننى ئۆز مىللىتىنىڭ ۋە ئەسلىدە شۇ يەردە ياشىغۇچى ئاھالىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىدارە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. يېرىم كۆچمەن چارۋىچى ھېسابلانغان مانى دىنىدىكى ئۇيغۇرلار بۇددا شەھەر مەدەنىيىتى ئاساسىي ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن بۇ رايونغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەرگە ناھايىتى تېزلا لايىقلىشىۋالدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن، باشقا تۈرك قەبىلىلىرى — باسمىللار[24]، تۈركەشلەر[25] — بۇ يەرگە ئاللىقاچان ماكانلىشىپ بولغان ئىدى، ئالدىنقىلارمۇ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى؛ كېيىنكىلەرنىڭ خەنزۇ پۇلى فورمىسىدا قويۇپ ئىشلەتكەن پۇللىرى تۇرپاندىن تېپىلدى[26]. بۇ قەبىلىلەردىن باشقا، قوچو رايونىدا خەنزۇلار، سوغدىلار ۋە «تۇخارلار»مۇ ياشىغان. ئېھتىمال (خوتەنلىك) ساكلار ۋە سۈرىيىلىكلەرمۇ ياشىغان بولۇشى مۇمكىن. سەل كېيىنرەك بەزى تىبەتلىكلەر ۋە موڭغۇللارمۇ بۇ يەرگە كەلگەن.

### پادىشاھلىق تۈزۈمى

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى قاغانلىق خاراكتېرىدا ئەمەس، بەلكى پادىشاھلىق خاراكتېرىدا ئىدى. پادىشاھلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەرتىپ ياخشى ئورنىتىلغان، روھىي ھايات جانلىق، ماددى تۇرمۇش باياشات ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئەتراپتىكى ۋەزىيەت ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى، شەرقتىكى خەنزۇلار ۋە جەنۇبتىكى تىبەت مىللىتى ئىچكى توپىلاڭ بىلەن بەنت ئىدى؛ «تۇخارلار» ۋە سوغدىلاردا ھاكىمىيەتنى تەشكىللەش ئىقتىدارى بولمىغانلىقتىن، يېڭىدىن كەلگەنلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تاقابىل تۇرۇشقا قۇدرىتى يوق ئىدى. ئەمدى ئۇيغۇرلارغا كەلسەك، خەلقنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ھۆكۈمرانلىقى، ئۆزگىرىشى ئاستا، يېزىقسىز «ئادەت قانۇنى» (tora) بىلەن دائىمىي مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# ھۆكۈمدارلارنىڭ نامى، ئۇنۋانلىرى، بەخت (qut) قارىشى، بۇ ئالەم بىلەن ئاخىرەتنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەجەل تېشى (balbal)، جيۇگشياڭ يېزىقى، «بىرىنچى ساۋابلىق ئىش»

«قاغان» (qaqan) سۆزى ھۆكۈمدارلارنىڭ نامى سۈپىتىدە مىلادىيە 2 - ئەسىردىلا موڭغۇللار يېرىدىكى سىيانپىلار تەرىپىدىن قوللىنىلغان. كېيىن تۈركلەر ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرىمۇ قوللىنىدىغان بولغان. بۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى سىيانپى ئەنئەنىسىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى دەپ ھېسابلايدىغانلىقىنى ياكى بۇ نامنى قوللىنىش يايلاق ھاكىمىيىتى ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ دەپ قارايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ نام گويا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتقان بولدى. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى «قاغان» ۋە «ئىلىكخان» (iligqan) دېگەن ناملارنى ئىشلەتتى. il+lig=ilig دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ «قەبىلىگە ئىگە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى، بۇ — ساپ تۈرك تىلى ۋە تۈرك چۈشەنچىسى ھېسابلىنىدۇ، قەبىلە il ياكى (el) تۈركلەر ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولغاچقا، ئۇلار ئۇنى قەدىرلەيتتى. پەقەت يېنىسەي دەرياسى ئېقىنىدىن تېپىلغان يادنامىلار (يېزىقى دائىم ناھايىتى قىسقا ھەم ئاددى بولاتتى) دىلا قەبىلە ناھايىتى كەم تىلغا ئېلىناتتى، قەبىلە ئۆزىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى قوغدايتتى، شۇنىڭدەك ھەربىر قەبىلە ئەزاسىمۇ قەبىلىنىڭ تەۋەلىكىدە بولاتتى. «ئىلىگ» دېگەن سۆز گويا: يولباشچى ئايرىم بىر شەخسى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل قەبىلىگە ۋەكىل بولۇپ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزگۈچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى «ئىدىقۇت» دېگەن ئىككىنچى بىر نامنىمۇ قوللانغان. بۇ سۆز iduq+qut دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ «بەخت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. مەخمۇت كاشغەرى (11 - ئەسىردە ئۆتكەن شىنجاڭنىڭ مەشھۇر تىل ئالىمى، ئۇنىڭ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ناملىق كىتابى بار) «ئىدىقۇت» دېگەن نام باسمىل قەبىلىسى ئاقساقىلىنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. دېمەك تۇرپان رايونىدا ياشىغان باسمىللار ئۆز يولباشچىسىنىڭ نامىنى ئۇيغۇرلارغا بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

(گېرمانىيىلىك) پىرىتساك (O. Pritsak) (جەنۇبىي شىنجاڭدىكى) قاراخانىلار دەۋرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغان چاغدا، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ دەرىجىمۇ - دەرىجە كۆتىرىلىش پرىنسىپى[28] (مەسىلەن: «بۇغرا» خاننىڭ «ئارسلان» خانغا كۆتىرىلگىنىگە ئوخشاش) ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا بولمىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. «ئارسلان» سۆزى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى[29] ۋە خوتەن خانلىقىنىڭ ناملىرى قاتارىدىمۇ ئىشلىتىلگەن. دەرىجە پەرقلىرىنى بىلدۈرىدىغان بۇنداق (ھايۋان) ئىسىملىرى ئالايلۇق «بۇغرا»، توغرۇل ۋە توغان (ئىككى خىل بۈركۈتنىڭ ئىسمى) دېگەن سۆزلەر ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئادەم ئىسمى ياكى ئۇنۋان ئىكەنلىكى تېخى بىزگە ئايدىڭ ئەمەس. ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىسىملىرى مەلۇم ئەھۋالدا يېقىمسىز بولغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ئۇيغۇر پادىشاھى بايرام كۈنلەردە ئۇنچە- مەرۋايىتلار بىلەن زىننەتلەنگەن سۇپا ياكى پادىشاھلىق تەختتە[30] ئولتۇراتتى، بېشىغا تاج تاقاپ، ئۈستىگە قىزىل تون كىيەتتى[31]. بۇنداق سۇپا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزد-

قىدا Taocang دەپ ئاتىلاتتى، خەنزۇ تىلىدىكى《道场》دېگەن سۆزدىن كەلگەن بۇ سۆز قەدىمكى خەنزۇ يېزىقىدا بۇددا دىنىنىڭ دىنىي يىغىلىش ۋە نەزىر - چىراق ئۆتكۈزۈشكە ئوخشاش مۇراسىملىرىدا ئولتۇرىدىغان، ھەشەمەتلىك سۇپىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ بىز تام رەسىملىرىدە كۆرىدىغان «تۇخار» فورمىسىدىكى پادىشاھلىق[32] تەختتىن چوڭراق.[33] بۇ، سىرتقى كۆرۈنۈشنى ھەۋەس قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئېيتقاندا تېخىمۇ مۇناسىپ ئىدى. «تاج» (didim) دېگەن سۆز مانى دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئارىئان تىلىدىن كەلگەن، كېيىنكىلەر يەنە يۇنان تىلىدىن ئالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنراق زاماندىكى تام رەسىملىرى (3 - رەسىم) دىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بىرخىل ئېگىزرەك ئالتۇن تاج ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ گرېكچە سۆزنى تۈركلەر سوغدىلاردىن ئالغان بولۇشى كېرەك. سوغدىلار غەربىي تۈركىستاندا گرېك دىئادوكس (Diadoche) خانلىقى (ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەر شەرققە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، گرېكلەرنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى قەدىمكى باكترىيىدە تىكلىگەن خانلىق - تەرجىمان) نىڭ ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قالغانلىقى بىزگە مەلۇم. بۇ تاجنىڭ ياسىلىش شەكلى ئاددى بولسىمۇ لېكىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئارتۇقچە يۈك بولغان ھىندىستان فورمىسىدىكى تاج سىياسىي جەھەتتە پۈتۈنلەي ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقان، شۇڭا تام سۈرەتلىرىدە پەقەت تەڭرى ۋە بۇد ساتىۋانىڭ رەسىملىرىدىلا ئىشلىتىلىدىغان بولغان.

شۇ يەردە يەر ئاستىدىن تېپىلغان قوليازمىلاردا خان كىيىدىغان قىزىل تون تىلغا ئېلىنغان ۋە نازاكەتلىك سىزىلغان (miniatur) رەسىملەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن (3 -، 8 -، 9 - رەسىملەر)[34] ئۇ رەڭگىنىڭ ھەشەمەتلىكلىكى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا باشقا ھېچقانداق زىبۇ - زىننەت يوق، تۈگمىمۇ ئىشلىتىلمىگەن، پەقەت كىندىكتىن تۆۋەنكە قاراپ ئىككى پەشنى جۈپلەپ قويۇشلا كۇپايە. ئۇ، رىم پادىشاھىدىن نۇسخىسى ئېلىنغان بىرخىل ئاددى شەكىلدىكى ئۇرۇش چاپىنى. بۇ چاپان كېيىنكى كۈنلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمكى باتۇرلارنى بىلدۈرىدىغان كىيىمگە ئايلانغان (8-رەسىم).

قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلار دەۋرىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار «قۇت» (بەخت، ھامى ئىلاھ) غا ئېتىقاد قىلاتتى. بەخت دائىم مەلۇم ھۆكۈمراننىڭ ئۈستىگە ياكى مەلۇم بىر جايغا قوناتتى. كېيىن ئۇيغۇرلار شەھەر ئاھالىسىگە ۋە مانى دىنى ئېتىقادچىلىرىغا ئايلانغاندىن كېيىنمۇ قوچونىڭ ۋە بىرەر شەھەرنىڭ ھامى ئىلاھىنى تىلغا ئالاتتى[35]. ئۇلار بۇ چاغدا كونا «قۇت» چۈشەنچىسىنى يېڭىدىن قوبۇل قىلغان مانى دىنىنىڭ «ھامى ئىلاھ» (*Vaxsik*) سى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قوياتتى. مەلۇم بىر ھۆكۈمران ئېھتىمال يايلاقتىكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىنىڭ ئۇيغۇر قاغانى بولسا كېرەك) نىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىغا بېغىشلانغان بىر تەبرىكنامە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنى، چۈشەنچىسىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن قىزىقارلىق ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. تۇرپاندىن تېپىلغان بۇ تەبرىكنامە شۇ يەردە ياشىغان تۈرك مانى مۇخلىسى تەرىپىدىن يېزىلغان (باسمىل قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئادەم يازغان بولسا كېرەك). بىزگە مەلۇم، قەدىمكى تۈركلەر ئاسمانغا، يەرگە ۋە ئاتا - بوۋىلىرىغا چوقۇناتتى. بۇ تەبرىكنامىدە[36]، ئالدى بىلەن يايلاق خانلىقىنىڭ مەركىزىنى قوغدىغۇچى «قەبىلە ئىلاھى قۇت» (*il ŏtukan qut*) تىن يېڭى پادىشاھ ئۈچۈن بەخت تىلەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەنكى دانا خانلار ۋە خانلار» (*ilki bŏgu iliglar qanglari iliglar*) دىن بەخت تىلەنگەن، ئاخىرىدا «خانلىق تەڭرىسى» دىن بەخت تىلەنگەن ھەمدە «بەختنى پادىشاھقا، قەبىلىگە ۋە ئادەت قانۇنىغا ئىنئام

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىش ئارزۇسى» بىلدۈرۈلگەن. قوچو
خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن
ئېيتقاندا، بەخت (قۇت) قارىشىنىڭ مۇ-
ھىملىقىنى «شۆەن جۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»
دېگەن كىتابنىڭ 10 - ئەسىرگە مەنسۇپ
ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تەرجىمىسىدىنمۇ بىلە-
ۋالغىلى بولىدۇ. بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە
تەرجىمىسىدە[37]، *Tabqac* دېگەن سۆزنىڭ
ئالدىغا دائىم *qutluq* «بەختلىك» دېگەن ئې-
نىقلىغۇچى قوشۇلغان، خەنزۇچە تېكىستتە
بولسا بۇ سۆز يوق ئىدى. *Tabqac* سۆزى
10 - ئەسىر زامانىسىدا «جۇڭگو» دېگەن
مەنىنى بىلدۈرەتتى. شۇ چاغدا جۇڭگو قالاي-
مىقانچىلىق ئىچىدە تۇراتتى، چوڭقۇر بە-
لىمگە ئىگە ئۇيغۇر تەرجىمان (راھىپ غو-
زال) تابغاچ سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى،
يەنى 5 - ئەسىر زامانىسىدىكى توقبات سۇلا-
لىسىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنىمۇ بىلسە كې-
رەك. ئۇ تىلنىڭ قالدۇقلىرىدىن قارىغاندا،
توقباتلار[38] ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى
مىللەت سۈپىتىدە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ
ئەجدادى ئىكەنلىكى مەلۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن
*Tabqac* سۆزىنىڭ ئالدىغا «بەختلىك» دېگەن
ئېنىقلىغۇچىنى قوشقان.

ئاللىبۇرۇن قەدىمكى پارسلار ھۆكۈمە-
رانلار ئۈچۈن ئىشلەتكەن «شاھىن شاھ»
دېگەن نام ھىندىستان ۋە ئافغانىستاندىكى
ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئارقىلىق ئۇي-
غۇرلار ئىچىگە تارقىلىپ، «خۇدالارنىڭ
خۇداسى» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن، لې-
كىن بۇ ئالەمگە تەتبىق قىلىنمىغان. ئۇ
پەقەت بۇددانىڭ ئادەتتىكى نامى سۈپىتىدىلا
ئىشلىتىلگەن. بۇ نامنى تۇرپاندا بۇددا دىنى-
غا ئېتىقاد قىلغۇچى ئەسلىدىكى ئاھالە (بۇ
يەردە «تۇخارلار» كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كې-
رەك — تەرجىمان) ئىشلەتكەن ئەمەس. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن، ئۇ، تۈركلەر تۈرك خانلىقى
زامانىسىدىلا، يەنى 6 ئەسىردە غەربىي تۇر-
كىستاندىن قوبۇل قىلىنغان سۆز، ئۇ يەر-
دە تۈركلەر بۇددا دىنى بىلەن ئەڭ بۇرۇن
ئالاقە باغلىغان.

يۇقىرىدىكىلەر ئۆرپ - ئادەت نامىلىرى-
نى خۇداغا ئىشلەتكەنلىك توغرىسىدىكى ئەھ-
ۋال. شۇنىڭدەك ئۆرپ - ئادەت تۈزۈملىرى-
نى دىنىي ئىدارە قىلىش ئىشلىرىدا قوللان-
غانلىق توغرىسىدىكى ئەھۋالمۇ بولغان.

762 - يىل (ئۇيغۇر خانلىقى) بۆكە
قاغان (*Bö̆gö̆ qaqan*) مانى دىنىنى قوبۇل
قىلغاندىن كېيىن بۇ دىنىي دەرھال دۆلەت
مىقياسىدا ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىل-
گەن. خۇددى ئۇيغۇرلار قوشۇنىدا ئونبېشى
10 ئەسكەرگە باشچىلىق قىلغىنىدەك، ئۇ
ھەر 10 ئۆيلۈك مانى دىنى مۇخلىسلىرى
ئىچىگە بىردىن «دىن تەرغىباتچىسى» تەيىن-
لىگەن[39].

ئېتىقادچى ھۆكۈمران ئالەمدىن تاشقى-
رى بىرخىل كۈچ (ئۇ «قۇت» — «بەخت»
نى مەلۇم ئالاھىدە شەخسكە بېرەتتى) بىلەن
باغلىنىشلىق بولاتتى، يەنى ئېتىقادچى ھۆ-
كۈمراننىڭ بەخت، ئېتىقادنى قەدىرلەپ،
ئۇلارنى رەزىللىكتىن پەرقلەندۈرۈشمۇ مۇ-
شۇنداق كۈچكە ئېقىناتتى، شۇنىڭدەك قوچو
ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي كىتابلارنى كۆچۈ-
رۈشتىن ئۇلۇغ ساۋابلىق ئىش (ئۇيغۇر يې-
زىقىدا *buyan* دېيىلگەن) دېگەن چۈشەنچە-
سىدىنمۇ بۇنى بايقاش مۇمكىن (چۈنكى دى-
نىي كىتابلارنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى
زور چىقىم تەلەپ قىلىناتتى). خۇددى ياي-
لاق تۈركلىرى «ئەجەل تېشى» (*balbal*)
(ھايات ۋاقتىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنى بىل-
دۈرىدۇ) نىڭ ئىقتىدارى ئۆلگۈچىگە ئۆتىدۇ
دەپ ئىشەنگىنىگە ئوخشاش،[40] قوچو ئۇيغۇر-
لىرىمۇ دىنىي كىتابلارنى كۆچۈرۈشنىڭ سا-
ۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. بۇددا
دىنى، مانى دىنى كىتابلىرىنىڭ كۆچۈرۈل-
گەن نۇسخىلىرىنىڭ ئاخىرىغا ھەممىشە خاتى-
مە يېزىلاتتى. خاتىمىدە دائىم مۇنداق گەپ-
لەر ئۇچرايدۇ: كۆچۈرۈلگەن كىتابنىڭ
«بىرىنچى ساۋابى ئالدى بىلەن خان سارىيى-
غا، ئاندىن كېيىنكى مەرھۇم ئاتا - ئانىلار-

غا، ئاندىن قالسا تۇغقان ۋە يار - دوستلارغا
بولسۇن»[41]. قەدىمكى زاماندا «ئەجەل تې-
شى» ئادىتى ئورنىتىلغانلىقتىن، بۇنداق
ئىدىيە ناھايىتى ئاسانلا ئۇيغۇرلارغا ئۆزلەش-
كەن. ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇ ئىدىيە مىلادىيە
5 - ئەسىردىلا ئافغانىستاندىكى ساكلار ئارى-
سىغا تارقالغان[42] تىبەتتە مىلادىيىنىڭ
1000- يىللىرى ئۆپچۆرىسىدە ئۇ بىرخىل
رەسىملەشكەن يېڭى يىل ئادىتى بولۇپ شە-
كىللەنگەن[43]. ئىشقىلىپ، خان سارىيىنىڭ
«بەخت» توغرىسىدىكى تەلىپى شەخسى ئۇ-
چۇن دەپ قارالماي، پۈتكۈل قەبىلە ئۈچۈن
دەپ قارالسىلا، بۇنداق ئىدىيە پۈتۈن قەبىلە-
نى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولاتتى.

## (رەسساملىقنى) ئارىخلاشتۇرۇش ۋە تىپىكلەشتۇرۇش، يات مىللەتلەرگە بولغان مۇناسىۋەت

ئەمدى (قوچو) ئۇيغۇرلار يات مىللەت-
لەرگە قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقى ئۈستى-
دە توختىلىمىز. كارۋان يولى ئۈستىدە ما-
كان تۇتقان مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ
ناھايىتى مۇھىم مەسىلە. بىز ئۇيغۇرلار
دەۋرىدىكى تام رەسىملىرىدىن ئوخشاش بول-
مىغان ئۇرۇقتىكى كىشىلەرنى پەرق ئېتىپ
ئالالايمىز. ئۇيغۇر رەسساملىرى ئاللىبۇ-
رۇنقى «تۇخار» رەسساملىرى ئارىسىدا ئۇچ-
رايدىغان خاھىشقا ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى
تېخىمۇ سىستېمىلاشتۇردى. كۇچادىكى تام
رەسىملىرىدە، ئالايلۇق، «ھەسرەتمەن[44]
*Kasyapa*» نىڭ سىزىلىشى بۇ يەرنىڭ ئىك-
كىنچى دەۋردىكى راھىبلىرىغا ئوخشمايدۇ،
بۇنىڭغا: قاش قاپاقنىڭ ئارتۇقچە بورتۇپ
چىقىشى ۋە ساقال بۇرۇتنىڭ غەلىتە كۆرۈ-
نۈشىنى مىسال قىلىش مۇمكىن. روشەنكى،
بۇ رەسىم «تۇخار» نىڭ بولماستىن ھىندى
ئادىمىنىڭ سۈرىتى ئىدى (بۇنىڭدا ھىندى
ئادىمىنىڭ مىللىي بەلگىلىرى مۇبالىغە قى-
لىنىۋېتىلگەن). شۇ رايوندا پالۋان (*Malla*)
غا بۇددانىڭ ئۈستىخىنىنى بېرىلىۋاتقان ھالەت-
تىكى بىر تام سۈرىتى ئۇچرىغان. رەسىمدى-
كى چەۋەنداز يەرلىك (تۇخارلار) نىڭ ئوردا
كىيىمىنى ئەمەس، بەلكى ھەشەمەتلىك ۋە
ئاساسەن ساسانىلار دەۋرى فورمىسىدا سا-
ۋۇت ۋە دۇبۇلغا كىيگەن. قەدىمكى ھىندىس-
تان چەۋەندازىنى سىزغاندا، «تۇخار» رەس-
سامى شۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ ياسىنىش
مودىسىنى قوللانماي، بەلكى ئەنئەنىۋى قا-
راش بويىچە، ساسانىلار دەۋرىدىكى قەدىمكى
چەۋەندازلارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى تاللى-
ۋالغان. شۇ دەۋرگە مەنسۇپ ئىككىنچى بىر
«يىغلاپ تۇرغان بۇت» (5 - رەسىم) نىڭ
سۈرىتىمۇ بۇ پەرەزنى ئىسپاتلايدۇ، يەنى شۇ
چاغدا رەسىم بولۇپ قالغان شەكىلدىن ساق-
لىنىش ئۈچۈن، غەيرى تارىخىي سىزىش ئۇ-
سۇلى قوللىنىلغان: يىغلىغۇچى پىچاق بە-
لەن يۈزىنى تىلماقتا، ئايال بولسا كۆكرى-
كىگە تىقماقتا. ھەسرەت - نادامەتنى ئىپادى-
لەيدىغان بۇنداق ئادەت «تۇخارلار» غا تەئەل-
لۇق بولمىسا كېرەك، رەسسام ئۆزى ئۈچۈن
يات مىللەت بولغان تۈركلەر ئارىسىدا مۇ-
شۇنداق ئادەتنى يولۇقتۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن
ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ھىندىستاندى-
نىڭ چەت ئەللىك سىياقىنى ئىپادىلىگەن
بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىككى مىسال ئۇيغۇر
رەسساملىرى ئۈچۈن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك
نەمۇنە.

تۇرپاندىكى ئۇچىنچى مەدەنىيەت دەۋرى-
گە مەنسۇپ بولغان بىرمۇنچە تالاۋەت
(*Peanidhi*) رەسىملەر ئىچىدە[45]، بۇددا بىر

www.uyghurkitap.com



توپ كىشىلەر تەرىپىدىن ئورنىتىلىپ تاۋاپ
قىلىنماقتا، رەسىمدە تەڭرى، ياكسا ۋە بەز-
دىلەر بار، بەندىلەرگە يىراق - يېقىندىكى
ئەللەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى مۆتىۋەر راھىپلى-
رى، يات مىللەت ۋە ئۆز مىللىتىدىن بول-
غان ھازىرقى زامان كىشىلىرى ۋەكىل قى-
لىپ ئېلىنغان. رەسىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا
تۇرغان بۇددا نىسبەتەن، باشقىلارغا قارىغاندا
كۆپ دەرىجىدە يوغان، رەسىمنىڭ يۇقىرى
قىسمى بىلەن ئوتتۇرا قىسمىغا مۆتىۋەر را-
ھىپلار جايلاشقان، تۆۋەن تەرەپتە بەندىلەرگە
ئورۇن بېرىلگەن ۋە ئۇلار ئەڭ كىچىك قى-
لىپ سىزىلغان.

بۇددا ئىززەتكار ۋە ھەيۋەتلىك قىلىپ
سىزىلغان. بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەسەۋۋۇر-
دىن ئېلىنغان بولۇپ، ئازراق ئۇيغۇر —
خەنزۇچە پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭغا
ئوخشاشلا ئېستېتىكىلىق ئۆلچەمنى كېيىن
بىز تومۇرلەڭ خانلىقىنىڭ ئۇستىلىق بىلەن
سىزىلغان رەسىملىرى (يەنى 15 - ئەسىردى-
كى غەربىي تۈركىستان ۋە ئىران مۇسۇلمان-
لىرىنىڭ رەسىملىرى) دىنمۇ كۆردۇق. ھا-
زىرقى بەزى ئۇيرات موڭغۇللىرى بۇ رەسىم-
لەردىكى بۇتلارنىڭ سىياقىغا بەكمۇ ئوخشاپ
كېتىدۇ.

لېكىن يۇقىرىدىن تۇرۇپ گۈل چىچە-
ۋاتقان ئىلاھىيلەر بولسا، مىللىي خۇسۇسى-
يەت جەھەتتىن ئوخشاش قىلىپ سىزىلغان.
ئۇلار، بىردەك ھىندىستاننىڭ ئەنئەنىۋى
فورمىسىدىكى كىيىملەر بىلەن ياسانغان:
يەلپۈنۈپ تۇرغان يوپۇق لىباسلار، گۈل
چەمبىرەكلەر ۋە باشلىرىغا كىيگەن پادىشاھ-
لىق ئاجايىپ تاجلار كۆزگە ئېلىنىپ تۇرى-
دۇ.

يۇقىرىدا ۋە ئوتتۇرىدا تۇرغان مۆتىۋەر
راھىپلاردا پەيغەمبەرلىك قىياپەت ئەكس ئې-
تىدۇ، مىللىي خۇسۇسىيەت مۇقىملاشتۇ-
رۇلغان ۋە تىپىكلەشتۈرۈلگەن: بەزىسى بۇد-
دا قىياپىتىدە سىزىلىپ، قەدىمكى خەنزۇ مۆ-
تىۋەر راھىپلارغا لايىقلاشتۇرۇلغان، بەزىسى
بولسا يۇقىرىدا ئېيتىلغان قايىمنىڭ خۇسۇ-
سىيىتىگە ئىگە (6 - رەسىمنىڭ سول تەرە-
پى ۋە 7 - رەسىم) : (يوغان بۇرۇن، قاش
قاپاقلىرى ئالاھىدە چىقىپ تۇرغان، بۇرتمە
كۆز، ئويما - قوپمىلىق ئۇسۇلى بىلەن ئىپا-
دىلەنگەن كىيىم قىرلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخ-
شاشلار. خەنزۇ راھىپلار بولسا پەقەت ئىزنا
سىزىقى بىلەنلا سىزىلغان) . ئادەتتە ئوڭ
مۆرىنى ئوچۇق قويۇش ھۆرمەت ئىپادىسى
بولغانلىقتىن، ئوڭ مۆرە ۋە كۆكرەك قىسى-
مى ئوچۇق قالدۇرۇلغان. بۇنىڭدىن تاشقى-
رى بۇ مۆتىۋەر راھىپلارنىڭ ئېڭىكىدە ئىن-
تايىن غەلىتە ۋە رېئال بولمىغان سايىلار
ئارقىلىق، ساقال يېڭىلا قىرىۋېتىلگەندىن
كېيىن كۆكۈش تېرە ئىپادە قىلىنغان. بۇ
يەردە مىللىي خۇسۇسىيەتلىرى (سىزىلىشى
بۆگۈنكى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر
بولسىمۇ) مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن كۆرسىتىل-
گەن. ئۇلار ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىلەرمۇ
مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن سىزىلغان. مەسىلەن:
ھىندىستان، ساك ياكى «تۇخار» ئالىملىرى
ياكى دىنىي كىتاب تەرجىمانلىرى. بۇلار
بىزگە ئۇيغۇرلار يات مىللەتلەرنى ھۆرمەت
قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھا-
لەت ئۇلار ئاللىقاچان ئىنتىلگەن ۋە مۇھىمى
تۈركلەرسىز بولغان بۇ مەدەنىي رايونغا كى-
رىپ ماكان تۇتقاندىن كېيىن پەيدا بولغان
بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلار ئۇلارغا باراۋەرلىك
ئاساسىدا مۇئامىلە قىلغان ھەمدە (بىزنىڭ
يەر ئاستىدىن تېپىلغان قول يازمىلاردىن
بىلگىنىمىزدەك) ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت ئور-
گانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەشلىرىگە يول قويغان.

بەزى تام رەسىملىرىنىڭ ئوتتۇرا قىس-
مىغا ۋە ئاستى تەرىپىگە ئۆرە تۇرغان ياكى
تىزلىنىپ ئولتۇرغان باتۇرلار سىزىلغان.
ئۇلار ھەشەمەتلىك ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىلار بە-
لەن ۋە پەشلىرى كىندىكتىن تۆۋەنگە قاراپ
جۆيلىنىدىغان قىزىل تونلار بىلەن ياساندۇ-
رۇلغان، باشلىرىدىكى ھەيۋەتلىك پادىشاھ-
لىق تاجلار خىلمۇ خىل زىننەت بۇيۇملىرى

بىلەن زىننەتلەنگەن ياكى چاچلىرى كۆڭۈل قويۇپ ئۆبدان تارالغان (8 ـ رەسىم). بۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا قىسمىدا قۇلىقى ئۇچلۇق، تەلەتى دەھشەتلىك بىر پالۋان قولىدا قۇرۇغۇچ تۇتقان ھالدا كۆزگە چېلىقىدۇ (بۇ، ئۇنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ تۇرغان ئەشۇ كىشىنىڭ يۇقىرى ئابرويغا ئىگە زات ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ) (9ـرەسىم). قۇلىقىنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئادەم ئەمەس، بەلكى مۇئەككەل ياكسا ئىكەنلىكى، يەنى بۇددانىڭ ھىمايىچىسى (*vajarapani*) ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. باشقا پالۋانلار بولسا قەدىمكى زاماننىڭ پادىشاھلىرى ۋە شاھزادىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ يەلكىلىرىدە، كۆكرەكلىرىدە، ئۇستۇنكى بىلەكلىرىدە، بېغىشلىرىدا، پاچاقلىرىدا بېزەكلەر شۇنچە كۆپ ۋە كىيىملىرى شۇنچە كېلەڭسىزكى، ئەمەلىيەتتە، ھەرىكەت قىلىش ناھايىتى قىيىن بولاتتى. تەسەۋۋۇردىن تۇغۇلغان بۇنداق ياسىنىش فورمىسىمۇ ئۇيغۇر رەسساملىرى تەرىپىدىن ساسانىلار دەۋرىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن بېزىتىلگەن. روشەنكى، ئۇلار بۇ رەسىملەرنى ئەڭ قەدىمكى سۇرەتلەرگە ۋە تارىخىي رىۋايەتلەرگە ئاساسەن سىزغان. بۇيەردە ئۇيغۇر رەسساملىرى قەھرىمان ـ پالۋانلارنى شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئاتاقلىق ئەسكەرلىرىدىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرى سىزغان رەسىملەرنى تارىخلاشتۇرۇشقا تىرىشقان. ئادەتتىن تاشقىرى بولغان بۇنداق پالۋانلارنىڭ تىپىنى يارىتىش ئارقىلىق پادىشاھلارنىڭ، تىياتىرلاردىكى سەركەردىلەرنىڭ، ئىبادەتخانىلاردىكى مالائىكىلارنىڭ ۋە تۆت چوڭ ساماۋىي مۇئەككەلنىڭ ئوبرازىنى بېرىش — خەنزۇلارنىڭ سەنئىتىدە ھازىرمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

تەڭرى، ياكسا ۋە بۇد ساتىۋالارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، رەسىملەرنىڭ ئالدى كۆرۈنۈشىدىكى بەزى راھىپ ۋە ئاددىي شەخسلەر تۇرلۇك مىللەتلەرگە ۋەكىللىك قىلاتتى، شۇڭا رەسىملەردە تۈرك ئۇيغۇرلىرى ئەمەس كىشىلەرنىڭ سىياقى ۋە كىيىملىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. ئۇلار «تۇخارلار»[48]غا (10ـرەسىم)، سوغدىلارغا (11ـرەسىم)، ساكلارغا (12 ـ رەسىمنىڭ ئوڭ تەرىپىدە) ۋە سۇرىيىلىكلەرگە (12 ـ رەسىمنىڭ سول تەرىپىدە) ۋەكىللىك قىلىدۇ، ھىندىلار قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇ يەردە ياشىمىغان بولۇشى كېرەك، شۇڭا رەسىمدە ئۇلار كۆرۈنمەيدۇ.

خەنزۇلار مىللىي بەلگىلەر جەھەتتە ئۇيغۇرلاردىن ھېچقانداق پەرقلەنمىسە كېرەك. بىز ئۇلارنى پەقەت رەسىملەردىكى كىيىم شەكىللىرى ياكى كىرىش سۆزلەردىنلا پەرق ئېتەلەيمىز (13 ـ رەسىم).

## قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىملىرى

تىلاۋەت رەسىملىرىدە ئەمەس، بەلكى باشقا تام رەسىملىرىدە، تۇركلەرنى، بولۇپمۇ كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنى ۋە كىشى ناملىرىنى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىرىش سۆزلەردىن پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. كۇتكۇچىلەرنىڭ رەسىملىرى ئىچىدە بەزى راھىپ ۋە ئاددىي كىشىلەرنىڭ نىسبىتى دائىم ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە سىزىلغىنى ئىنئام قىلغۇچىلارنىڭ سۇرىتى بولماستىن، بەلكى ئىنئام قىلىش سۇرىتى ياكى ئىبادەتخانىدىكى كىشىلەر تەقدىم قىلغان ئۆلگە ياكى ھايات كىشىلەرنىڭ سۇرىتى بولۇشى مۇمكىن. رەسىملەردە ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم زىننەت بۇيۇملىرى، باش زىننەت بۇيۇملىرى ۋە تۇراقلاشقان چاچ شەكىللىرى ئاز ساندىلا ئۇچرايدۇ. بۇ كىيىم زىننەت بۇيۇملىرى شۇ زاماننىڭ ئادەتتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى

نۇسخىلىرى بىلەنلا چەكلەنمەيتتى، بۇنىڭدىن تاشقىرى، خەلقلەرنىڭ ۋە خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ ياكى دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ ئىپادىلەيتتى. بۇلارنىڭ تولىسى بايراملىق كىيىملەر ئىدى، شۇنىڭدەك قەدىمكى زامان كىيىملىرى ۋە ساۋۇت ھەم دۇبۇلغىلارمۇ ئۇچرايتتى.

## ئەرلەر كىيىمى

A) بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپاندىن تېپىلغان تام رەسىملىرىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ كىيىمى (14 - رەسىم) ئادەتتە، ئۇزۇنلۇقى ئوشۇققىچە بارىدىغان، كەڭ ھەم يوغان، بەلباغلىق كىيىملەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ كىيىملەر بۆرەك ياقىلىق بولۇپ، تىزدىن تۆۋەن قىسمىنىڭ يان تەرىپىدە چېكى بار، يېڭىنىڭ ئېغىزى ئانچە كەڭ ئەمەس، كىيىمنىڭ يوقىرى تەرىپى يان پەشلىك بولۇشى مۇمكىن. بىرخىل رەڭدىكى كىيىملىكنى ئاز ئىشلەتمەتتى، تولاراق چوڭ گۈللۈك تاۋار - دۇردۇندىن پايدىلىناتتى. بەلبېغىغا نەپىس ۋە قىزىل مىستىن ياسالغان بىر مۇنچە زىننەتلىك نەرسىلەرنى تاقايتتى. بەلباغنىڭ كىچىك تاسمىسىغا قولياغلىق، پىچاق، چاقماق، تۆشۈك تېشىدىغان ئەسۋاب ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئاساتتى. بەلباغنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئوقدانىنى، سول تەرىپىگە يانى ئاساتتى. كېيىنكى چاغلاردا بەلباغقا نەرسە ئېسىش (يا ۋە ئوقتىن باشقا) ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. ئۆتۈك كالتە قونچىلىق بولاتتى. ئاقسۆڭەكلەر چېچىنى يان تەرەپتىن يېرىم ئايرىپ، دوەبىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئۇزۇن ئورىۋالاتتى، بەزىدە پېشانىسى ئۈستىدىن ئىككىگە ئايرىپ تاراپ جۇلا قىلىۋالاتتى.

B) ئەرلەرنىڭ ئىككىنچى بىرخىل كىيىمى (15 - رەسىم) خۇددى يەڭگە ئوخشاش تار بولاتتى. كىيىمنىڭ رەختى گۈلسىز ياكى گۈلى ئاز بولاتتى. تاش كىيىمىنىڭ ئۈستۈنكى بۆلەك ھەم بېغىشقا ۋە بويۇندىن تۆۋەنگە قاراپ يېرىم يان پەشنىڭ چۆرىسىگە گۈللۈك جىيەك تۇتۇلاتتى. بۇ، كىشلەرگە كېيىنكى مىسىرنىڭ تاراز كىيىمىنى ئەسلىتەتتى.

D) سەل كېيىنكى بىر خىلى موڭغۇللارنىڭ قەدىمكى دەۋر كىيىمى بولسا كېرەك، كىيىمنىڭ ئۇزۇنلىقى تىزىغىلا بارىدۇ (16 - رەسىم)، ياقىسى تۆت بۇرجەكلىك بولۇپ، ئىچكى كىيىم كۆرۈنىپ تۇرىدۇ. تاش كىيىمنىڭ سىرتىغا پەرتۇق تاقايدۇ. موڭغۇل پادىشاھىنىڭ سۈرىتىدە كۆرگىنىمىزدەك، [40]مۇنداق كىيىم كىيگەن ئەرلەر پېشانىسىغا چەمبىرەك ياكى ئاق لېنتا باغلايدۇ. ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئاجرىتىلغان ئورۇم چاچ پېشانىسىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق كىيىمگىمۇ بەلباغ باغلىنىدۇ. كىيىمنىڭ رەختى چوڭ گۈللۈك ياكى يۇملاق گۈللۈك بولىدۇ. ئېتەك، ياقا ۋە ئۈستۈنكى بەلەك، بېغىش قىسىملىرىغا بىر خىل رەڭدە گۈللۈك جىيەك تۇتۇلىدۇ.

E) ياشلارنىڭ كىيىمى ئاددىراق بولاتتى.

## ئاياللارنىڭ كىيىمى

A) تۇرپاننىڭ تام رەسىملىرىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىمۇ بەزىدە دۇنخۇاڭنىڭ تام رەسىملىرىدىكىدەك (18-19-رەسىملەر)، تور شەكلىدىكى قىزىل ئىچكى كىيىم (بۇنداق ئىچكى كىيىم بويۇن ۋە بېغىشلاردىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ) ئۈستىگە يەڭسىز ناھايىتى ئۇزۇن ھەم كەڭ سېرىق سىرتقى كىيىم يېپىنچاقلىۋالىدىغانلىقى مەلۇم. كىيىمنىڭ پېشى ئالدى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېچىلىدۇ، بەل قىسمى ئانچە روشەن بىلىنمەيدۇ. پەشنىڭ چەتلىرىگە تار گۈللۈك جىيەك تۇتۇلغان، ئۈستۈنكى بەلەك قىسمى ۋە سىرتقى كىيىمنىڭ تىكىلگەن جايلىرىغىمۇ گۈللۈك جىيەك تۇتۇلغان. چاچ غەلتە پو-

سۇندا بەشكە ئاجرىتىلغان، ئۇنىڭ ئىككىسى ئوڭ تەرەپتە، ئىككىسى سول تەرەپتە، بىرسى ئارقىغا چۈشۈرۈلگەن. چاچنىڭ يۇقىرى قىسمىغا تۈرلۈك چاچ زىنقچىسى ياكى قۇچقاچ شەكىللىك تاغاق قىستۇرۇلغان. چاچنىڭ ئۈستىدىن چوڭ بىر قىزىل لېنتا يوتىغىچە چۈشۈپ تۇرىدۇ، ساغرىنىڭ يۇقىرىسىغا گۈل تۈگۈن تۈگۈلىدۇ.

B) تار كىيىم كىيگەن ئەرلەر (ئەرلەر كىيىمىنىڭ B تۈرى) بىلەن قوشۇپ سىزىلغان ئاياللار ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشاش كىيىنگەن (20 - رەسىم) چاچ تۈزۈلۈشى بىر قەدەر ئاددى.

D) پەرتۇق ئاسقان (ئەرلەر كىيىمى D خىلىغا قارالسۇن) مويسىپىت بىلەن بىللە تۇرغان ئۇنىڭ ئايالى (21 - رەسىم) مۇ چاسا ياقىلىق پەشمەت كەيگەن، يېڭى قىسقا، ئىككىنچى بىر خىل رەڭدىكى ئىچ كىيىم بولسا ئۇزۇن يەڭلىك.

E) تام رەسىملىرىدە ئاز ئۇچرايدىغىنى: ئاياللار بەزىدە قاتلىمىلىق، بەلباغسىز، ناھايىتى ئۇزۇن ھەم كەڭ يەڭلىك كىيىم كىيىدىكەن (23 - رەسىم)[50] بۇنىڭدىن سىرت دائىم ناھايىتى ئېگىز تاج كىيىدىكەن (21 - رەسىم). بۇنداق تاجنىمۇ موڭغۇل ئاياللىرى ئىشلەتكەن، ئۇلار بۇنداق تاجنى «بۇغداق» (*boqdaq*) دەپ ئاتىغان.

F) يۇقىرىسىدا بەلبېغى بار كەڭ كىيىم ياش ئاياللارغا خاس بولۇپ، چاچ تۈزۈلۈشىمۇ ئوخشىمايدۇ (17 - رەسىمنىڭ سول تەرىپىدە).

## باشقا كىيىملەر

ئۇيغۇر راھىپلار دائىم بىر ياكى ئىككى ئىچ كىيىم كىيىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىدىن كەڭ، ئەستىرى سۇپەتلىك تاش كىيىم كىيىدىكەن. ئىبادەت قىلىش ۋاقتىدا مۈرە قىسمىلا ئۈستىدىكى كىيىمىدىن سىرتقا چىقىرىپ قويۇلىدىكەن، چۈنكى ئۇيغۇرلارمۇ خەنزۇلارغا ئوخشاشلا يالىڭاچ بەدەن (يۈز ۋە قولدىن باشقا) بولۇشنى ئەيىپ ھېسابلىغان. چاچ چۈشۈرۈپ، ساقال قويمايدىكەن. ئۈچ قەۋەت كىيىمنىڭ رەڭگى ھەر خىل بولىدىكەن. سىرت كىيىمنىڭ رەڭگى ئادەتتە ئوچۇق بولمايدىكەن ھەمدە كىيىمگە توغرىسىغا ۋە تىككىسىگە قارا زىغزىق تۇتۇلىدىكەن. بۇ ھال، كىشىلەردە قەدىمكى قۇراق چاپاننىڭ تەسىرىنى قالدۇرۇشى مۇمكىن. كىيىم كۆپ قاتلانغاندا سىزىقلار ھاسىل بولىدۇ. روپەشلەرمۇ چۆرىسى زىننەتلەنگەن كىيىملەرنى كىيىدىكەن، چېچىنى بولسا (خۇددى جىن ئىلاھە (*Hariti*) (23 - رەسىم) نىڭكىدەك قىلىپ تۆۋەن تەرەپتىكى قاپلىغۇچ ئىچىگە سېلىۋالىدىكەن.

مانى دىنىدىكى ئەر، ئايال راھىپلار (*Elekte*) (25 -، 26 - رەسىملەر) كەڭ ئاق كىيىم كىيگەن، كۆكرىكى قىزىل رەڭلىك چاسا قالقان بىلەن بېزىتىلگەن. ئەر راھىپ باش روھانىنىڭ ئاددى بۆكىنى كەيگەن، ئايال راھىب ئاق كەندىر تانا ئۆتكۈزۈلگەن يارىشىملىق بۆك كەيگەن، بۆكنىڭ كېيىنكى قىسمى ئارقا مېڭە تەرەپتىن ساڭگىلىتىپ قويۇلغان.

رەسىمدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرغان خەنجەر ئاسقۇچى (27 - رەسىم)، مەرگەن (28 - رەسىم)، رەسسام (29 - رەسىم) قاتارلىق شەخسلەر تولاراق بىر رەڭلىك ئۇزۇن سىرت كىيىم كەيگەن. ياقىسى ياكى بۆرەك ياقا، ياكى ئۈچلۈق ياقا. بۇنىڭدىن تاشقىرى تار ئىشتان، ئاددى ئاياغ كىيگەن. بۆكنىڭ ئالدى تەرىپى تەكشى، كەينى قىسمى بولسا كۆتۈرۈلۈپ تارالغان چاچنى قاپلاپ تۇرۇشقا لايىقلاشتۇرۇلغان.

## خاس سۈرەتلەر

ئۇيغۇرلار يات مىللەت كىشىلىرىنى كۆزىتىشتە ئۆتكۈر، شۇنىڭدەك رەسىم سىزىشتا بۇنى تېپىكلەشتۈرگەن بولغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنگەن. بۇ قابىلىيەت ئۇيغۇرلارنىڭ خاس سۈرەت سەن-

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىمكا-
نىيەت يارىتىپ بەردى. ئۇلار سۈرەتنى ھە-
قىقەتكە يېقىنراق قىلىپ سىزىشقا تىرىشات-
تى. بۇ نەرسە بولۇپمۇ ئىككى رەسىمدە ئالا-
ھىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇ پەردە غەرب
تەرەپتىكى ئۈچ راھىپ ئوخشاش تۈرق ۋە
ئوخشاش كىيىمدە كۆرسىتىلگەن، لېكىن
ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا ئوخشاش بولمىغان
خۇلۇق- مىجەزئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ (30
-، 31 - رەسىملەر)[15] بۇنداق خاس سۈرەت-
لەشتۇرۇش (بۇنى باشقا رەسىملەردىمۇ كۆر-
گىلى بولىدۇ) ئۇلارنىڭ غايىۋى دۇنياسى-
نىڭ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى كەت-
كەنلىكىنى، يەنى شەخس خاراكتېر جەھەتتە
تەرەققىي تاپقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.
رەسساملىق سەنئىتىدە شەخسلەرگە بۇنداق
خاراكتېرستىكا بېرىش، ئېھتىمال، ئەڭ
قەدىمكى ئەنئەنىلەرنى مەنبە قىلغان بولۇشى
كېرەك. بىزگە مەلۇمكى، تۈرك ۋە ئۇيغۇر
خانلىقلىرى دەۋرلىرىدە مەڭگۈلۈك خاتىرە
تېشى ئورنىتىش (*bangü=mangü*) ئادىتى
بولغان. مەڭگۈ تاشقا ئۆلگۈچىنىڭ ئىسمى،
تەخەللۇسى، خىزمەت ئورنى، يېشى ئويۇل-
غان بولاتتى. كىشى ئۆلگەندە خاتىرە تېشى
ئورنىتىش (باشقا قۇربانلىق بۇيۇملىرىمۇ
قويۇلاتتى ئەلۋەتتە)، ئۆلگۈچى ئۈچۈن بىل-
دۈرۈلگەن مۇرەۋۋەتنىڭ ئىپادىسى بولاتتى.
ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان
بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىدىيە تېخىمۇ تەرەق-
قىي قىلدى. ئۆلگۈچىگە ۋە ھايات كىشىگە
ساۋابلىق ئىش قىلىش ئۈچۈن، ئۇستىگە
ئىسمى ۋە تەخەللۇسى ئويۇلغان قوپال ھەي-
كەل تىكلەشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايتتى[52]،
بەلكى ئۇنىڭ ئۈچۈن تەخمىنى سۈرەت سى-
زىش ۋە سۈرەتنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ ئىسمى ۋە
تەخەللۇسىنى يازىدىغان ئورۇن قالدۇرۇش
كېرەك ئىدى.

بىر پارچە ھۆكۈمەت ھۆججىتىدە «بۇ
پالانى كىشىنىڭ سۈرىتى» دەپ يېزىلغان
سۆزلەر بار. كېيىنچە خاس سۈرەتلەر تەخ-
مىنى سۈرەتلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

* * * *

〔رەسساملىق〕نى تېپىكلەشتۇرگەن،
تارىخلاشتۇرغان ۋە خاسلاشتۇرغاندىن تاشقى-
رى، ئۇيغۇرلار بىر خىل يېڭى ئۇسلۇبنىمۇ
مەيدانغا كەلتۈردى. ئۇيغۇرلار 9 - ئەسىردە
يولۇقتۇرغان سۈرەت سىزىش، زىننەت بې-
رىش، رەڭ بېرىش ۋە شەخسلەرنى سىزىش
سەنئىتى ئۇلارنىڭ خاھىشىغا ئۇيغۇن كەل-
مەيتتى، بەزىلىرىنىڭ «ۋاقتى ئۆتكەن» لى-
كى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن،
بىزنىڭ بەزى تام رەسىملىرىدە كۆرگىنى-
مىزدەك، قەدىمىراق بولغان سىزىش ئۇس-
لۇبى ئۇيغۇرلارنىڭ زوقىغا قاراپ زور دەرى-
جىدە ئۆزگەرتىلگەن. ئالدىنقى دەۋرنىڭ
«توخار» ئۇسلۇبىدىكى تام رەسىملىرىنى
ئالساق، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە بەلگىسى —
رەسىملەردە بىر ياكى بىر قانچە كىچىك ھې-
كايە كۆرۈنۈشلىرى بولاتتى. مانا بۇ، سى-
زىش ۋاقتىدا ئانچە ئېنىق بولمىغان تەپسى-
لاتلارنى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسىنى ئاڭقىرالايدى-
غان بەلگىلىك ئىستىداتقا ۋە پەرق ئېتىش
ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى.
ئۇيغۇرلار بولسا، شەكلى چوڭ ۋە ئاددى
تۈزۈلۈشنى ياقتۇراتتى. رەڭنى تاڭشەشتە،
ئۇلار بىغىر رەڭنى ياخشى كۆرەتتى، بۇ رەڭ
بۇرۇنقى دەۋردىكى كۆك رەڭ ۋە سۇس يې-
شىل رەڭنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. كۇچا
مىڭ ئۆيلىرىنىڭ تام رەسىملىرىدەك قان ئى-
چىدە ئۆزىنى يولۋاسقا يەم قىلىپ بېرىدىغان
كۆرۈنۈشتىكى رەسىملەرنىڭ ئەكسىچە، ئۇي-
غۇرلار ھەيۋەتلىك، سەلتەنەتلىك بۇتنى
ئارتۇقراق ياخشى كۆرەتتى. كامالەتلىك زات
باغاۋەن (*bhagavan*) نى مەدھىيلەش —
ئۇيغۇرلارنىڭ ئېنىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت-
كە ۋە شەك كەلتۈرگىلى بولمايدىغان نەمۇ-
نىلىك نەرسىگە كۈچلۈك خۇشتارلىقىغا راسا
ئۇيغۇن كېلەتتى.

## ماددىي مەدەنىيىتى

### ئات بېقىش، دېھقانچىلىق، بۈركۈتۋازلىق، ئۆي ـ ماكان

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ قوچوغا كەلگەندىن كېيىن يەنىلا ماھىر چارۋىچىلار بولۇپ قالدى. ئۇلار ئات بېقىشقا تولىمۇ ھەۋەسكار ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ چاغدا ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى[54]. ئۇيغۇرلار سودا ئىشلىرى بىلەنمۇ ئۇزۇن شۇغۇللانغان (بۇ ھال شۇ چاغدا خەنزۇلارنى ناھايىتى ھەيران قالدۇراتتى). سودا ئىشلىرى ئۇلارغا زور پايدا كەلتۈرەتتى. ئۇلار يىراقتىكى مىللەتلەرنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىگە ۋە تاۋارغا بولغان تەلىپىگە نىسبەتەن سەزگۈرلۈكلىكى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى ياكى يوق دېگەندە، چەتئەل كارۋانلىرىنى شۇ يەردىن ئۆتكۈزۈش ۋاقتىدا چېگرا بېجى ئېلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشىنەتتى. بۈركۈت ئوۋچىلىقىمۇ ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل پائالىيەت (32 ـ رەسىم).

### ئۆي ـ ماكان

كىگىز ئۆي ھازىر سەپەر ۋە يازلىق لاگېرلاردىلا ئىشلىتىلىدۇ. قوچو ئۇيغۇرلىرى تولاراق ئىككى قاناتلىق ئىشىك، قوۋۇقنىڭ ئۈستىدە راۋاقى بار ۋە تاملىرى يېرىم ئېگىزلىكتە قوپۇرۇلغان تۇسما تام ئىچىدىكى ئۆيلەردە ئولتۇراتتى (33 ـ رەسىم). بەزى ئۆيلەر ئېگىزلىكى 50cm كېلىدىغان خىش ئۇلنىڭ ئۈستىگە سېلىناتتى، ئالدى تەرەپنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن ياسالغان پەلەمپەي بولاتتى. ئۆيلەرنىڭ تولىسى بىر قەۋەت بولۇپ، تاملىرى مۇستەھكەم ئىدى (بۇرۇنقىراق چاغلاردا)، دەرىزىسى يېرىم يۇمۇلاق شەكىلدە بولاتتى (34 ـ رەسىم)، كېيىنكى ۋاقىتلاردا چاسا شەكىلگە ئۆزگەرتىلدى (35 ـ رەسىم) ۋە دەرىزىگە، پەنجىرە قويۇلىدىغان بولدى، بايرام كۈنلىرىدە ئۆي سىرتىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە يىپەك پەردە تارتىلىپ، تامنىڭ بۇرجەك جايىدا تۈگۈچ تۈگۈپ قويۇلاتتى (36 ـ رەسىم). ئۈستى كاھىشلىق ئۆيلەر خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشايتتى: ئۆگزە بېلىق سىرتىنىڭ ئىككى ئۇچىغا بىردىن قۇش ئولتۇرغۇزۇلاتتى (سۇمرۇغ — شۇڭقار بولسا كېرەك). خەنزۇلار كېيىنكى دەۋرگە كەلگەندە ئۇنى ئەجدىھا بېشىغا ئۆزگەرتتى. ئۆگزە بېلىق سىرتىنىڭ ئوتتۇرىسىغىمۇ خەنزۇلارنىڭكىدەك، ھەمىشە، چوڭ مۇنچاق قادىلاتتى. ئۆينىڭ ئۆگزىسى كۆپىنچە قىزىل رەڭدە ھەشەمەتلىك پەدەزلىنەتتى، لېكىن ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى خەنزۇلارنىڭكىدەك ئۇنداق تولىمۇ ئىنچىكىلەپ كېتىلمەيتتى. ئۆينىڭ ئۈستىدە بالىخانىسى بولۇپ (ئۇيغۇر يېزىقىدا قالىغ *qaliq* دېيىلىدۇ)، تولاراقى سېپتا ئىشلەنگەن كاتەكچە شىپاڭدىن ئىبارەت بولاتتى (37 ـ رەسىم). ھويلا ئىچىدە گۈل ۋە دەل ـ دەرەخ ئۆستۈرۈلەتتى، ئات تۇرىدىغان ئېغىل بولاتتى (38 ـ رەسىم). ئۆينىڭ تېگى گۈللۈك تاختاي بولاتتى[55] ياكى گىلەم سېلىناتتى[56]. كىشىلەر ھەمىشە ئېگىزلىكى تەخمىنەن 30cm كېلىدىغان كىچىك ئۇزۇن ئورۇندۇقتا[57] ياكى پولدا ئولتۇراتتى[58].

### يېزىق مەدەنىيىتى

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ غەربىي قوشنىسىدىن يېزىق مەدەنىيىتى قوبۇل قىلدى (بىر قىسمى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن قوبۇل قىلىنغان) ۋە ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى (9 ـ رەسىم). يېزىق ماتېرىيالى ئاساسەن قەغەز ئىدى. ھازىرقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، خەنزۇلارنىڭكىدىن
پەرقلىنىدىغان يېرى يېزىشتىن ئىلگىرى قە-
غەز ئۈستىگە بىر قەۋەت ئاق شىلىم بېرىلە-
دىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەغەز زاۋۇ-
تى بولسا كېرەك. بەزى قەغەزلەرنىڭ تۈرى
غەربىي ئاسىيادىن كەلگەن. دائىم خەنزۇچە
يازمىلارنىڭ كەينى بېتىدىنمۇ پايدىلانغان.
كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى سوغدى يېزىقىنىڭكى-
دىن چوڭراق بولغان. تۈپلەشتە ياۋروپاچە
شەكىل، يەنى قاتلانغان يېرىدىن يىپ بىلەن
تىكىش ياكى ھىندىستاننىڭ پاتتىرا يوپۇر-
مىقىغا يېزىلغان دىنىي كىتابقا ئوخشاش يو-
پۇرماق ئۈستىدىن يۇمۇلاق تۆشۈك تېشىپ
تانا ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. فور-
ماتىنىڭ كەڭ ـ تارلىقىمۇ بەزىدە خەنزۇ كى-
تابلىرىنىڭ فورمىسىدا بولاتتى. بۇددا دىنى-
نىڭ دىنىي كىتابلارنى يېزىشقا بولغان ئېھ-
تىياجىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، شۇنىڭدەك
كىتاب كۆچۈرۈشنىڭ ساۋابلىق ئىش ئىكەن-
لىكى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلارمۇ خەنزۇلار
كەشىپ قىلغان ياغاچ مەتبەئە سەنئىتىدىن
پايدىلىناتتى. ياغاچقا ئويۇلىدىغان يازمىلار
تولاراق قاتلىما شەكىلدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ
تولىسى بۇددا دىنى توغرىسىدىكى كىتابلار
ئىدى. يېزىش قورالى تولاراق قومۇچ قەلەم
(*qalam*) ئىدى.[50] مۇھىم بولمىغان كۆچۈر-
مىلەر، كۆپىيىلەر، ھۆججەتلەر خەنزۇلار-
نىڭ موي قەلىمى بىلەنمۇ يېزىلاتتى. (بۇ
خەتنىڭپەقەت يازما كۆپىيە شەكلىلا ئىدى).
ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن تۆرلۈك شەكىلدىكى
يېزىقلار غەرپتىن كەلگەن بولسىمۇ، قەدىمـ
كى ئۇيغۇر تىلىدىكى «خەت يازماق» دېگەن
مەنىدىكى «بىتتى» (*biti*) سۆزى بولسا خەن-
زۇ تىلىدىكى « 笔 » دېگەن خەتتىن ئېلىنـ
غان. ئۇلار «خەت يازماق» نىڭ قانداق نەر-
سە ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيدىغان دەۋردە،
خەنزۇلاردا مۇشۇنداق تېخنىكىنىڭ بارلىقى-
نى كۆرۈپ، شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆزنى قوبۇل
قىلغان بولسا كېرەك.

## يېزىق تۆرلىرى

1. قەدىمكى تۈرك — رونىك يېزىقى:
بۇ يېزىق (ئېھتىمال ئارىئانلاردىن كەلگەن
ۋە كۆپ دەرىجىدە ئۆزگەرتىلگەن بولسا كې-
رەك) نى تۈركلەر ئەڭ دەسلەپتە مەڭگۈلۈك
خاتىرە تېشى يېزىشتا ئىشلەتكەنمۇ، كېيىن
ئارىئان ـ تۈرك تىلىدىكى قولىيازمىلاردا
ئىشلىتىلگەنمۇ، تېخىمۇ كېيىنكى چاغلاردا
ئۇيغۇرلار ياكى باشقا تۈركىي خەلقلەر تەرە-
پىدىن قوللىنىلغانمۇ؟ بۇ مەسىلە ھازىرغى-
چە تېخى ئايدىڭلاشمىدى. مىرەندە يەر ئاس-
تىدىن تېپىلغان ۋە «قەغەزگە يېزىلغان
ھەربىي ھۆججەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ
يېزىق پەقەت مانى دىنى ياكى دۇنياۋىي مەز-
مۇندىكى ئەڭ قەدىمكى كىتابچىلاردىلا ئىش-
لىتىلگەن دېگەندەك دەرىجىدە ئۇچرايدۇ.
ئىملاسى تېخى مۇقىم بىر شەكىلگە كىرمى-
گەن. بۇ يېزىق بىلەن يېزىلغان ھۆججەتلەر-
دە y شىۋىسى (ئۇيغۇر شىۋىسى؟) نىڭ خۇ-
سۇسىيەتلىرى كۆرۈنمەيدۇ (y شىۋىسى دې-
گىنىمىز ھازىرقى زامان تۈرك تىلشۇناسلى-
قىدىكى خاس ئاتالغۇ. قەدىمكى زامان تۈرك
تىلىدىكى *ayir* «يامان» دېگەن سۆز بەزى
ھۆججەتلەردە *anir* دەپ، يەنە بەزى ھۆججەت-
لەردە *ayir* دەپ يېزىلغان. ئالدىنقىسى
*n*شىۋىسى، كېيىنكىسى y شىۋىسى ـ تەرجى-
ماندىن).

2. سوغدى يېزىقى: سوغدى يېزىقى
بىلەن يېزىلغان ھۆججەتلەر ناھايىتى ئاز، بۇ
يېزىق كونىراق قالدۇق ھۆججەتلەر بىلەنلا
چەكلەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈنلەي بۇددا
دىنىنى مەزمۇن قىلغان. بۇ ھۆججەتلەر ئۇي-
غۇرلاردىن ئالمىغان بولسا كېرەك، بەلكى
قوچو رايونىدا ياشىغان باشقا تۈرلەرگە مەن-
سۇپ بولسا كېرەك.

3. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى: سوغدى
يېزىقى تۈركلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان-
دىن كېيىن، يېزىقنىڭ سىزىقلىرى جەھەتتە
بەزى ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ (شەكىل جەھەت-
تە سوغدى يېزىقىدىن ناھايىتى ئاز پەرقلى-

نىدۇ). بۇ يېزىق كەڭ قوللىنىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ھازىر تولاراق ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتىلىدۇ. خۇددى تۈركلەر ئىشلەتكەن باشقا بارلىق يېزىق شەكىللىرىگە ئوخشاش، دەسلەپتە ئوڭدىن سولغا، توغرىسىغا يېزىلغان، كېيىن خەنزۇچە بىلەن بىللە يېزىلىشى تۆپەيلىدىن سولدىن ئوڭغا، تىك شەكىلدە (خەنزۇچە بىلەن ئوخشاش) يېزىشقا ئۆزگەرتىلگەن بولۇشى كېرەك.

4. ئېسترانگېل (*Estarngelo*) يېزىقى: تۇرپان رايونىدىكى تۈركلەر سۇرىيىلىكلەردىن ئالغان بولۇپ، پەقەت خىرىستىيان دىنىغا دائىر ھۆججەتلەرنى يېزىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلگەن. ھازىر تېخى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بۇ يېزىقنى ئىشلەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئاساس يوق (گەنسۇنىڭ خىچېڭزى دېگەن يېرىدىن مۇشۇ يېزىق بىلەن يېزىلغان تۈرك تىلىدىكى كەمتۈلگەن ھۆججەتلەر تېپىلدى - تەرجىمان).

5. مانى يېزىقى: ئېسترانگېل يېزىقىدىن تەرەققىي قىلغان مانى يېزىقىنى تۈركلەر ئۆزلىرىگە قوشنا ئارىئانلاردىن ئالغان. بۇ يېزىق پەقەت مانى دىنىغا دائىر ھۆججەتلەرنى يېزىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلگەن. بۇ يېزىقنىڭ ئىلگىرىرەك دەۋردىكى ئىملاسى بىلەن كېيىنرەك دەۋردىكى ئىملاسى ئوخشىمايدۇ. *n* شىۋىسىدىكىسىمۇ بار، y شىۋىسىدىكىسىمۇ بار. ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنىمۇ ئىشلەتكەن. كېيىنكى چاغلاردا ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا دائىر ھۆججەتلەرنى مۇشۇ يېزىق بىلەن يېزىشقا تېخىمۇ خۇشتار بولغان.

6. براخما يېزىقى: بۇددىلار ئىشلەتكەن تىل، كېيىن ئۇيغۇرلارمۇ قوللانغان. بۇ يېزىقنى تۇرپان ئۇيغۇرلىرى بۇددىس «تۇخارلار» (ياكى ساكلار) دىن ئالغان. براخما يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ تىلى y شىۋىسىگە مەنسۇپ، بۇ ھال بۇ ھۆججەتلەرنى يازغانلار ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

7. تىبەت يېزىقى: تۇرپان رايونىدىكى تۈرك ئۇيغۇرلىرى ھەتتا تىبەت ھەرپلىرىدىنمۇ پايدىلانغان. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ قالدۇق پارچىلىرىدىن قاراپ ھۆكۈم قىلغاندا، كېيىنرەك دەۋرگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك؛ بۇ يېزىقتىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىپادىلىنىشى براخما يېزىقىغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. مەسىلەن: *aye* ئارقىلىق *i*، *i* ئارقىلىق *i*، *oy* ئارقىلىق *o* ئىپادىلەنگەن. پەقەت *gr* ئارقىلىق *q* نىڭ ئىپادىلىنىشىلا براخما يېزىقىغا ئوخشاش.

تۈرلۈك يېزىقلارنىڭ ئىشلىتىش ئەھۋالى: قەدىمكى تۈرك رونىك يېزىقىنى، خۇسۇسەن كېيىنكى چاغلاردا، مانى دىنىدىكىلەر ۋە ئۇيغۇرلاردىن باشقا تۈركلەر ئىشلەتكەن. بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەھۋاللارمۇ بار. سۇغدىلار دەسلەپكى دەۋردە بۇددا دىنىدىكى تۈركلەر ئارىسىدىلا ئىشلەتكەن. ئۇ ئۇيغۇر يېزىقى ئۈچۈن مەخسۇس خاتتەتلىق مەكتەپلىرى بولغانلىقتىن بۇ يېزىق كەڭ قوللىنىلغان ۋە ئۇنىڭ ئىملا قائىدىلىرىمۇ تۈزۈلگەن. ئۇيغۇر يېزىقى بارلىق تۈرك قەبىلىلىرىدە دېگىدەك كەڭ قوللىنىلغان. ئېسترانگېل يېزىقى پەقەت سۇرىيىلىكلەر تەرىپىدىنلا قوللىنىلغان بولۇشى مۇمكىن. مانى يېزىقى ئۇيغۇرلار ۋە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى باشقا تۈركىي خەلقلەر ئىشلەتكەن. مانى يېزىقىنىڭ ئىملاسى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇ، ئىككىنچى بىر خىل يېزىش مەركىزى بىلەن بەلگىلەنگەن. براخما يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىش ھادىسىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ، ئۇيغۇرلار ئىلىم جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئۇستازى — «تۇخارلار» دىن ئۆگىنىشكە ئىنتىلگەن.

## دىن

قــوچــو ئۇيغۇرلىرى ئېتىقــاد قىلغان دىنلار

يۇقىرىدا تارىم ئويمانلىقىدىكى دىنلار ئۈستىدە توختالدۇق. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئومۇملاشقىنى بۇددا دىنى ھېسابلىنىدۇ. بۇددا دىنى 630 - يىللار ئۆپچۆرىسىدىلا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قەدىرلەنگەن. 832 - يىلىغا مەنسۇپ بولغان موڭغۇل قارا بالقاسۇن خاتىرە تېشى (ئۇيغۇر، خەنزۇ، سوغدى تىللىرىدا يېزىلغان)[60] شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، كېيىن ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدە ئۇلار مانى دىنىنى قوبۇل قىلغان (762 - يىل بۆكە قاغان مانى دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ قوبۇل قىلىدۇ) ۋە كونا دىنلارغا دائىر رەسىملەرنى كۆيدۇرىۋەتكەن. لېكىن تۇرپان رايونىدىكى تام رەسىملەر ۋە بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار ھەمدە سوڭ دەۋرىدىكى ۋاڭ يەندېنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا[61]، غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار شۇ يەردە كەڭ ئومۇملاشقان بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن بۇددا دىنىغا كىرگەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان بۇددا دىنى مەزھەپلىرى توغرىسىدا ھازىر بىز تېخى بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئاز سانلىق تۈرك نېستورىيانلىرى (ئۇلارنىڭ مەركىزى بۇلۇيۇق ئىدى) ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بار - يوقلۇقىمۇ ئېنىق ئەمەس.

## تىل تەرەققىياتى

يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان دىن ئۈچۈن ئۆز مىللىي تىلىدا مۇقەددەس كىتاب يارىتىش ئېھتىياجى ۋە پەلسەپىۋىي ئاتالغۇلارنى توغرا ئىپادىلەش ئېھتىياجى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تىلىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇردى. موڭغۇللار تاپقان قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ تىلى تېخى ناھايىتى كەمبەغەل ئىدى. بۇ چاغدا تەڭداش جۈملىلەر ۋە بېقىندىلىك قوشما جۈملىلەر تەرەققىي قىلغان. پېئىلدا ئۇيغۇرلار ۋاقىت كاتېگورىيىسىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى، ئالايلۇق، ئۆتكەن زامان بىلەن يىراق ئۆتكەن زاماننى پەرقلەندۇرۇش، ھەرىكەت بىلەن ھالەتنى پەرقلەندۇرەتتى، رەۋىشلەردىن پايدىلانمايتتى، بىرەر ھەرىكەتنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى ياكى داۋاملىق رول ئويناۋاتقانلىقىنى پەقەت ۋاقىتنى بىلدۇرىدىغان ئاددىي بىرىكمىلەر ئارقىلىقلا ئىپادىلەيتتى. يەنە پېئىل بىرىكمىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ھەرىكەتنىڭ ئاستىلىقىنى ياكى ئۇشتۇمتۇتلىقىنى، داۋاملىقلىقىنى ياكى ئارىدا ئۈزۈلۈپ قېلىشلىقلىقىنى، ئىگىگە ياكى باشقا تەركىبلەرگە مۇناسىۋەتلىكلىكىنى ئىپادىلەيتتى. ئىسىملاردا ئالايلۇق، مەلۇم بىر مەكتۇپ ياكى مۇئەييەن بىر مەكتۇپ ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۇرەلەيتتى ۋاھاكازا. قەدىمكى سۆزلەرنىڭ مەنا جەھەتتىن بىرىكىشى بىلەن يېڭى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى ئارقىسىدا لېكسىكا زور دەرىجىدە بېيىدى. قەدىمكى زامان (مەڭگۈ تاش) ئەدەبىياتىدا كۆپ تەركىبتە جۈپلەشتۈرۈش ياكى رەتسىز جۈپلەشتۈرۈش قىزىقارلىق بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولغان بولسا، ھازىر ئەمدى قاپىيىداشلىق شەكلى مەيدانغا كەلدى. بۇ دەۋرنىڭ شېئىرىيىتىدە قوش قاپىيە (*paarrtim*) بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى كۆپ مىسرالىق شېئىرلاردا، بەزىدە، بەدىئىلىكى كۈچلۈك بولغان ئاچ قاپىيە (*überreim*) ئارقىلىق بىر ئىدىيىۋىي پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلغىلى بولاتتى. ئەلۋەتتە. بۇ، دىنغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئۇقۇملار ئۆز مىللىي تىلىنىڭ لېكسىكىسى بىلەن ئىپادىلەندى دېگەنلىك ئەمەس، بۇ جەھەتتىمۇ چەتتىن سۆز قوبۇل قىلىنغان. بۇددا دىنى ھۆججەتلىرىدە بەزى خەنزۇچە سۆزلەر ئىشلىتىلگەن، مەسىلەن: *foyin* «راھىپ» سۆزى («مۇخلىس» دېگەن سۆزدىن كەلگەن)، *burxan* «بۇددا» سۆزى («*but + xan*» دېگەن سۆزدىن كەلگەن). لېكىن ئاتالغۇلارنىڭ تولاراق قىسمى ئارىئان تىلى تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن سانسكرىت تىلىدىن ئىبا-

رەت ياكى سانسكرىت تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئارىئان تىلىدىكى زەردەش دىنىي سۆزلىرى ئىشلىتىلگەن، مەسىلەن: *xormuzda* مانى دىنىنىڭ سوغدى تىلىدىن كەلگەن، سانسكرىت يېزىقىدا بولسا *imlra* دېيىلىدۇ؛ *azrna* سوغدى تىلىدىكى *azru(v)a* دېگەن سۆزدىن كەلگەن، سانسكرىت يېزىقىدا بولسا براخما دېيىلىدۇ؛ *tamu* (دوزاخ) بۇددا دىنىنىڭ سانسكرىت يېزىقىدىكى *tamu* دېگەن سۆزدىن كەلگەن، سانسكرىت يېزىقىدا بولسا *naraka* دېيىلىدۇ، ۋاھاكازا. تۇرغۇنلىغان سانسكرىت تىللىرى «ئارىلاشما سانسكرىت تىلى» شەكلىدە قوبۇل قىلىنغان ياكى سانسكرىت تىلىنىڭ «تۇخار تىلى» ياكى ساك تىلى بولۇپ ئۆزگەرگەن شەكلىگە ئايلانغان. بىز سۆز قوبۇل قىلىشنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىش يولىنى بىلىۋالالايمىز.

### ئەدەبىياتى[1]

بۇددا دىنىغا كىرىش بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنى ئەدەبىياتتا نەتىجىگە ئىگە قىلدى. هۆججەتلەرنىڭ تولىسى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنەۋىي ئۇستازى بولغان تىللار — سانسكرىت تىلى، «تۇخار تىلى» خەنزۇ تىلى ۋە سوغدى تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان. ئۇلار دىنىي كىتابلاردىكى قىيىن جۈملىلەرگە ئىزاھ بەرگەن. سانسكرىتچە - ئۇيغۇرچە مەخسۇس سۆز - ئاتالغۇلار توپلىمى (*Merkwortersammluəgen*) تۈزگەن. «تۇخار» تىلىنىڭ $B$ خىلىدىكى شىۋىسى (قەدىمكى تۈرك تىلىدا بەزى ئىزاھلار بېرىلگەن) ھەم $A$ خىلىدىكى شىۋىسى ئىشلىتىلگەن دىنىي كىتابلاردىن پايدىلانغان. دىنىي كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش ۋاقتىدا، ئەسلى نۇسخىسىغا ئاساسلىنىش بىلەنلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقا تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىدىنمۇ پايدىلانغان. ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى بىر نۇسخىدىنلا ئىبارەت بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە تولۇقسىز بولسا، باشقا مۇناسىۋەتلىك تەرجىمە نۇسخىلىرىدىن تولۇقلىۋېلىشقا تىرىشقان (بۇ يەردە گەنسۇدىن تېپىلغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق سوترىسى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ - تەرجىمان). ئۇيغۇر مانى دىنىي مۇخلىسلىرى مۇشۇ دىنغا دائىر هۆججەتلەرنى تەرجىمە قىلىشتا ئەسلىگە ئانچە سادىق بولمىغان بولسا كېرەك. ئۇيغۇر يېزىقىدىكى هۆججەتلەردىن (يەر ئاستىدىن چىققانلىرىنىڭ تولىسى تىتىلىپ كەتكەن) بۇددا دىنى، مانى دىنى كىتابلىرى هېكايىلار قىستۇرۇلغان نەسىھەتلىك ئەسەرلەر، دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، مۇناجات، ئىزاھات ئەسەرلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلا بار. ئىبادەت سۆزلىرىنىڭ ئىچىدە ئائىلىدە دائىم ئىشلىتىلىدىغان پۇشايمان ئەينىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە قوزغايدۇ، ئۇ دائىم كۆچۈرۈلۈپ تۇرۇلاتتى. بۇددا دىنىغا دائىر هۆججەتلەردىن «مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى» نىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا، پىسخولوگىيىدە رولى بولمىغان گۇناھلار ھەقىقىي پۇشايمان تەرزىدە خاتىرىلىنىپ، شۇ ئارقىلىق شەخسلەرنىڭ ھەقىقىي توۋا قىلىش ئارزۇسى نامايان قىلىنغان. بۇ، ئەخلاقىي چۈشەنچىنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بۇ ھال ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا مىللەتلەردە ئۇچرىمايتتى. نېستورىيان دىنىنىڭ ئاز ساندىكى هۆججەتلىرىدە «مۇقەددەس گېئورگىنىڭ شېھىت بولۇشى» ۋە ③ «پارس راھىپىنىڭ ۋېتلېخمغا زىيارىتى» توغرىسىدا بىر هېكايە بار. كېيىنكى بىر هېكايىگە ئاتەشپەرەسلىك دائىرىسىدە يۈز بېرىدىغان بەزى ئەھۋاللار قوشۇلغان. يەنە سۈرىيىلىك نېستورىيانلار ئارقىلىق تارقالغان «ئېزوپ

① Litevatur، بۇ سۆز نېمىس تىلىدا «هۆججەت» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ - تەرجىمان.

تەمسىللىرى» تەرجىمىسىنىڭ قالدۇق پارچىلىرىمۇ بار.

## بەدىئىي سەنئەت[1]

شۇ دەۋر (ئىچكى ئۆلكىلەر) دىكى خەنزۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قەدىمىي شىنجاڭنىڭ بەدىئىي سەنئىتى (40-رەسىم): ئاۋازسىز تىياتىرى، ئۇسسۇللۇق تىياتىرى، ناخشا، ساز (41 - رەسىم) ۋە ئىپتىدائىي تىياتىرلىرى ناھايىتى زور مەھلىيا قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. ھېكايىلىرى جانلىق ھەم تەسىرلىك («بۇددا دىنىغا دائىر كىتابلار ۋە ماتېرىياللار توپلىمى» دا خەنزۇ راھىپلاردىن ۋى دې ۋە باشقىلارنىڭ خوتەن رايونىدا «دانىشمەن بىلەن ئەخمەق» دېگەن ھېكايىنى ئاڭلىغان چاغدىكى ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك - تەرجىمان) ئىدى. ھازىر ساقلانغان قوليازمىلاردىن قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ۋەقەلىكى خەنزۇچە سەھنە ئەسەرلىرىنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئاۋازسىز تىياتىرى توغرىسىدا بىز ھېچنەرسە دېيەلمەيمىز. ھازىر سۈرىتى بىلەن ساقلانغان (ئوغۇزخان) داستانى ئەدەبىيات[62] تەتقىقاتى ئۈچۈن بىر بەخت. بۇ ئەسەر، ئاددىغىنە تەرزىيىدە ئوقۇپ قويۇش دائىرىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق. كىتابتا شېئىر جۈپلۈك ۋە ئوبرازغا دائىر سۆزلەر كىشىنى ئۆزىگە تارتىدۇ، بەزى سۆزلەر رېتىملىق ئاھاڭغا ئوخشاش قۇلاققا يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، قەدىمكى شىنجاڭنىڭ ئوپىرا ئۆمەكلىرى، ناخشىچىلىرى، ئەر - ئايال سازەندىلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسەتكەن ۋە ئۇ يەرلەردە قىزغىن ئالقىشلارغا سازاۋەر بولغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۈركلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار بار ئىدى. بۇنى قەدىمكى تۈرك ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇستىلىق بىلەن سىزىلغان، كىچىك سازچىلار تەڭكەش قىلغان ناخشىچىلىرى (40 - رەسىم) نىڭ كۆرۈنۈشىدىن بايقىۋالالايمىز. چالغۇ ئەسۋابلىرىغا كەلسەك نەي، قوبۇز ۋە غوڭقىغا ئوخشاش نۇرغۇن خىلدىكى چالغۇ ئەسۋابلىرى تۇرپاندا يەر ئاستىدىن تېپىلغان. «مايترى سىمىت» (《*Maitrisimit*》) نىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى (ئۇيغۇر) تىياتىر سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشى دېيىش مۇمكىن[63] بايرام كۈنلىرىدە، مەسىلەن: نورۇزنىڭ 15 - كۈنى (ئۇيغۇر) دىيانەتلىك ئەر - ئاياللار تاپىنغۇچىلار ئىبادەتخانىغا يىغىلىشاتتى، ئۇ يەردە توۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ، سەدىقە ئاتاپ، رەخمەتلىك تۇغقانلىرى ئۈچۈن مۇسىبەت قىلىشاتتى. ئاسما رەسىملەردە جانلىق - تەسىرلىك ھېكايىلەر بايان قىلىناتتى. ھېكايە - قىسسە سۆزلىگۈچىلەر، ناخشى ئېيتقۇچىلار (باشقا - باشقا كىشىلەر باشقا - باشقا رولLARدا) «مۇللىېرنىڭ ئۈچرىشىشى» گە ئوخشاش ئىپتىدائى سەھنە ئەسەرلىرىنى ھېكايە قىلاتتى ۋە كۈيلەيتتى ياكى مەلۇم باقشى پىرخون، موللا بىلەن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭلار توغرىسىدا سۆزلىشەتتى. بۇ دىنىي ئەدەبىيەت سىخولاستىك قۇرۇق ئەقىدە بولماستىن، بەلكى دىن ئۆلىمالىرىنىڭ دىنىي قائىدىلەرنى ئاممىغا تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە جانلىق ھەم تەسىرلىك قىلىپ يېزىلغان ئەدەبىياتتۇر.

## خاتىمە

ئاخىرىدا 400 يىللىق تارىخقا ئىگە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ئۆز ئۇستىگە ئالغان ۋەزىپىسى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.[64] قەدىمكى ئۇيغۇرلار (ياكى قىرغىزلارغا يول قويۇلغاندىلىقى ياكى شەھەر تۇرمۇشىغا ھەۋەس قىلىخانلىقى تۈپەيلىدىن) ئاخىر يايلاق ھاياتىنى

① بۇددا دىنىغا دائىر كىتابلار ۋە ماتېرىياللار توپلىمى - ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى.

تاشلاپ تۇرپان ۋادىسىغا كەلگەندىن كېيىن، شەھەر مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى قىزغىنلىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار شۇ يەردە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن نەرسىلەرگە ئۆزى تامغىسىنى باستى. كوللېكتىپلىق ئىدىيىسىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۇلار شەخسنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ۋە ئەدەپ - ئەخلاق جەھەتتە خاتالىشىشنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇلار ئالىي دىنىي تەرەققىيات ئۈچۈنمۇ ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى ۋە ئۇنى پەيدىن - پەي مۇكەممەللەشتۈردى. ئۇيغۇرلار يات مىللەتلەرگە نىسبەتەن مۇناسىۋەتتىمۇ ساغلام ئاڭلىقلىقنى ساقلىدى، شۇنىڭدەك ئۇلارغا ھۆرمەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ، قوچو خانلىقىنىڭ دۆلەت دائىرىسىدە ياشىغۇچى تۈرك قەبىلىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ باشچىلىقى ئاستىدا ئاستا - ئاستا بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشتى. ئۇيغۇرلار سان جەھەتتە ناھايىتى جىق ئېدى. ئۇلار بۇرۇنلا مۇشۇ يەردە ياشايدىغان يات مىللەتلەرنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلدى (كېيىن ئۇلار ئۇيغۇر تىلىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى)، نەتىجىدە پۈتۈن رايونى تۈركلەشتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار تۈرك ئۇيغۇرلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ياتلار دەپ قاراش تۆپەيلىدىن قايتىدىن قوغلاش خەۋپى ئاخىر تۈگىگەن بولدى.

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىدا بۇددا دىنىنىڭ تۈرلۈك ئېقىملىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى (*Sarvastivandins* ئېقىمى *Mūlasarvastivadins* ئېقىمى ۋە *Vaibhasikas* ئېقىمى) بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينىدى. كېيىن قوچو رايونىدا ئاستا - ئاستا ماخايانا بۇددا دىنىي تارقىلىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋال بۇددا دىنىنىڭ مىزۇلىڭ مەزھىپى خاھىشى ھەتتا جادۇگەرلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈچۈن شەرت ھازىرلاپ بەردى. بۇ خاھىش كېيىن كۈچلۈك تىبەت لاما دىنى تەرەققىيدىن يەنە كۈچەيتىلدى. موڭغۇللارمۇ تىبەتچە بۇددا دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئىككى چوڭ مىزۇلىڭ مەزھىپى كۈچلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئاجىزلىق قىلدى. شۇڭا، كېيىنكى چاغلاردا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ھۆججەتلىرىدە لاما دىنىغا دائىر بىر مۇنچە نەرسىلەر بارلىققا كەلدى (بۇ بېرلىن توپلاملىرىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ). بۇ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر قىلدى. مىلادىيە 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىسلام دىنى غەربتىكى قاراخانىلار خاندانلىقىدىن قوچو ئۇيغۇرلىرىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى، كېيىن قوللىرىدا ھېچقانداق قورالى بولمىغان راھىبلارغا ئىبادەتخانىلارغا ئوت ۋە خەنجەر بىلەن تاقابىل تۇرغاندا، سانسىزلىغان بۇددا دىنى راھىپلىرى دىن قۇربانلىرى بولۇپ قەتلى قىلىندى. ئۇيغۇرلار يېڭى ۋە كېڭىيىپ كېتىۋاتقان ئىسلام دىنى ئالدىدا باش ئەگدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى يوقىتىپ، ئاخىرىدا ئەرەبلەر، پارسلار ۋە تۈرك مىللەتلىرى ۋەكىللىكىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر مىساللاردىن بىر مىللەتنىڭ مۇئەييەن ئەھۋال ئاستىدا قانداق قىلىپ مەدەنىيەت بايلىقىغا ئېرىشكەنلىكىنى ۋە بۇ مەدەنىيەت بايلىقىنىڭ قىممىتى يەنە قانداقسىگە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ياكى كۈچسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلق ئاممىسى ئارزۇسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىجتىمائىي شارائىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ۋە شۇنداق قىلىپ «شەكىل» بىلەن «مەزمۇن»نى پەرق ئېتىشنىڭ ئۆلچىمىگە ئىگە بولۇشنى چۈشىنىۋالالايمىز.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# قىسقارتمىلار (缩 写)

*ABAW Abhandlnngen der Berliner (Preussisehen) Akademie der Wissenschaften philosophi—Seh—historische Klasse*

(بېرلىن پروسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژۇرنىلىنىڭ پەلسە - تارىخ قىسمى)

*ADAW Adhandlnngen der Deutschen Akademie der Wissenschaften zu Berlin, philo—his—Klasse oder Klasse für sprachen, litera—ter und kunst.*

(بېرلىن گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژۇرنىلىنىڭ پەلسەپە - تارىخ ياكى تىل - ئەدەبىيات، سەنئەت قىسمى)

*A.V. Le Coq chotscho.* (قوچو) (高昌)

*I  A Grünwedel Bericht üder archaologi—Sche Arbsiten in Idikuts chari und ugebnng im winter* 1902—1903.

(1902 - 1903 - يىللار قىش، قوچو شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى ھەققىدە ئارخولوگىيىلىك دوكلات)

*Ja  Journal Asiatique. Paris*

(ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى)

*Jsfou  Journal de la Societe finno—ougrienne, Helsingfors*

(فىنلاندىيە - ئوگرىن ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى)

*Msfou  Memcires de la societe finno—ougrienng Helsingfors*

(فىنلاندىيە - ئوگرىن ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى)

*K  A. Grünwedel. Altbuddhistische kults—staten in chinsisch—Türkistan*

(جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قەدىمكى بۇددا دىنى ئىزلىرىدىن)

*SBAW  Sitzungsberichte der Berliner (Preussizchen) Akademie der wissenschaf ten, philo—hist Klasse*

(بېرلىن پروسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كونفېرىنسىيىسىدە قىلىنغان دوكلاتنىڭ پەلسەپە - تارىخ قىسمى)

*Toung—pao*

(مەلۇمات گوللاندىيىنىڭ لېيدىن شەھىرىدە نەشر قىلىنغان)

*UAJb  Ural—Altaische Jahrbücher wiesbaden*

(ئۇرال - ئالتاي يىلنامىسى)

*ZDMG  Zeitschrijt der Deutschen Morgenlandischen*

(گېرمانىيە شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى)

Ⅱ—Ⅶ  *A.V. Le Coq Die buddhistische Spatantike in Mittelasiten, Band*
Ⅱ—Ⅵ, *und A.V. Le Coq und E. Waldschinidt, dass. Band* Ⅶ.

(ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرى بىرىنچى جىلددىن يەتتىنچى جىلدقىچە، يەتتىنچى جىلد لې كوك بىلەن ۋالدىسمىتنىڭ بىرلىكتە يازغان ئەسىرى)

**ئىزاھلار**

① *D. Klementz*: «تۇرپان ۋە ئۇنىڭ يادىكارلىقلىرى»، *D. W. Rodloff*, —

*Klementz* نىڭ «پېتىر بورگ خانلىق ئاكادېمىيىسى 1888 ـ يىلىدىكى تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ دوكلاتى» ناملىق ئەسىرىگە بېسىلغان. سانكېت پېتىر بورگ 1899 ـ يىل نەشرى، 1 ـ، 53 ـ بەتلەر.

② *A. V. Lecoq* «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت خەزىنىسى — گېرمانىيىنىڭ 2 ـ، 3 ـ قېتىملىق تۇرپان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشىدىن دوكلات» لېيپزىگ 1926 ـ يىل نەشرى، 8 ـ، 10 ـ بەتلەر، 160 ـ، 163 ـ بەتلەر (بۇ يەردە ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ كىتاپ ئىسمى قوللىنىلدى، گېرمانچە ئەسلى نۇسخىسىنىڭ نامى «شىنجاڭدىكى يۇنان ئىزلىرى ـ ...» ئىدى ـ تەرجىمان)؛ *E. Wadschmidt* «گاندارا، كۇچا ۋە تۇرپان ـ نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى سەنئىتى ھەققىدە مۇقەددىمە»، لېيپزىگ 1925 ـ يىل نەشرى، 108 ـ بەتتىن كېيىن.

③ *E. Trinkler* «ئوتتۇرا ئاسىيا، ئالدىنقى ۋە كېيىنكى ھىندىستان» ـ «ھازىرقى ئاتلاس» قا بېسىلغان. لېيپزىگ 1928 ـ يىل نەشرى، 167 ـ بەت، رەسىم چۈشەندۈرۈشى 165 ـ بەتتىن ئېلىندى.

④ *A. Grünwedel* «1902 ـ 1903 ـ يىللار قىش، قوچو شەھىرى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى رايونلار ھەققىدە ئارخېئولوگىيىلىك دوكلات» ـ «مىيۇنخېن بال پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەجمۇئەسىگە بېسىلغان، 1906 ـ يىل نەشرى؛ شۇ ئاپتورنىڭ «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى بۇددا نوم يادىكارلىقلىرى» ناملىق ئەسىرى، بېرلىن 1912 ـ يىل شۇ ئاپتورنىڭ «قەدىمكى كۇچا» ناملىق ئەسىرى، بېرلىن 1920 ـ يىل.

⑤ *A. V. Lecoq* «قوچو»، بېرلىن 1913 ـ يىل، شۇ ئاپتورنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كېيىنكى دەۋرىدىكى بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرى» ـ 6 ـ جىلد، بېرلىن 1922 ـ، 1928 ـ يىللار؛ شۇ ئاپتور بىلەن *E. Waldschmidt* نىڭ ئوخشاش ناملىق كىتابى، 7 ـ جىلد، بېرلىن 1933 ـ يىل، لې كوك: «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتى ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىن خاتىرىلەر»، 1925 ـ يىل.

⑥ *E. Waldschmidt* «گاندارا...» ئىزاھ ② گە قارالسۇن، بولۇپمۇ ئاپتور لې كوك بىلەن بىرلىكتە يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاخىرقى دەۋر بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرى» 7 ـ جىلدىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىغا قارالسۇن.

⑦ *A. Foucher* «گاندارادىكى گرېكچە بۇددا دىنى سەنئىتى»، پارىژ 1918 ـ يىل نەشرى.

⑧ *F. Edgerton* «بۇددا دىنىنىڭ ئارىلاشما سانسكرىت تىلى» 1 ـ جىلد، گراماتىكا، 1953 ـ يىل نەشرى، 1 ـ بەتتىن كېيىن.

⑨ *O. Hansen* 《*Lanouvellclio*》 ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ جىلدىدە ئېلان قىلىنغان. 1951 ـ يىلدىكى ماقالىلار، 41 ـ بەتتىن كېيىن؛ شۇ ئاپتورنىڭ 《*Laparoiadel passato*》 ژۇرنىلىنىڭ 20 ـ جىلدىدە ئېلان قىلىنغان. 1951 ـ يىلدىكى ماقالىلارنىڭ 261 ـ 366 ـ بەتلىرى.

⑩ *H. Luders* «شىنجاڭنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈش»، *SBAW* 1922 ـ يىل نەشرى، 243 ـ، 261 ـ بەتلەر؛ شۇ ئاپتورنىڭ «شىنجاڭنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسىنى يەنە تەكشۈرۈش» ناملىق ئەسىرى، *SBAW* 1930 ـ يىل نەشرى، 7 ـ، 64 ـ بەتلەر.

⑪ نەن تياۋۋېنشىنيۇڭ: «ئۇلۇغ سوترا كىتابىنىڭ مۇندەرىجىسى»، ئوخفورد 1883 ـ يىل، 379 ـ، 458 ـ بەتلەر. جۇ فامىلىلىك تەرجىمانلارنىڭ تولىسى ھىندىستانلىق بولۇپ، ئۇلار 3 ـ ئەسىر بىلەن 13 ـ ئەسىر ئارىلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان؛ *P. Ch Bagchi* «جۇڭگو ئۇلۇغ سوترا كىتابى، تەرجىمان ۋە تەرجىمە ئەسەر»، 1 ـ جىلد، پارىژ، 1927 ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يىل، بۇ ھىندىستانلىقلارنىڭ كۆپچىلىكى شەرقىي ئاسىياغا قۇرۇقلۇق بىلەن كەلگەن، بەزىلىرى سەپەر ئۈستىدە دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان. مەسىلەن: بۇددا كىتابلىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچى ئاتاقلىق تەرجىمان Kumarajiva (مىلادىيە 413 -، 344- يىللار) كۇچادا تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئاتىسى ھىندىستانلىق. J. Nobel «كۇماراجىۋا»، SBAW 1927 - يىل، 206 - 233 - بەتلەر. شىنجاڭدا سانسكرىت يېزىقىدىكى قوليازمىلار تېپىلغان جايلار شۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ھىندىستانلىق باقشىلارنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى سانسكرىت يېزىقى ئىبادەتخانىلارنىڭ تىلى بولغانلىقتىن تەرجىمىنىڭ ئەسلى تېكىست تىلى قىلىپمۇ قوللىنىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، تەرجىمە قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغان سانسكرىت يېزىقىدىكى ئالاھىدە كىتابلارمۇ بولاتتى (مەسىلەن، دىنىي قانۇنلار ھەققىدىكى ئەسەرلەر)، سانسكرىت تىلى شۇ يەرلەردە رەسمىلەشكەن تىل بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، سانسكرىت يېزىقىدىكى بەزى قولىيازمىلار (مەسىلەن، قېيىن دەرىخىنىڭ پوستىغا يېزىلغان دىنىي كىتابلار) چەتتىن كەلتۈرۈلگەن، چۈنكى تارىم ئويمانلىقىدىن مۇنداق ماتېرىيال چىقمايتتى. بۇ ماتېرىيال ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغ رايونلىرىدىن چىقاتتى. «ئارىلاشما سانسكرىت تىلى» نىڭ تەرەققىياتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھىندىستانلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

⑫ S. Konow «خوتەن ساك تىلى گىرامماتىكىسى»، لېيپزىگ، 1944؛

O. Hansen «خوتەن ساكلىرىنىڭ ‹بۇددا دىنى ھۆججەتلىرى› گوللاندىيىنىڭ لېيدىن شەھرىدە نەشر قىلىنغان ‹شەرقشۇناسلىق قوللانمىسى›» غا بېسىلغان.

⑬ دۇنخۇاڭ غەربكە بېرىشنىڭ قۇۋۇقى بولغانلىقتىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

⑭ W. Lentz «گېرمانىيە تۇرپاندىن يىغىۋالغان نەرسىلەردىن ئىران تىلىدىكى قولىيازمىلار ھەققىدە 50 يىللىق تەتقىقات»، ZDWG 106 - جىلد، 3 -، 22 - بەتلەر؛ O. Hansen «سوغدىلارنىڭ نېستورىيان دىنىغا دائىر ھۆججەتلىرى» «مېينتز پەن ۋە ئەدەبىيات پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يىلنامىسى» غا بېسىلغان، 296 -، 302 - بەتلەر؛ F. W. K Müller «ئېسترانگېل يېزىقىدىكى قولىيازما»، SBAW 1904 - يىل نەشرىگە قوشۇمچە 96 -، 110- بەتلەر. مۇللېر تۇنجى قېتىم ئېلان قىلغان سوغدى تىلىدىكى ھۆججەتنىڭ ئاساسىدا، F. C. Andreas بۇ ھۆججەتنىڭ تىلىنى «سوغدى تىلى» دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى.

⑮ A. A. Freyman «موغ تېغىدىن تېپىلغان سوغدى تىلىدىكى ئۈچ خىل ھۆججەت»، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شەرقشۇناسلىق مەسىلىلىرى» دە بېسىلدى، 1959 - يىل.

⑯ G. J. Ramstedt «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىي موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان رونىك يېزىقىدىكى ئىككى ئابىدىسى» JSFD ××× 1913 -، 1918 - يىللار، Nr 3، 34 - 35- بەتلەرنىڭ 5 - قۇرىدىن كېيىن.

⑰ F. W. K Müller «مايترىنىڭ ئۇچرىشىش كىتابى ۋە ‹تۇخار تىلى›» SBAW 1916- يىل نەشرى، 395 -، 417 - بەتلەر؛ E. Siag W. Slegling «تۇخار گراممانتىكىسى»، كاتىنگېن 1931 - يىل نەشرى؛

W. K. «غەربىي توخار تىلى گراممانتىكىسى» (ئىككىنچى خىل شۇۋىدىكى ‹تۇخار تىلى› كۆزدە تۇتۇلىدۇ - تەرجىمان)، خېدېبېرگ، 1952 - يىل نەشرى؛ W. Winter «‹تۇخار تىلى› ئىككىنچى خىل شۇۋىسىنىڭ شۇۋىگە ئاجرىتىلىشى»، «ھىندى - ياۋروپا تىلىنىڭ سېلىشتۇرمىلىق تەتقىقاتى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر» نىڭ 75 - جىلدىگە بېسىلغان، 1958 - يىل نەشرى، 233 -، 237 - بەتلەر؛ S. Levi «‹تۇخار› لارنىڭ ئىككىنچى خىل شۇۋىسى يەنى كۇچا تىلى ئۈستىدە تەكشۈرۈش»، فرانسىيىنىڭ «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» غا بېسىلغان، 1913 - يىل، II، 311 - بېتىدىن كېيىن.

⑱ W. Bang «تۈرك تىلىدىكى نېستورىيان ھۆججەتلىرىدە مۇقەددەس گېئورگىنىڭ شېھىت بولغانلىقى ھەققىدىكى پارچە سەھىپىلەر» - بېلگىيىنىڭ «مۇزېي» ژۇرنىلىغا بېسىلغان، 39، 1926 - يىل، 41 - 45 - بەتلەر.

⑲ F. W. K Müller «مانى قەسىدە شېئىرى پارچىلىرىدىن ئىككى ياپراق»، ABAW 1912 - يىل، بېرلىن 1913 - يىل، 10 - بەت 55 - قۇر. بۇ نامنى W. Minorsky مۇ مۇئەييەنلەشتۈرگەن، شۇ كىشى ئېلان قىلغان ھۇدۇۋۇزل - ئالەم («دۇنيا پاسىلى تەزكىرىسى») گە قارالسۇن، 1957 - يىل، 94 - بەت.

⑳ H. Hoffmann «تىبەت دىنى - بېنجياۋ ۋە لاما دىنىنىڭ تەرەققىيات تارىخى»، فورېبورگ - ميونخېن، 1956 - يىل.

㉑ G. J. Ramstedt «تۇرپاننىڭ قوچو شەھىرىدىن تېپىلغان موڭغۇلچە كىتاب»، SBAW 1909 - يىل، 838 -، 848 - بەتلەر؛ E. Haenisch «بېرلىن تۇرپاندىن يىغىۋالغان نەرسىلەر ئىچىدىكى موڭغۇلچە ھۆججەتلەر» ABAW 1959 - يىل، I Nr بېرلىن 1951- يىل.

㉒ V. Thomsen «ئورقۇن ۋە يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ دەسلەپكى ئىزاھلىنىشى»، «دانىيە خانلىق ئاكادېمىيىسىنىڭ مەلۇماتى»غا بېسىلغان، كوپېنھاگېن 1893 - يىل.

㉓ O. Franke «جۇڭگو تارىخى»، 2 -، 3 - جىلد، بېرلىن - لېيپزىگ 1936- 1937 - يىللار.

㉔ E. Chavannes «غەربىي تۈركلەر تارىخىغا دائىر»، سانكىت پېتىربورگ 1903- يىل؛ يەنە شۇ ئاپتور: «غەربىي تۈركلەرنى قايتا تەكشۈرۈش» - «مەلۇمات»تا بېسىلغان، 1904 - يىل، 305 - بەت؛ باسمىل قەبىلىسى 720 - يىلى ئاسنانىڭ رەھبەرلىكىدە بېشبالىقتا تۇرغان.

㉕ شۇ كىتابنىڭ 34 - بېتىدىن كېيىن: تۈركەش قەبىلىسى 7 - ئەسىردە ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىدە ياشىغان.

㉖ F. W. K Müller «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر»، Ⅱ 1911 - يىل، 95- بەت؛ خۇاڭ ۋېنبى: «جۇڭگو دالالىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن دوكلاتلار» 3. بېيجىڭ، 1958 - يىل، 103 - رەسىم، Nr 21 ۋە بېرلىن، لېنىنگرادلاردىكى باشقا نۇسخىلار.

㉗ Le Coq «قوچو تۈرك تىلىدىكى مانى دىنىغا دائىر ھۆججەتلەر»، Ⅲ ABAW 1922- يىل، 33 -، 35 - بەتلەر، بولۇپمۇ ئالدى بەتلىرىدە 19 ۋە ئارقا بەتلىرىدە 9 ئورۇندا ئۇچرايدۇ.

㉘ O. Pritsak «قاراخانىلار دەۋرى» - «ئىسلام دىنى» دېگەن كىتابقا بېسىلغان، 31- جىلد 23 - بەتتىن كېيىن.

㉙ «سۇڭنامە»، قوچو دۆلىتى باب، رۇلىيەننىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسى «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»غا بېسىلغان 1847 - يىل Ⅱ.

㉚ ئىزاھ ㉗ گە قارالسۇن، 34 - بەت، 20 -، 21 - قۇرلار.

㉛ W. Bang, A. V. Gabain «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى» Ⅱ، 1927 - يىل، 416 - بەت، 67 -، 68 - قۇرلار.

E. Woltschmidt «گاندارا. . .» (ئىزاھ ② گە قارالسۇن)، 34 - رەسىم، 31a 32a.

㉝ نەزىر - چىراق سۇپىسى بولسا كېرەك. مەسىلەن: يان تەرەپتە سۇبۇتى (Subhuti) تىزلىنىپ ئېھتىرام بىلدۈرمەكتە (لې كوك: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كېيىنكى دەۋر بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرى» 4 - جىلد، 18 - رەسىمگە قارالسۇن).

㉞ «گاندارا. . .» ، 52 - رەسىم: بۇددانىڭ ئەتراپىدىكى ئولتۇرغۇچىلارنىڭ شەخسلەر: 53 - رەسىم: بۇددانىڭ يېنىدا ئوتتۇردا تۇرغان شەخس.

㉟ ئىزاھ ㉛ گە قارالسۇن.

㊱ ئىزاھ ㉗ 40 - بەت 6 -، 7 - ئورۇنغا قارالسۇن.

㊲ ئىزاھ ㉗ 35 - بەت، 16 -، 24 - قۇرلارغا قارالسۇن.

㊳ *A. V. Gabain* «شۆەن جۇاڭنىڭ تەرجىمىھالىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەت-چەكلەر» ، *SBAW* 1938 - يىل، 375 - بەت، 1820 - قۇر.

㊴ *Loiz. Bazin* «توقبات، ۋىي (سۇلالىسى) تىلى» ، «ئاخبارات» ژۇرنىلىغا بېسىلغان، 1950 - يىل، 228 - 329 - بەتلەر.

㊵ ئىزاھ ㉛ 418 - بەت، 91 - 93 - قۇرلارغا قارالسۇن.

㊶ *V. Thomsen* «تۈركىي مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ ئوقۇلمىسى» ، *MSFOu. V.* 1896 - يىل، 102 - بەت، *IE* 16 - قۇر.

㊷ مانى دىنىغا دائىر: *A. Gabain* ۋە *W. Winter* «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى» *IX* 1958، 18 - بەت، 100 -، 116 - قۇرلار؛ بۇددا دىنىغا دائىر: مۇئەللىپ: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر» Ⅱ (ئىزاھ ㉖ گە قارالسۇن) ، 80 - بەت، 64 -، 72-بەتلەر؛ *L. Ligiti* «‹ يەتتە يۇلتۇز سوترىسى › نىڭ خاتىمىسى ئۇستىدە تەكشۈرۈش» – «ئاسىيا ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى»غا بېسىلغان، 1954، لېيپزىگ نەشرى 398 - بەت.

㊸ *S. Konow* «ۋالداك قاچا - قومۇشلىرى ئۇستىدىكى ئويما يېزىقلار» *SBAW* 1916-يىل نەشرى، 808 - بەت.

㊹ *H. Hoffmann* غا ئاساسلىنىلغان.

㊺ *E. Waldschmidt* «گاندارا. . .» 232 - رەسىم.

㊻ *Lecoq*: «قوچو» ، 17 -، 29 - رەسىملەر ۋە لېنىنگراد ئېرمىتاژ مۇزېيىغا قويۇلغان تام سىزما سۈرەتلەر.

㊼ *F. W. K Müller*: ئىزاھ ⑲*B* 33 -، 34 - بەتلەر؛ شۇ ئاپتورنىڭ «تۇرپاندىكى ئىككى ئىبادەتخانا تۇۋرۈكىگە يېزىلغان يېزىق» ناملىق ئەسىرى، 1915 - يىل نەشرى قىلىنغان. بۇ يېزىقنىڭ مۇھىم بولمىغان جايىدا يات مىللەتتىن بولغان مۆتىۋەررلەردىن تۆۋەندىكىلەر تىلغا ئېلىنغان:

*II*, *Nr* 16 *futug sixadu sangun*, 13, 15, *Fapdu tirck*, 23. 15 *trz inal*, 23. 16 *ay naUaz inal*, *aris naUaz inal*, *aris naUaz inal*; 23. 18 *tngri klian mati. Ksi açari*, 23. 20 *Uap cangci*. 23. 21 *suktiki sangun*, 24 *tayşi bagbara*, *trz at bay*. 23. 19. *qumar arslan cangsi sinan sangun*. *navisinki cang si*.

㊽ «توخارلار» نى ئىككىنچى دەۋردىكى كۇچا تام سىزما رەسىملىرىدىن ئېنىقراق تونۇۋالغىلى بولىدۇ: ئۇلار قىسقا قايرىما جىيەكلىك، بەدەنگە يېپىشىپ تۇرىدىغان سىرتقى كىيىم كىيگەن. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تۈرك خانلىقىنىڭ بىلگە قاغانى ۋە كۆل تېكىنلەرمۇ شۇنداق كىيىملەرنى كىيگەن. *LLAJb* 1960 - يىل نەشرى، 70 - بەتنىڭ تۆۋىنىگە قارالسۇن.

㊾ *R. Groussa*: «موڭغۇل ئىمپېرىيىسى» ، پارىژ، 1941 - يىل نەشرى، 561 ۋە-بەتتىن كېيىن.

㊿ *A. Foucher*: «بۇددا دىنىدىكى بۇۋى مەريەم» ، فرانسىيىدە چىقىدىغان «تاش مېتال يېزىقلار ئاكادېمىيىسى ژۇرنىلى»غا بېسىلغان، جىلد 17، يەنە: پارىژ 1910 - يىل نەشرى. شەخسلەر «جىنلارنىڭ ئانىسى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن، كىيىم ۋە زىننەت بۇيۇملىرى توغرد-

لىق سۆز ئىچىلمىغان.

(51) بۇ ئىككى رەسىم كىچىك ئىبادەتخانىغا بارىدىغان سول ۋە ئوڭ تەرەپتىكى يولدا بىر بىرىگە ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل تۇرىدۇ. ئوڭ تەرەپتىكى ئۈچ راھىپ يات مىللەتتىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمى براھمى يېزىقى بىلەن يېزىلغان. سول تەرەپتىكى ئۈچ راھىپ يەرلىك كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇچۇن خەنزۇچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە بېغىشلىما يېزىلغان، ئۇلار ئۇيغۇر (ۋە ئېھتىمال خەنزۇ) بولۇشى مۇمكىن. باش تەرەپكە خەنزۇچە « 都统 » دېگەن ئىككى خەت ياكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن *tutung* ( 都统 ) دەپ بېغىشلىما يېزىلغان. ياپونىيىلىك پروفېسسور خىراكاۋا ئاكىرا (*Hirakawa Akira*) ماڭا: « 都统 » خەنزۇچە راھىپ ئەمەلدارنىڭ نامى دەپ چۈشەندۈردى، قەدىمكى ئۇيغۇر دۆلىتىدە مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان ئەمەلدار بولغانمۇ - يوق؟ بۇ تەرىپى ئېنىق ئەمەس.

(52) *A. Gabain* : «سول تەرەپتىن يېزىلغان تۈركچە ئابىدىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ سېھرلىك ئەھمىيىتى» «ئانتروپولوگىيە» نىڭ 48 - جىلدىغا بېسىلغان، 1953 - يىل، 537 - 556 - بەتلەر، 543 - 545 - بەتلەر.

(53) ئىزاھ (29) غا قارالسۇن.

(54) سودا - سېتىق، يەرنى ئىجارىگە قويۇش ياكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا دائىر بىر مۇنچە خەت - چەكلەر شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، *W. Radlloff* نىڭ 1928 - يىلى نەشر قىلىنغان: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە كىتاب» قا ئوخشاشلارغا قارالسۇن.

(55) «گاندارا. . .» 49 -، 57 - رەسىملەر.

(56) 19، 40 - رەسىملەرگە قارالسۇن.

(57) 22، 39 - رەسىملەرگە قارالسۇن.

(58) 40 - رەسىمگە قارالسۇن.

(59) 39 - رەسىمدە مانى دىنىنىڭ راھىپ يېزىقچىسى قومۇش قەلەم بىلەن خەت يېزىۋاتقان تۇرقى. بۇ رەسىمنى ئوڭغا مايىل يېرىم يان تەرەپتىن سىزىش كۆزدە تۇتۇلغان، سول يۇقىرى تەرەپنىڭ كەم سىزىلىشى بۇ قالدۇق رەسىمنىڭ ئاساسىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. رەسسام قومۇش قەلەمنى يېزىقچىغا ئۆزىچىلا تۇتقۇزۇپ قويغان ئەمەس، بەلكى «قەلەم تۇتقۇزۇش» ئارقىلىق يېزىقچىنىڭ قانداق ۋەزىپىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغان بولسا كېرەك، ئۇنى خەنزۇچە بۇددا دىنى كىتابلىرىدا تەرجىمە كىتابلار توغرىلىق توختالغاندا ئېيتىلىدىغان «قەلەم تۇتقۇچى راھىپ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن.

(60) *G. Schlegel* «قارا بالاساغۇندىن تېپىلغان ئۇيغۇر مەڭگۈ تاشلىرىدىكى خەنزۇچە يېزىقلارنى تەكشۈرۈشتىن ئىزاھ» *MSFOu, IX* 1896 - يىل؛ *O. Hansen* «قارا بالاساغۇن-دىن تېپىلغان ئۈچ خىل شەكىلدە يېزىلغان سوغدى تىلىدىكى تەكشۈرۈشتىن ئىزاھ» . 3. *JSFOu XLIV* 1930 - يىل.

(61) ئىزاھ (29) غا قارالسۇن.

(62) *W. Bang* ۋە باشقىلار: «ئۇداس قاغان ھەققىدە رىۋايەتلەر» ، *SBAW* 1932 - يىل.

(63) *A. Gabain* «مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى» نىڭ «فاكسىمىل نۇسخىسى» غا قوشۇمچە. 1957 - يىل نەشرى، 29 - بەتتىن كېيىن.

(64) *J. R Homilton* «بەش دەۋرگە ئائىت ئۇيغۇر يېزىقى» ، 1955 - يىل، پارىژ.

**تەرجىمە قىلغۇچى ئىبراھىم ئەخمىدى.**
**مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**

uyghurkitap.com



# ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيانقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي يازما يادىكارلىقلىرى ①

ئا. ۋون. گاباين

تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى ھەم تارىخى توغرىسىدا جۇڭگو تارىخچىلىرى ئوتتۇرا ئەسىردىن (مىلادىيە 552 - يىلىدىن) باشلاپلا نۇرغۇنلىغان مەلۇماتلارنى يازغان. جۇڭگولۇق كەسىپداشلارنىڭ بۇ جەھەتتە بىلىدىغىنى بىز غەربلىكلەرنىڭ بىلىدىغىنىمىزدىن مۇتلەق كۆپ ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە ئايان. ۋەھالەنكى، بۇنىڭدىن باشقا ئارخېئولوگىيەمۇ بىزنى ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. بۈگۈن بىز بۇ يەردە يېقىنقى يۈز نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش نەتىجىلىرى تەمىنلىگەن تارىخىي ماتېرىياللار ئۈستىدە بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتمەكچىمىز. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتى بىزنى يېپيېڭى ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتمەكتە، بىز بۇ ماتېرىياللارنى سىستېمىلىق قىلىپ رەتلەپ چىقىشىمىز زۆرۈر.

## تارىم ئويمانلىقىدىن تېپىلغان قول يازمىلار

**خەنزۇچىسىدىن:**

پۈتۈن تارىم ئويمانلىقىدىن ھەممە دۇنياۋىدىن خەنزۇچە قول يازمىلار ۋە ئويما مەتبەئە يازما يادىكارلىقلىرى تېپىلدى، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بۇددا نوملىرى، قالغان قىسمى كوڭزى تەلىماتلىرى، تىببىي نىزام دەستۇرلىرى ۋە ئادەتتىكى خەت - چەك، كىتابلار.

**سانسكرىتچىسىدىن:**

سانسكرىت تىلى — بۇددىزمنىڭ دىنىي تىلى بولۇپ، بۇ تىلدا يېزىلغان قول يازمىلارنىڭ كۆپىنچىسى چەت تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئارىلىشىپ قالغان نۇسخىلىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يانتۇ يېزىلىدىغان بىراھمى ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغانلىرى كۆپرەك تېپىلدى. بىراق كارۇشتى (Kharosthi) ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان نۇسخىلىرى غەربىي - جەنۇب بىلەن جەنۇبىي قىسمىدىلا تېپىلدى. بۇ قول يازمىلار ناھايىتى قەدىمىي بولۇپ، خ. لۈدېرسىنىڭ «جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى» ھەم «جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى (داۋامى)» (ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 1922 - يىلى ۋە 1930 - يىلى نەشر قىلىنغان) دېگەن ئىككى ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرگە ئاساسلانغاندا، بۇ يەرلەردە ئۆز زامانىسىدا ئاز ساندا ھىندىلارمۇ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۇخرىچىسىدىن:**

كۇچادىن تېپىلغان B دىئالېكتىك ئاغزاكى ئىشلىتىلگەن، A دىئالېكتىك پەقەت بۇددا نوملىرىدىلا ئىشلىتىلگەن ئىكەن؛ ئىككىلا خىل قول يازمىلار يانتۇ يېزىلىدىغان بىراھمى ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان. كېيىنكىسى بولسا تۇرپاندىن تېپىلغان.

① بۇ 1982 - يىلى كۈزدە، مەملىكىتىمىزگە زىيارەتكە كەلگەن گېرمانىيە تۈركولوگى ئا. ۋون. گاباين خانىمنىڭ زىيارەت مەزگىلىدە ئوقۇغان ئىلمىي لېكسىيىسى.

**قەدىمكى خوتەنچىسىدىن:**

بۇنىڭ ئىچىدە بىر خىلى ئوتتۇرا ئىرانچە بولۇپ، ئاساسەن خوتەندە ئۇچرىغان، دۇنخۇاڭدىنمۇ بىر قىسمى تېپىلغان. بۇ قول يازمىلار يانتۇ يېزىلىدىغان بىراھمى ھەرپلەرى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، بۇددا دىنى ۋە دىندىن خالى ئۆرپ - ئادەت مەسىلىلىرىنىمۇ مەزمۇن قىلغان.

سوغدىچە، پارسچە ھەم غەربىي - شىمال دىئالېكتى قاتارلىق ئوتتۇرا ئىرانچە يازما يادىكارلىقلار دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان؛ ئۇلار ئىنجىلچە [يەنى نېستورىيانچە – خىرىستىيان دىنى مەزمۇنىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن، ئېۋاگېلىئۇم - (Evagelium)] ، مانىچە ۋە سوغدىچە ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان. بۇ قول يازمىلار بۇددا دىنى، مانى دىنى، خىرىستىيان دىنى دەستۇرلىرىدىن ھەمدە دىندىن خالى ئۆرپ - ئادەت مەسىلىلىرىنىمۇ مەزمۇن قىلغان قول يازمىلاردىن ئىبارەت.

**ئېفتالىتچىسىدىن:**

بۇمۇ ئوتتۇرا ئىران تىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭدا يېزىلغان قول يازمىدىن تۇرپاندىن يەتتە پارچىلا تېپىلغان، يېزىلىشى قەندىھاردىن (Gandhara) تاپقان كۇشان قول يازمىسى بىلەن ئوخشاش؛ دىندىن خالى ئۆرپ - ئادەت مەسىلىلىرى مەزمۇن قىلىنغان. ئۇلارنى ئو. خەنسىن (O. Hansen) رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان.

**قەدىمكى سۇرىيەچىسىدىن:**

بۇ سام تىللىرى تۈركۈمىگە تەۋە بولۇپ، ئىنجىلچە (نېستورىيانچە) ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان؛ بۇلاردىن پارس نىستورىيان مۇرتلىرىلا پايدىلانغان. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ دىن تەرەپدارلىرىنىڭ «پۇشتۇ مۇقەددەس كىتابى» دېگەن دەستۇرىدىن ئېلىنغان. بۇلار تۇرپان بوستانلىقىنىڭ بۇلىيۇق دېگەن كەنتىدىن تېپىلغان.

**باكتىرىيەچىسىدىن:** (غەربىي شىيا يېزىقى)

يالغۇز تۇرپاندىنلا ئاز ساندا ئويما نۇسخىلىرى تېپىلغان، كۆپىنچىسى قاراخوتو (Qarahoto) ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان.

**كىدانچىسىدىن:**

تارىم ئويمانلىقىدىن ھېچقانداق نۇسخىسى تېپىلغان ئەمەس.

**موڭغۇلچىسىدىن:**

يۈەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى قول يازمىلار ۋە ئويما نۇسخىلىرىدىن ئاز ساندا تۇرپاندىن تېپىلغان. بۇددا دىنى ھەم دىندىن خالى ئۆرپ - ئادەت مەسىلىلىرىنى مەزمۇن قىلغان.

**تىبەتچىسىدىن:**

موڭغۇلچىسى بىلەن بىر زامانغا مەنسۇپ. كۆپىنچىسى بۇددا نوملىرى، دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان.

**قەدىمكى تۈركچىسىدىن:**

تۇرپان، قومۇل، دۇنخۇاڭ، ئېزىنا دەريا ۋادىسى ۋە مىرەنلەردىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە قول يازمىلار ھەم ئويما نۇسخىلىرى تېپىلغان؛ بۇلارنىڭ ئىچىدە رونىكچە، سوغدىچە، بىراھمىچە، خەنزۇچە ۋە ئىنجىلچە (نېتورىيانچە) بىلەن يېزىلغانلىرىمۇ ئانچە - مۇنچە تېپىلىدۇ؛ بىر قانچە خىلى مانى ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان، قالغانلىرى كۆپىنچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىلغان. رونىك يېزىقى مانى دىنى مەزمۇنىنى ھەم دىندىن خالى ئۆرپ - ئادەت مەسىلىلىرىنى يېزىشتا قوللىنىلغان، ئىنجىلچە ھەرپلەر خىرىستىيان دىنى مەزمۇنىنى خاتىرىلەشتە، سوغدى ھەرپلىرى بۇددا دىنى مەزمۇنىنى خاتىرىلەشتە، بىراھمى يېزىقى بۇددا دىنى مەزمۇنىنى ھەم دىندىن خالى ئۆرپ - ئادەت مەسىلىلىرىنى يېزىشتا قوللىنىلغان. خەنزۇچە يېزىق بولسا ياغاچ ئويمىلاردا قەدىمكى ئۇيغۇرچىنىڭ ئوقۇلۇشىنى ۋە ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئاتىلىشىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا قوللىنىلغ-

uyghurkitap.com



سان. ئۇلاردا ئىسمى يېزىلغان ئەر - ئا-
ياللار مۇڭسۇز (Mungsuz) ئائىلىسىدىكى
كىشىلەر بولۇپ، مۇڭسۇزنىڭ ئۆزى تولۇي
(Tolui) بىلەن قۇبلەينىڭ يېقىن كىشىسى
ھەم پەردە ئارقىسىدا تۇرىدىغان ھەربىي قو-
ماندانى ئىكەن. (ئا. ۋون. گابائىن يازغان
«بىر پارچە خەنزۇچە - قەدىمكى ئۇيغۇرچە
ياغاچ ئويما يازما يادىكارلىق»، ۋىسبادېن،
1976 - يىل نەشرى، 203 -، 210 - بەت-
لەرگە قارالسۇن) ھەمدە خ. فرانكىنىڭ
«جۇڭگو قەدىمكى ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ سۇ-
رىتى» دېگەن ئەسىرى، كانادا موڭغۇلشۇناس-
لىق ئىلمىي ژۇرنىلى (كانادا ساسكاتون،
1976-يىل نەشرى، 33 -، 40- بەتلەرگە
قارالسۇن). مانى يېزىقى مانى دىنى مۇرتلى-
رى دائىرىسىدىلا قوللىنىلغان، قەدىمكى
ئۇيغۇر يېزىقى بولسا، ھەممىلا جەھەتتە دې-
گۈدەك قوللىنىلغان.

قەدىمكى تۈركچە ھەم قەدىمكى ئۇيغۇر-
چە يازما يادىكارلىقلار ساقلىنىۋاتقان ئورۇنلا-
ر تۆۋەندىكىچە: شەرقىي بېرلىن، غەربىي
بېرلىن، ستوكھولىم، خېلسىنكى، لون-
دون، پارىژ، كيوتو، بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچى
تۇرپان.

يۇقىرىقى قول يازمىلار بىزگە ئۆز زاما-
نىسىدا تارىم ئويمانلىقىدا ھەم دۇنخۇاڭ ئەت-
راپىدا ياشىغان كىشىلەر ۋە مىللەتلەر توغرى-
سىدا مەلۇمات بېرىدۇ.

## (كۆك) تۈرك دەۋرى

(كۆك) تۈرك خاندانلىقىنىڭ مەركىزى
موڭغۇلىيىدە ئىدى. 8 - ئەسىردىن بۇيانقى
(ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىرەك ۋاقىتتىن بۇ-
يانقى) رونىك يېزىقىدا يېزىلغان مەڭگۇ تاش-
لار كىشىلەرگە ناھايىتى ئايان. لېكىن بۇلار
تۈركىي خەلقلەرنىڭ يازما مەدەنىيىتىنىڭ
باشلىنىشى ئەمەس. س. گ. كىلياشتورنىي
بىلەن ۋ. ئا. لىپزىگ كۆك تۈرك دەۋرگە
مەنسۇپ بولغان مىلادىيە 581-يىلى يېزىل-
غان، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن تې-
پىلغان بىر مەڭگۇ تاشنى تەرجىمە قىلىپ
چىققان («بۇگۇت سوغدى مەڭگۇتاشلىرى»،
تۈزىتىلگەن نەشرى، ۋېنگرىيە شەرقشۇناس-
لىق تەتقىقات ئاكادېمىيىسى، بوداپېشت،
1972 - يىل، 26 - توم 69-، 102- بەتلەر-
گە قارالسۇن؛ يەنە لۇئىز. بازىن يازغان
«تۈركلەر ۋە سوغدىلار: (بۇگۇت موڭغۇللى-
رى) مەڭگۇ تاشلىرىدىكى ماقال-تەمسىللەر»
(Turcs et Sogdiens: Les enseignements
de'linscription de Bugut Cmongole)
دېگەن كىتابقاۋە «ئارىلاشما تىلشۇناسلىق» -
Me langes linguistiques... Benvenists دېگەن
كىتابنىڭ 1975 - يىل پارىژ نەشرى 37 -،
45 - بەتلەرگە قارالسۇن). بۇلارنىڭ مەزمۇ-
نى گەرچە تۈركى خەلقلەرنىڭ تارىخى توغرى-
سىدا بولسىمۇ، ئەمما قەدىمكى تۈركىي يې-
زىقتا يېزىلغان ئەمەس، بەلكى ئۈچ تەرىپىگە
سوغدى تىلى، سوغدى ھەرپلىرى بىلەن يې-
زىلغان؛ يەنە بىر تەرىپىگە سانسكرىت تى-
لى، بىراھمى ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان
.تۈركىي خەلقلىرىنىڭ يېزىقچىلىقتا سوغدى
ھەرپلىرىنى ئىشلەتكەنلىكى كىشىنى ھەيران
قالدۇرىدۇ؛ دېمەك بۇنىڭدىن روشەن بىلىنى-
دۇكى، سوغدى يېزىقى ئەڭ دەسلەپكى چاغ-
لاردىكى كۆچمەن چارۋىچى تۈركىي خەلقلەر-
نىڭ يېزىقچىلىق قورالى ھەم تاشقى ئالاقە
قورالى بولغان.

فەرغانىدىن ۋە سەمەرقەنتتىن كەلگەن
بۇ ئىرانىيلار تارىم ئويمانلىقىدا ئۆزلىرىنىڭ
سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەن ئە-
مەس؛ شۇنداق بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا مە-
دەنىيىتى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە
ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. 8-
ئەسىردىن بۇيانقى مەڭگۇ تاشلاردا ئېيتىلغان
ئەمەلدار - ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەمەل ناملىرى-
دىن بۇ نۇقتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ
ئەمەل ناملىرى ئوتتۇرا ئىراندىن كەلگەن. بۇ
ئەمەل ناملىرى، ئەمەل بەلگىلىرىنىڭ ئەس-
لىدىن ساسانى خاندانلىقىنىڭ بولۇشى مۇم-
كىن ئەمەس. ئۇلار پەقەت ئىراننىڭ تەسىرى
سىڭگەن ئۆش (Oxus- ئوخسۇز) رايونى،
فەرغانە ۋە ياكى ھەتتا كۇشان خاندانلىقىدا
قوللىنىلغان بولۇشى مۇمكىن.

مەن «بۇددىزمنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئا-

رىسىدا تارقىلىشى» (لېيپىزىگ، 1954 - يىل نەشرى، 161 -، 173 - بەتلەرگە قارالسۇن) دېگەن ئەسىرىمدە كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمدەك، تۈركىي خەلقلەر قوللانغان بۇددىزمچە ئاساسىي ئاتالغۇلار سانسكرىتچىدىن ئېلىنغان ئەمەس، بەلكى سوغدىچىدىن ئېلىنغان. دېمەك، مىلادىيە 6 - ئەسىردە ھىندى دىنى بولغان بۇددا دىنىنى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا ئېلىپ كىرگەن كىشى ھىندىستانلىق ئەمەس، بەلكى ئىرانلىق. ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بولسا، كۇچادىن كەلگەن توخرى كىشىلىرى ئۇلارنىڭ بۇددىست ئۆلىمالىرى بولۇپ قالدى، چۈنكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما ئەسەرلەردىكى سانسكرىتچە سۆز- ئاتالغۇلاردا توخرى تىلىغا قاراپ ئۆزگىرىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، خەنزۇلار رايونىدىكى بۇددا دىنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بارغانسېرى ئەھمىيەتلىك بولۇپ قالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ماۋرىلەر دەۋرىگە كەلگەندە ئاساسىي رول ئوينىغۇچىلار تىبەتلىكلەر بولۇپ قالغان.

كۆك تۈركلەرنىڭ مەڭگۈ تاشلىرى قەدىمكى تۈركىي تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۆلگەن ئادەمنىڭ تىرىلدۈرۈلگەنلىكى، ئۇنىڭ مەڭگۈ ياشايدىغانلىقى مەزمۇن قىلىنغان (ئا. ۋون. گابائىننىڭ قەدىمكى تۈركىي مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىقى توغرىسىدا يازغان كىتابىنىڭ 48 - توم 537 -، 556 - بەتلەرگە قارالسۇن). بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئۇسلۇبى سوغدىچىدىن قوبۇل قىلىنغان ئەمەس، گەرچە ئۇنىڭدا سوغدىچىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مۇنچە ئامىللار خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئۇنى ئېغىزدا تارقىلىپ يۈرگەن تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي داستان ۋە لىرىك شېئىرلىرىنىڭ قالدۇق ئىزلىرى دەپ ئېيتىش كېرەك. بۇ ئەسەرلەر ھازىرغىچە ساقلىنالماي قالغان.

**يېقىنقى مەزگىللەردە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر:**

س. ج. كىلياشتونىي يازغان «چوغاي (changai) تېغىدىن قېزىلغان مەڭگۈ تاشلار قەدىمكى يەنسەي - رونىكچە مەڭگۈ تاش دەۋرى»؛ تۈركىي يازما يادىكارلىقلىرى قىسمى، 1979 - يىل نەشرى، 1 - 14 - بەتلەر.

س. گ. كىرلىياشتۇرنى يازغان: 《Terchinskaja nadpis》 (Predvaritelnaja Publikacija) سوۋېت تۈركولوگىيىسى 1980 - يىل، $P_{82-95}$ بەتلەر، بۇلار چوغاي تېغىدىن تېپىلغان، مىلادىيە 759 - يىلىغا تەۋە بولغان نۇسخىسى بولۇپ، تاۋۇشى ئىپادىلەنگەن. رۇسچە تەرجىمىسى، ئىزاھاتى، ئەسلى نۇسخىسىنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغىنى بېرىلگەن؛ مەزمۇنى تۈركىي مىللەتلىرىگە ئالاقىدار.

ئو. ف. سېرتكايا (O. F. Sertkaya) يازغان: «كۆك تۈرك تارىخى توغرىسىدىكى بىر قانچە مەسىلە، تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىدىكى بېرىككەن سۈپەت، سۆز بېرىكمىسى ‹قىزقودۇز (Qiz Qoduz)›» تۈركولوگىيە، 11 - توم، لوۋائىن (Louvain) 1979 - يىل، 180 -، 186 - بەتلەر.

ل. بازىن (L. Bazin) بىلەن ج. خامىلتون (J. Hamilton) بىرلىكتە يازغان: «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى Qiz Qoduz سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا»، يۇقىرىقىغا ئوخشاش، 187 -، 189 - بەتلەر.

د. د. ۋاسلىيېۋ (D. D. Wasilyev) بىلەن د. م. ناسىروۋ يازغان: «ئاباكان قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىنى ئىزاھلاش ھەم ئوقۇش» (Kprocfeniju Abakanskogo Pamjatnika) 60 -، 66 - بەتلەر. تاۋۇشى بېرىلگەن، رۇسچە تەرجىمىسى ھەم ئىزاھاتى بېرىلگەن.

د. د. ۋاسلىيېۋ يازغان: «غەربىي سىبىرىيە قەدىمكى تۈركىي قەبرە مەڭگۈ تاشلىرى» (Drevne Tjurkskaja epcgrafixs Tuznoj Sibiri) 2 - توم، 1977 - يىل تۈركولوگىيە ماتېرىياللار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن، 1981-يىل موسكۋا نەشرى، 51 - 75 - بەتلەر. تاۋۇشى بېرىلگەن، رۇسچە تەرجىمىسى، ئىزاھاتى، رەسىملەر ھەم فاكسىمىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇسخىلىرى بېرىلگەن.

د. د. ۋاسىلىيېۋ بىلەن ز. ب. چادامبا Z. B. cadamba يازغان:
《Drevne Tjurskije epigiraficeskija pamjatniki iz Dolyrujok》
يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 63 - 75 - بەتلەر، تاۋۇشى بېرىلگەن، رۇسچە تەرجىمىسى، ئىزاھاتى، ئەسلى نۇسخىسىنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغىنى بېرىلگەن.

## مانىچە نۇسخىلار

بىر قىسىم مانىچە مەدھىيە شېئىرلىرى دەسلەپكى شېئىر - قوشاق يازما يادىكارلىقلىرى ئۇچۇن دەلىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ شېئىرلار ئا. ۋون لېكوك (A. von Lecoq) تەرىپىدىن «تۈركىي خەلقلەرنىڭ مانىچە يازما يادىكارلىقلىرى، 2 - توم» دا ئېلان قىلىنىدى ھەمدە ۋىلھېلىم باڭ (W. Bang) تەرىپىدىن قايتا تەرجىمە قىلىنىپ «مانىچە مەدھىيە شېئىرلىرى» قىلىپ نەشر قىلىنىدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرى غەربتە يېزىلغان ئەسەرلەردىن كۆچۈرۈپلا تەرجىمە قىلىپ قويۇلغان ئەمەس، ئۇلارنىڭ شېئىرىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى. ئا. ۋون. گاباين: «تۈركىي خەلقلەر فىلولوگىيىسىنىڭ ئاساسلىرى» دېگەن ئەسەر، 2 - توم، 1964 - يىل، ۋېيسبادىن نەشرى، 232 - بەتكە قارالسۇن؛ «شەرقشۇناسلىق قوللانمىسى»
(Hundbuchder orientalistik) 1. Abr
5 - توم، Leiden 1953 - يىل نەشرى، 207 - 228 - بەتلەرگە قارالسۇن).

ئىلگىرى كىشىلەر مانى دىنىدا ئايال مۇناخلار بولۇشى مۇمكىن، دەپ گۇمان قىلىشقان ئىدى. ئەمدى بەزىبىر قول يازمىلار بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. بۇ قول يازمىلارنى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى تاپقان ھەمدە ئەسلى نۇسخىسىنى سۈرەتكە ئېلىپ ئېلان قىلغان. پېتىر. پېسمې (P. zieme) بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ «قەدىمكى ئۇيغۇر پادىشاھلىقىدا مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىلغان ئىقتىسادقا دائىر ئالاقىلەر» نى يازغان. ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتى، بۇداپىشت، 1975 - يىل نەشرى، 331 - 338 - بەتلەر. ئاخىرىدا ئۇنى گېلاڭ شىمىن ئەپەندى تەرجىمە قىلغان (مانى ئىبادەتخانىسىدىكى بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىلغان يادىكارلىق توغرىسىدا — قەدىمكى ئۇيغۇر ھۆكۈمىتىنىڭ مانى ئىبادەتخانىلىرىغا يارلىق خېتى)، ھازىر تارىخ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ؛ بېيجىڭ ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى، 4 - توم، 1978 - يىل نەشرى، 497 - 515 - بەتلەر، تاۋۇشى بېرىلگەن، خەنزۇچە تەرجىمىسى، ئىزاھاتى ھەم سۆزلۈك جەدۋىلى بېرىلگەن.

## باشقا ئەسەر - نۇتۇقلار

P. Zieme يازغان «مانى دىنىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار»
Berliner Turfan Texte V
شەرقىي بېرلىن 1975 - يىل نەشرى، 90 بەتلىك، ئەسلى نۇسخىسىدىن سۈرەتكە ئېلىپ قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگىنى 56 پارچە، بىر قىسمى «مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋەنامىسى» (يوشۇرۇن تىلەكلەر) Xwastwanift دىن ئېلىنغان.

## خىرىستىيان دىنى يازما يادىكارلىقلىرى

تۇرپاندا ئۆتكەن خىرىستىيان مۇرتلىرى ئاساسەن سوغدىلار بولۇش ئېھتىمالغا يېقىن، چۈنكى خىرىستىيان دىنى قول يازمىلىرى ئاساسەن سوغدىچە يېزىلغان بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى چەكلىك ئىدى. كەسىپداشلارنىڭ شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىزكى، ف. ۋ. ك. مۇللېر (F. W. K. Müller) ئەپەندى «قەدىمكى ئۇيغۇرلار (Uigurica)» دېگەن ئەسىرىدە سېھىرگەرنىڭ خاسىيەتلىك بالا ئەيسانى كۆرگەنلىكى توغرىسىدىكى ۋەقە يېزىلغان. بۇ ۋەقە توغرىسىدا ئەسلىدىكى خىرىستىيان دىنى مەزمۇنىدىكى ئېۋاگېلىئۇم (Evagelium) دىن ئاساس تاپقىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، سۈرىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا زەردۇشت دىنى مۇرتلىرى

بارلىقىنى بىلگەن، دەپ چۈشىنىشكە بولى-
دۇ. جۇڭگو تارىخچىلىرىمۇ تۈركىي خەلقلەر
ئارىسىدا زەردۇشت دىنى مۇرتلىرىنىڭ بار-
لىقى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكەن ئىدى.
P. Zieme «قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىلغان
زەردۇشت (زوروئاستېر) دىنى بويىچە نىكاھ
مۇراسىمى تەبرىك سۆزى» دېگەن ئەسەر ئى-
چىدە (تۈركولوگىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىياشۇ-
ناسلىقىغا دائىر ماقالىلار توپلىمى»،
A. von. Gabain zum 80. Geburtstag am
4. 7. 198. dargebracht
1981 - يىل ۋېسبادىن نەشرى، 221-
232 - بەتلەر) Estrangelo ھەرپلىرى بىلەن
يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەت بو-
لۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى بىر قېتىملىق نىكاھ
تەبرىك سۆزى ئىكەنلىكىنى بىلگەن. ئۇ بۇ
ھۆججەتنىڭ تاۋۇشىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.
تەرجىمىسىنى، ئىزاھاتىنى ھەمدە ئەسلى
نۇسخىسىنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغىنىنى بىللە
ئېلان قىلغان.

## بۇددا دىنى يازما يادىكارلىقلىرى

قەدىمكى ئۇيغۇرچە قول يازمىلار ھەمدە
ئويما باسما يادىكارلىقلار گەرچە پارچە - پۇ-
رات بولسىمۇ، ئاساسەن بۇددا نوملىرىدىن
ئىبارەت ئىدى. تۇرپان قەدىمكى ئۇيغۇر يازما
يادىكارلىقلىرىنىڭ تىلى كۆك تۈرك دەۋرىدى-
كى مەڭگۈ تاش تىلى بىلەن زور دەرىجىدە
ئوخشىمايتتى؛ ئالدىنقىسىدا يېڭى، چوڭقۇر
دىنىي كۆز قاراش تەرەققىي قىلىپ، پەلسە-
پەۋىي ھەم دىنىي ئىدىيە بولۇپ شەكىللەنگەن
ئىدى. بەزى نوملار خەتمۇ خەت، جۈملىمۇ
جۈملە ئۇدۇل تەرجىمە قىلىنغان؛ ئەمما نا-
ھايىتى كۆپ قىسمى بىر ئومۇمىي ئىدىيىنى
ئاساس قىلغان. مانا بۇ تۈركىي كىشىلىرى-
نىڭ بۇ نوملار توغرىسىدىكى چۈشىنىش سە-
ۋىيىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ناھايىتى رو-
شەنكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار قەدىمكى سان-
سكرىتچە ياكى بالىچە بۇددا نوملىرى بىلەنلا
چەكلىنىپ قالغان ئەمەس، ئۇلارنىڭ توخرى-
چە، سوغدىچە ھەمدە خەنزۇچە قاتارلىق تەر-
جىمىلەرنى بىلىدىغانلىقى ياكى ئۇنىڭدىن پاي-
دىلانغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. بۇ نوملارنىڭ
تەرجىمىسى كوللېكتىپ ھالدا ئىشلەنگەندەك
تۇرىدۇ. ئۇلار ھەر خىل تىلدىكى تەرجىمە
نۇسخىلىرىدىن پايدىلانغان، شۇنىڭدەك ئۇلا-
رنىڭ دىنىي قائىدىلىرى، لوگىكىلىق بىلىم-
لىرى ھەم ئەدەبىي ئۇسلۇبلىرىنىمۇ سىڭىش-
تۈرۈپ پايدىلانغان. بۇ جەرياندا ئۆزلىرىنىڭ
ماددىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنىمۇ ساقلاپ
قالغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىدىيىسىنىڭ
مۇشۇ جەھەتلەردە تەرەققىي قىلىپ شۇنچى-
لىك دەرىجىگە يەتكەنلىكى كىشىدە ناھايىتى
چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. بىز مانىچە
شېئىر - قوشاقلاردىنمۇ ھوزۇرلىنىشىمىز،
بولۇپمۇ ئۇنىڭ باش قاپىيىلىرى ھەم ئاياق
قاپىيىلىرىدىن ھوزۇر ئېلىشىمىز كېرەك.
قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىلغان بۇددا نوملىرى-
نىڭ تىلى ئەتراپلىق راۋاج تاپقان ئىدى، ئۇ
ئاددىي ئاغزاكى تىلدىن تەرەققىي قىلىپ گۈ-
زەل ئەدەبىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن
ئىدى.

بۇ يەردە «ئالتۇن يارۇق» تىكى بەزى
مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلى-
دۇ. بۇ ھەقتە سىناشى تېكىن (S. Tekin)
يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئالتۇن يارۇقنى
تونۇش مەسىلىسى توغرىسىدا» (ئۇرال - ئال-
تاي ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋېسبادىن، 1971
- يىل نەشرى، 119 - بەت، تاۋۇشى ئىپادى-
لەپ بېرىلگەن، تەرجىمىسى ھەم ئىزاھاتى
بېرىلگەن) دېگەن ئەسەردىن؛ د. ماۋې (D.
Maue) بىلەن ك. رۆھربرۆن (K.
Rǒhrbǒrn) يازغان «قەدىمكى تۈركچە ئال-
تۇن يارۇق (Caityastotra) توغرىسىدا»
Zeitsch, Deutsch Morg, Ges 1979 - يىل
ۋېسبادىن نەشرى، 282 - 320 - بەتلەر)
دېگەن ئەسەردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ؛ بۇ،
قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە تىبەتچە بولۇپ، تەر-
جىمىسى، سۆزلۈك جەدۋىلى قوشۇمچە قى-
لىپ بېرىلگەن. بۇ نۇسخىسىنىڭ سانسك-
رىتچىسى ساقلىنالمىغان؛ قەدىمكى ئۇيغۇر-
چە نۇسخىسى تىبەتچە نۇسخىسىغا قارىغاندا
تېخىمۇ تەپسىلى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە، P.
Zieme يازغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



《Vbtoroy glave sutry》 zolotoj bleck،
تۈركولوگىيە، لېنىنگراد 1976 - يىل نەش-
رى، 341 - 347 - بەتلەر، «ئالتۇن يا-
رۇق»تىن ئېلىنغان، تاۋۇشى ئىپادىلەپ بې-
رىلگەن، رۇسچە تەرجىمىسى ھەم ئىزاھاتى-
مۇ بېرىلگەن) دېگەن ئەسەردىنمۇ پايدىلى-
نىشقا بولىدۇ.

خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى بىلەن تۇرپاندىن
كەلگەن ئىككى نەپەر ئەپەندى خەنزۇچىدىن
تەرجىمە قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە شۈەن-
جۇاڭنىڭ تەرجىمىھالىدىن قېلىن تەرجىمە
نۇسخىسىدىن ئىككى يۇرۇشنى تاپقان؛ ئۇلار
ئۇنى بېيجىڭغا ئېلىپ بارغان، كېيىن پارىژ-
غىمۇ ئېلىپ بارغان؛ ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر
قىسمى ئا. ۋون. گابائىن ئېلان قىلغـان؛
J. P. C. Toalster يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇر-
چە شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى 4 - جىلدى-
نىڭ تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتى»، 1977 -
يىل نەشرى، 81 - ۋە 275 - بەتلەرگە قارال-
سۇن؛ گېڭ شىمىن يازغان «قەدىمكى ئۇي-
غۇرچە شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى 7 - بۆلۈ-
كى ئۈستىدە تەتقىقات»، «مىللەتلەر تىل -
يېزىقى ژۇرنىلى»، 1979 - يىل 4 - سانى
249- 262 - بەتلەرگە قارالسۇن). تاۋۇشى
ئىپادىلەپ بېرىلگەن، خەنزۇچە تەرجىمىسى
ھەمدە ئاخىرىدا ئىزاھاتى بېرىلگەن، ل. يۇ.
تۇگۇشېۋا (L. Ju. Tuguxeva) يازغان «قە-
دىمكى ئۇيغۇرچە شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى-
دىن پارچىلار» (تاۋۇشى ئىپادىلەپ بېرىل-
گەن، تەرجىمىسى، ئىزاھاتى بېرىلگەن ھەم-
دە تونۇشتۇرۇلغان)؛ «نائۇكا» (Nauka
-پەن) نەشرىياتى، موسكۋا 1980 - يىل
نەشرى، 176 بەت بولۇپ، ئىچىدە 141 -
172 - بەتكىچە رەسىملىك جەدۋەللەر بار.
قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى كى-
شى سىڭقۇ سەلى (Singqu Säli) تۇتۇق بو-
لۇپ، ئۇ ئاددىي ھالدىلا تەرجىمە قىلىپ قوي-
غان بولماستىن، بەلكى تەرجىمىسىنى بەدى-
ئىي جەھەتتىن پىششىقلاپ ئىشلىگەن. ئۇ
ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى «kavya» دەپ ئاتى-
غان. بۇ سانسكرىتچە سۆز بولۇپ، «پىش-
شىقلاپ ئىشلەنگەن نەسرى ئەسەر» دېگەن

مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ھەقىقە-
تەن ئىنتايىن گۈزەل چىققان. ئوتتۇرا ئاسى-
يانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنى تەتقىق قى-
لىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان بىزلەر ئۈچۈن
ئېيتقاندا، 10 - ئەسىردە ئۆتكەن (؟) بۇ
تەرجىماننىڭ يالغۇز خەنزۇچە يەر ناملىرىنىلا
بىلىپ قالماستىن، بەلكى خەنزۇچە يەر نامى-
غا قەدىمكى ئۇيغۇرچە تاۋۇش بېرەلەيدىغان
بولۇشى ناھايىتى مۇھىم بىر پاكىت بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. بۇ پاكىت بىزنىڭ تارىم ئوي-
مانلىقىنى، ئافغان ھەم قەندىھار قاتارلىق
جايلاردىكى دەسلەپكى ئاھالىلارنىڭ ئەھۋالى-
نى بىلىشىمىز ئۈچۈن پايدىلىق.

كىشىلەر قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئە-
سەرلىرىنى ئوقۇش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قال-
ماستىن، بەلكى بەزىلىرىنى يادقا ئېلىۋالغان
ھەمدە رەسمىي دراما قىلىپ ئوينىغان. «ما-
ئىترىسىمىت» (Maitrisimit) بۇنىڭ بىر دە-
لىلى. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ماتېرىياللاردىن
پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

A. von Gabain “Maitrisimit”.
Beiheft I . II
ۋېسبادىن، 1957 - يىل نەشرى، شەرقىي
بېرلىن، 1961 - يىل نەشرى؛
S. Tekin 《Maytrismit، Buikanczlarin mekdfsi Maitreyaile bulusma ipeidai dram》
ئېرزۇرۇم (Erzurum) 1960 - يىل نەش-
رى، 16 - بەت، 598 - بەت، تاۋۇشى
ئىپادىلەپ بېرىلگەن، تۈركچە تەرجىمىسى،
سۆزلۈك جەدۋىلى قوشۇمچە بېرىلگەن:
Ş. Tekin 《Maitrismit nom bitig》 Berliner
p. 9. Turfantexte IX
شەرقىي بېرلىن، 1980 - يىل نەشرى،
360- بەت. گېڭ شىمىن يازغان «قەدىمكى
ئۇيغۇرلارنىڭ دراما ئەسىرى مائىترىسىمىت،
(قومۇل نۇسخىسى) نىڭ 2 - پەردىسى توغ-
رىسىدا تەتقىقات»، تۈركولوگىيە ژۇرنىلى
4- سانى، جيەنچياۋ يىماجى، 1980 - يىل
نەشرى، تاۋۇشى ئىپادىلەپ بېرىلگەن، تەر-
جىمىسى، ئىزاھاتى ھەمدە ئەسلى نۇسخىسى-
نىڭ سۈرەتكە ئېلىنغىنى قوشۇمچە بېرىل-

گەن، ئەسەرنىڭ ھەر بىر بابىنىڭ بېشىدا
«بۇ پەردە Badhari ئۆيىدە»، «بۇ بابىنىڭ
ئورنى keturmaci» دا، «بۇ بابىنىڭ ئورنى
پۇتنۋانادا» دەپ يېزىلغان. ناھايىتى روشەن-
كى، سەھنىدە ئارقا كۆرۈنۈشى بار دېگەن
سۆز. (ئا. ۋون. گابائىن خانىمنىڭ «تۇرپان-
دا قېزىپ تېپىلغان سۈرەتلەر توغرىسىدا چۈ-
شەندۈرۈش»، «ھىندىستان تەتقىقاتى ماقالە-
لار توپلىمى، E. Waldschmidt نى خاتىرى-
لەش توغرىسىدىكى ماقالىلار توپلىمى»،
بېرلىن، 1977 - يىل نەشرى، 105- 118
- بەتلەرگە قارالسۇن. ئۇنىڭ ئىچىدە 106 -
بەت بولۇپمۇ مۇھىم) ئۇنىڭدا قەدىمكى يۇنان
تىياتىرلىرىدىكىدەك ئۇسۇللارمۇ قوللىنىل-
غان. تەسۋىرلىنىۋاتقان مەزمۇن بىر ئورۇن-
دىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكەلگەندە، تەسۋىر-
لىگۈچى ئاددىي ھالدىلا سۆزلەپ ئېيتىپ بەر-
مەستىن، بەلكى بىر قىسىم «ئەۋلىيا» لارنى
(heavenly beings) سۆزلىتىپ، يېڭى ئو-
رۇندا يۈز بەرگەن ۋەقەنى كىشىلەرگە يەتكۈ-
زىدىن ئېيتقۇزغان. چۈنكى ئارقا كۆرۈنۈش
يەنىلا شۇ بولغاچقا، مۇشۇنداق ئۇسۇل قول-
لىنىش ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. «مائىترىس-
مىت» قا ئوخشاشلا، «يارالمىش قىسسىلى-
رى» (本生经) دىكى تەسۋىرمۇ مۇقەررەر
ھالدا بىر قانچە كىشى تەرىپىدىن ئېلىپ
بېرىلغان. (F. W. K. Müller نىڭ
Ⅲ《Uigurica》 «ئۇيغۇرشۇناسلىق» دېگەن
ئەسىرىگە قارالسۇن) قەدىمكى ئۇيغۇرچە
«مائىترىسىمىت» درامىسى نۇقۇل ھالدا
تۇخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلىش ئاساسىدىلا
بارلىققا كەلگەن ئەمەس؛ ئۇنىڭ مەزمۇنى،
تىلى قاتارلىق جەھەتلىرىنىڭ ھەممىسى بې-
يىتىلغان، جارى قىلدۇرۇلغان. F. W. K.
Müller تەرجىمە قىلغان «يارالمىش قىسسى-
سىلىرى» (本生经) نىڭ تەرجىمىسىگە
خەنزۇچە تەرجىمىسىدىن، تىبەتچە تەرجىمە-
سىدىن ھەم خوتەنچە نۇسخىسىدىن تامامەن
ئوخشايدىغىنى تېپىلغىنى يوق؛ بۇنىڭ سەۋە-
بى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ تىل - ئەدەبى-
ياتىنى تىياتىرلاشتۇرۇش سەھنىلەشتۈرۈش
جەھەتتە مەقسەتلىك ھالدا كۈچ سەرىپ قىل-

غانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىنىڭ ئاسا-
سىي نوملىرىدىن ۋە ئۇنىڭغا دائىر ئەسەرلەر-
دىنلا خەۋەردار بولۇپ قالماستىن، بەلكى قە-
دىمكى مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ
پىششىق بىلىۋالغان ۋە ئۇلارنى تەرجىمە قىل-
غان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەتتا بىر مۇنچە مۇ-
ھىم ئىزاھلارنىمۇ بەرگەن. گ. خازاي (G.
Hazai بىلەن P. Zieme «بېرلىندا ساقلىنى-
ۋاتقان تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى» نىڭ 1-
تومىدا ئېلان قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇرچە
ۋاجراككېدىكا پراجناپرامىتا سۇترا (ئالتۇن
يارۇق)
Vajracchedikaprajna paramita surtra
(金刚经) نىڭ پارچىلىرى ۋە ئۆلىمالارغا بې-
غىشلانغان خاسىيەتلىك قوشاق» دېگەن ئە-
سىرىنىڭ قوشۇمچىسىغا قارالسۇن، بېرلىندا
ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى،
شەرقىي بېرلىن 1971 - يىل نەشرى، 86-
بەت، ئۇنىڭغا سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسى-
دىن 40 پارچە قوشۇمچە بېرىلگەن) بۇ تەت-
قىقات ماقالىسى «ۋاجراككېدىكا پراجنا پرا-
مىتا سۇترا» (ئالتۇن يارۇق - 金刚经)
دىن ئىبارەت بۇ مەشھۇر بۇددا نومىنىڭ قە-
دىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى تەرجىمە قىل-
غان ھەم ئۇنى ئىزاھلاپ بەرگەن. مەزكۇر
بۇددا نومى مىلادىيە 6 - ئەسىردە سانسكرىت-
چىدىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان. قە-
دىمكى ئۇيغۇرچىسى 9 - ئەسىردە دۇنخۇاڭدا
تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. «دۇن-
يادىكى ھەممە نەرسە قۇرۇق ئاۋارىگەرچى-
لىكتىن ئىبارەت» (emptiness) نى تەشەب-
بۇس قىلغۇچى بۇ بۇددا نومى كېيىن 世亲
以 شى چىنيى ۋە 法相宗 فاشياڭزۇڭلار
تەرىپىدىن تېخىمۇ تولۇقلانغان. ئۇنىڭ شې-
ئىرلار قىسمى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىن-
غان، مۇھاكىمە - نەزىرىيە قىسمى قەدىمكى
ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ جارى قىلدۇرۇلغان
قىسمى بولۇشى مۇمكىن، مانا بۇ قەدىمكى
ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجادىي پىكىر قىلىدىغانلىقى-
نىڭ بىر دەلىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قە-
دىمكى ئۇيغۇرلار مەزكۇر قەدىمكى بۇددا نو-

مەدىن كەڭ تۇردە خەۋەردار دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ، چۈنكى بۇ نومنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىدىن سەككىزى تېپىلدى.

ئەڭ يېقىنقى بىر كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى (S. Tezça)n س، تېزجان «Das Uigurische Inadi—sutra» دېگەن ئەسەردە تەرجىمە قىلىپ چىققان، (Berliner Turfan texte Ⅲ بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى» Ⅲ توم) شەرقىي بېرلىن، 1974 - يىل نەشرى، 76 بەت، فاكسىمىل نۇسخىسىدىن 69 پارچە قوشۇمچە قىلىنغان، (تاۋۇشى ئېپادىلەپ بېرىلگەن، تەرجىمىسى، ئىزاھاتى ھەمدە سۆزلۈك جەدۋىلى بېرىلگەن) . بۇ يازما نۇسخىسى بۇددا دىنى ئىسلام دىنى، مانى دىنى ھەم خىرىستىيان دىنلىرىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغان ئەھۋال ئاستىدا يېزىلغان. ئەسلىدىكى كىچىك كۆلۈڭگۈ (ھىنايانا) نۇسخىسى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بولسا، 17 - ياكى 18- ئەسىرلەرگە تەۋە. ئۇنىڭ قوشۇمچە قىسمىدا مانىترى ھەققىدە مەدھىيە شېئىرلىرى بار.

ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن بۇددىزىم بىر قەدەر يۇزە مەزمۇنلۇق ياكى سىرلىق مەزمۇنلۇق نوم - دەستۇرلارنى بارلىققا كەلتۈردى، ئەمما يەنە ئۇنىڭ بىر قىسىم قىزىقارلىق ئېسىل ھېكايىلىرىمۇ بار. پائول. پېللوت (Palul. pelliot) تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان. «Le conte bouddhiquedu Bon ot du Mauvais princeen verion ouigure («قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ياخشىلىق ۋە يامانلىق دېگەن ئىككى تېكىنىنىڭ ھېكايىسى») يېڭىدىن ج. ر. خاملىتون (J. R. Hamilton) تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم ئېلان قىلىندى (1971 يىل، پارىژ نەشرى، 159 بەتلىك، فاكسىمىل نۇسخىدىن 82 پارچىسى قوشۇمچە قىلىنغان) . بۇ تەتقىقات ئىككى خىل يازما نۇسخىسىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان. ئۇلار 11 - ئەسىردىن ئىلگىرى يېزىلغان بولۇشى كېرەك.

ماخايانا (Mahayana) يەنى ئۇلۇغ كۆلۈڭگۈ مەزھىپىدىكى بۇددا دىنىدىن بارلىققا كەلگەن بۇددا نوملىرىدىن دائىم ئۇچرايدىغىنى «كىشانتى قىلغۇلۇچ نوم» (بۇددىستلارنىڭ توۋا ئىستىغپارى) (K. Röhrbörn) يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىشانتى قىلغۇلۇچ نوم»، «Berliner Turfantexte Ⅱ» شەرقىي بېرلىن 1971 - يىل نەشرى، 64 بەتلىك، ماكسىمىل نۇسخىدىن 64 پارچە بېرىلگەن، تاۋۇشى ئېپادىلەپ بېرىلگەن، تەرجىمىسى ھەم ئىزاھاتى بېرىلگەن. ئەسلى ئىسمى «Ksante qilɤuluq nom» شۇنىڭغا قارالسۇن) .

شۇنى روشەن ھالدا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۇرپانلىقلار «سەۋر - تاقەت سۇتراسى»نى يادلاپ ئېلىشقا ياكى كۆچۈرۈپ ئېلىشقا خۇشتار ئىكەن، بۇ ئۆتكەن گۇناھ ئۈچۈن قىلىنغان ئادەتتىكى ھالدا توۋا ئەمەس؛ بۇ توۋا - توۋا ئىستىغپارلاردا ئۆتكەنكى بارلىق گۇناھ ـ يامانلىقلار ھېسابقا ئېلىنىدىكەن، ھەتتا ئىلگىرىكى ئەجدادلىرى ياكى باشقىلارنىڭ گۇناھ ـ يامانلىقلىرىمۇ ھېسابقا ئېلىنىدىكەن. ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا، ئۆزى ئۈچۈن ياخشىلىق، ساۋابلىق توپلىيالايدىكەن ھەمدە بۇنداق ياخشىلىق، ساۋابلىقنى باشقا كىشىلەرگە ھەتتا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىپ كەتكەنلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرگىلى بولىدىكەن. دەپنە مۇراسىملىرى ياكى ماتەم بىلدۈرۈش خاراكتېرىنى ئالغان خاتىرە پائالىيەتلىرىدە بۇ دۇنيادىن كەتكەن ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىغا ئاتاپ ئۇزۇن بولسۇن، قىسقا بولسۇن، ئىش قىلىپ نوم - سۇترا ئوقۇيدىكەن؛ يەتتە كۈن بىر قازا بولۇپ، ئادەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بىر قانچە يەتتە كۈن ئۆتكۈزۈلىدىكەن. مەلۇمكى، يەتتە كۈن بىر ھەپتە بولىدۇ، ئەمما ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار كۈنلەرنى ھەپتە بويىچە ھېسابلىمايتتى؛ يۇقىرىقىدەك ھېسابلاش ۋاپات بولغۇچى ئۈچۈن ئوقۇلغان نوم - سۇترادىن كەلگەنمۇ ياكى پارس نىستورىيان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، غەربتىن ئېلىنغانمۇ، بۇنىسى نامەلۇم. يۇقىرىقى «سەۋر - تاقەت سۇتراسى»

نىڭ داۋامى ئى. ۋارنكې (I. Warnke)
تەرىپىدىن رەتلىنىپ چىقتى (Eine
buddhistische Lehrschrift) يەنى «بۇددا دى-
نىدىن بىر پارچە توۋا - پەندىياتنامە قەدىمكى
ئۇيغۇرچە يېزىلغان نۇسخىسىدىن پارچىلار»
غا قارالسۇن).

مۇشۇ مەسىلىگە ئالاقىدار بولغان تەتقى-
قات ماقالىلىرى تۆۋەندىكىچە: ج. پ. لائۇت
(J. P. Laut) يازغان «بۇددىزمنىڭ دوزاخ
قارىشىنىڭ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر يازما
يادىكارلىقلىرىدىكى ئالاھىدە مەزمۇنى» (
Hamburg 1980 - يىل نەشرى، 133 بەت-
لىك).

ئا. ۋون. گابائىن يازغان «ئوتتۇرا ئا-
سىيادىكى كشتىگاربھا - (Ksitigarbha)
بوتساتۋاغا چوقۇنۇش»، 1971 - يىل نەش-
رى، ۋېسبادىن 1973 - يىل نەشرى، P47—
71 بەتلەر). بۇ تەتقىقات ماقالىسىدە قەدىمكى
ئۇيغۇرچە نۇسخىسى تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ-
نىڭ قوشۇمچە سۈرەتلىرىمۇ بېرىلگەن. ئۇ-
نىڭ بىر قىسمىدا قەدىمكى ئۇيغۇر رەسساملى-
رى ئاساس قىلىنغان، بىر قىسمىدا خەنزۇ-
لار رايونىدىكى رەسساملار ئاساس قىلىنغان،
بىر قىسمىدا ياپونىيە ئىلمىي خادىملىرىدىن
توگۇشى (Togushi) بىلەن ئوگاۋا (Ogawa)
نەشر قىلدۇرغان دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تۆت
قىسىملىق خەنزۇچە قول يازمىسى ئاساس
قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاددىي، رەڭ-
سىز سۈرەتلەر بار، ئۇ سۈرەتلەر مەزكۇر
نۇسخىسى بىلەن تامامەن ماس كەلگەن. غەر-
بىي بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر-
چە سۈرەتلەردىن بەزىلىرى ئىنتايىن يۇقىرى
بەدىئىي قىممەتكە ئىگە. ئۇلاردىن ئالاھىدە
تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى ئايال بۇددىستچە
كىيىنىۋالغان كشتىگاربھا (دىساڭ) بوتسات-
ۋانىڭ سۈرىتى، ئۇ بېشىغا ئاق باشلىق ئار-
تىۋالغان. مۇشۇنداق كىيىنىش يۇنگاڭ مىڭ-
ئۆيدىكى بۇتقا چوقۇنۇپ تۇرغان ئايال بۇد-
دىستلارنىڭ كىيىنىشىگە ئوخشاش؛ بۇ ئەھ-
ۋال خەنزۇ رايونلىرىدا ھەمدە تۇرپاندا ئانچە
كۆپ ئۇچرىمايدۇ. بۇ غەرب (مەدەنىيىتى-
نىڭ) تەركىبىمۇ - ئەمەسمۇ؟

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە مىزوڭ (يەنى
خۇپىيانە مەزھەپ) نوملىرى تىبەتلىكلەرنىڭ
ئېتىبارىغا ئېلىنىپ قالدى، بۇ نوملار ئەينى
ۋاقىتتا تۇرپاندىكى بۇددا دىنى دائىرىسىگىمۇ
يېتىپ باردى (P. Zieme بىلەن G. kara
يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرچە مىزوڭ تەرجىمى-
سىدىن پارچىلار» غا قارالسۇن.

《Berliner Turfantexte》 VII شەرقىي بېر-
لىن 1976 - يىل نەشرى، 112 بەتلىك،
ئىچىدە فاكسىمىل نۇسخىدىن 49 پارچىسى
قوشۇمچە قىلىنغان). بۇ ئەسەردە
F. W. K. Müller 1928 - يىلى يازغان
«Zauberritual» نى قايتىدىن تەرجىمە قى-
لىپ ئىزاھلاپ بەرگەن، ئاپتور (Cakrasam
vare—mandala) نىڭ پارچە قىسمىدىن 34
پارچىسىنى تاپقان. بۇ يازما نۇسخىسىنى پۇن-
ياسرى (Punyasri) ئىسىملىك بىر قەدىمكى
ئۇيغۇر ئالىمى تىبەتچىدىن تەرجىمە قىلغان.
ئاپتور يۇقىرىدا ئېيتىلغان مىزوڭ نوملىرى-
نى مىلادىيە 14 - ئەسىردە يېزىلغان دەپ
ھېسابلايدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى ئاپتور مۇنۇ
ئەسەرلەرنىمۇ ئېلان قىلغان:

《Die uigurische ubersetzung des Guruyogas
"Tiefer Weg" Vonsa—Skya Pandita,
under Manjusri na masamgiti》
(شەرقىي بېرلىن 1977 - يىل نەشرى،
148 بەتلىك، سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسى-
دىن 50 پارچىسى قوشۇمچە قىلىنغان).

《Guruyogas》 دەپ ئاتالغان ئالدىنقى قىسمى-
دا ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇ-
ناسىۋىتى توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ، يۈەن سۇ-
لالىسى دەۋرىدە تىبەتچىدىن تەرجىمە قىلىن-
غان. ئۇنى تەتقىق قىلىشتا بىرلا قول يازمى-
سى ئاساس بولغان. ئىككىنچى قىسمىدا بول-
سا، ۋېنجۇ 文珠 بوتساتۋا توغرىسىدا سۆزلى-
نىدۇ، ئۈچ خىل تەرجىمە نۇسخىسى تەتقى-
قاتقا ئاساس بولغان. ئەسلى نۇسخىسى ئەڭ
قەدىمكى نۇسخا دەپ ھېسابلانغان، 5 - ئە-
سىردە يېزىلىپ پۈتكەن بولسا كېرەك. ئۇ-
نىڭ خەنزۇچە، تىبەتچە، موڭغۇلچە، مانجۇ-
چە تەرجىمە نۇسخىلىرى بار.

www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكىدەك ئەسەرلەرمۇ بار.

G. kara بىلەن P. Zieme يازغان «Ein uigurisches Totenbuch» ۋە «دوۋخۇاڭدىكى تۆت يۇرۇش تىبەتچە نومنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكى Naropao تەلىماتى» (بۇداپىشت، 1978 - يىل نەشرى، 347 بەتلىك، سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىلىرىنىڭ جەدۋەلى بېرىلگەن). قەدىمكى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلغۇچى كىشى قومۇللۇق ئارىيا ئاچارا (Arya Acara)، قەدىمكى ئۇيغۇرچە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى تۇرپان بوستانلىقىدىن لۈكچۈنلۈك سارى تۇتۇڭ (Sari Tutung) 1350 - يىلى ئىشلىگەن. Fujieda k دىن (كيوتو 1957 - يىل) كېيىن،

O. Sertkaya بىلەن K. Röhrborn بېيجىڭنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 60 كىلومېتىر يەردىكى جۈيۈڭگۈەن دېگەن يەردىكى غايەت زور ھەم كۆركەم قۇۋۇق ئۈستىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە خاتىرە تاشنى قايتىدىن چۈشەندۈردى. (130 - توم، ۋىسبادىن، 1980 - يىل نەشر قىلغان «جۈيۈڭگۈەن قۇۋۇقىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە خاتىرە پۈتۈك»، 304_339-بەتلەرگە قارالسۇن)؛ ئاپتورلار بۇ بۇددا نوملىرىدىكى شېئىر - قوشاقلارنىڭ تىلىنى «ئۇقۇتقۇچىلار تىلى» دەپ ئاتاشقان. چۈنكى ئۇنىڭدىكى تىل شۇ جايلاردا 1343 - 1345 - يىللىرى قوللىنىلغان تىلغا ماس كېلىدۇ. تۈركىي تىلىدىكى شېئىر - قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى خەنزۇچە، موڭغۇلچە، سانسكرىتچە ۋە تىبەتچە شېئىر - قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشىمايدۇ، ئۇ ئالايىتەن بىر خىل ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ، باش قاپىيىسىمۇ، ئاياغ قاپىيىسىمۇ بار. نەشر قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلاردا بۇلار ھەققىدە تاۋۇشى ئىپادىلەپ بېرىلگەن، تەرجىمىسى ھەم ئىزاھاتى بېرىلگەن.

تىبەتچىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان يەنە بىر ئەسەرمۇ بار. مەزكۇر ئەسەر نۇسخىسى كيوتو Ryükoku ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلىنىقلىق. ھازىر ئۇ يەنە Juten Oda تەرىپىدىن ئىزاھات بېرىلىپ نەشر قىلىندى («قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا دىنى نوملىرىدىن پارچىلار»، تۈركولوگىيە ژۇرنىلى، 19 - توم، ئىستانبول 1980 - يىل نەشرى، 183 - 202 - بەتلەرگە قارالسۇن، ئۈچ جەدۋەل قوشۇمچە بېرىلگەن). زاڭجا شىرى (曾加室利) دېگەن تەرجىمە قىلغۇچى كىشى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن. تۈزگۈچى تىبەتچىسىنىڭ ھەم قەدىمكى ئۇيغۇرچىسىنىڭ تاۋۇشىنى ئىپادىلەپ بەرگەن، تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان ھەم سۆزلۈك جەدۋىلىنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ بەرگەن.

بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ياپونىيىنىڭ فوسېتسۇ ناكامۇرا (Fusetsu Nakamura) دېگەن كەنتتە ساقلىنىۋاتقان بىر تۈركۈم قەدىمكى ئۇيغۇرچە قول يازمىلار بار ئىكەن.

شاگاتو ماساخىرو Shogaito Masahiro نىڭ «Fusetsu Nakamura كەنتىدە ساقلىنىۋاتقان كىتابلار ئىچىدىكى «قەدىمكى ئۇيغۇرچە قوليازمىلار ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسى بار تويو گاكاخو (Toyo Gakuho 61 - توم، 29 - بەت، 1979 - يىل نەشرىگە قارالسۇن). ئاپتور ئىككى يۇرۇش قول يازمىنى ھەممە بىر يۇرۇش ئويما نۇسخىنى تەرجىمە قىلغان ھەم ئىزاھلاپ بەرگەن، ئۇ ksamayati نىڭ «Säkiz yükmäk yarug» دېگەن ئەسىرىنىمۇ ۋە «Sitatapatra dharam» (تولۇق ئاتىلىشى: تەڭرىلەر تەڭرىسى بورخان يارلىقامىش، تەڭرى يېرلىدە سەكىز يۈكمەك يارۇمىش يالتىرمىش، ئىدۇق دارنى تەڭ ۋىپ ئاتلىغ سودۇر نوم بىتىگ _ تەڭرىلەر تەڭرىسى بورخان ئېيتقان يەرجاھاندىكى سەككىزخىل نۇرلۇق زات دېگەن مۇقەددەس نوم) دېگەن ئەسىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەتقىق قىلغۇچى كىشى بۇ ئىككىلا ئەسەرنىڭ ئوقۇلۇشىنى ئىپادىلەپ بەرگەن، ياپونچە تەرجىمىسىنى ھەم ئىزاھاتىنى بەرگەن. kudala كيوتو Ryükoku دېگەن كىشى kögi كۇتۇپخانىسىدىكى ئوتانى (Otani) بۆلۈمىدىكى بەزى قول يازمىلارنى تەرجىمە قىلغان ھەم ئىزاھلىغان. («گۆھەنجەك نومى

(关经)، ئۇزاق ئۆمۈر تىلەش نومى»
(ئامىتا 《Amitayur chayana sütra》
يوس) نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە پارچىلىرىغا ئىـ
ـزاھ، بۇددىزم، كيوتو Ryukoku
ئۇنىۋېرسىتېتى، 35 ـ توم، 33 ـ 55 ـ
بەتلەرگە قارالسۇن) . ئەسلى نۇسخىسى خەنـ
ـزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخا بولۇپ،
ئەمدى ئۇنىڭغا ياپونچە تەرجىمىسى قوشۇلـ
ـغان، تاۋۇشى ئىپادىلەپ بېرىلگەن، ئىزاھا
تى بېرىلگەن ھەمدە ئىككى جەدۋەل قوشۇمچە
قىلىنغان.

## يېقىنقى مەزگىللەردىكى باشقا ئەسەرلەر

H. Halen يازغان: 《Die Uigurischen
Mannerheim Fragmente》 (I) يەنى «قەـ
ـدىمكى ئۇيغۇرچە مانخايىزىمدىن پارچىلار
(1)» خېلسىنكى 1979 ـ يىل نەشرى،
فىنلاندىيە شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى ئىلمىي
جەمئىيىتى تۈزگەن، 51 بەتلىك، 4 ـ، 9
ـ بەتلەر، 7 پارچە سۈرەت قوشۇمچە قىلىنـ
ـغان. قول يازمىسى تۇرپاندىن تېپىلغان،
ھازىر خېلسىنكى شەھىرىدە ساقلانماقتا؛
D. Maue بىلەن K. Röhrborn يازغان:
《Ein zweis Prachiges Fragment aus
Turfan》 يەنى «تۇرپاندا قېزىپ تېپىلغان
سېلىشتۇرما يازما يادىكارلىقلار پراگمېنتلىـ
ـرىدىن» «ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى» ، 20 ـ
توم، ۋېسبادىن 1976 ـ يىل نەشرى، 208ـ
221 ـ بەتلەر؛

L. Ju. Tuguxeva يازغان: 《Ostruture
Drevne uigurskich teksto》 يەنى «قەدىمكى
ئۇيغۇرچە قول يازمىلارنىڭ قۇرۇلمىسى» ،
«تۈركولوگىيە يازما يادىكارلىقلار توپلىمى»
، 1977 ـ يىل نەشرى، 265 ـ 284 ـ
بەتلەر؛

《Uiguru bun nu يازغان Oda Juton nu
Manjushiri Jojyu ho no danpan ichiyo》
تويو گاكوخو (Toyo Gakuho) 33 ـ توم،
1981 ـ يىل نەشرى، 86 ـ 109 ـ بەتلەر.
Shogaito Masuhiro يازغان: «قەدىمـ
ـكى ئۇيغۇرچە قول يازمىلار» ، 109 ـ
8212ـ نومۇرلۇق، تويو گاكوخو 54 ـ توم،
44 ـ 57 ـ بەتلەر؛ بۇنىڭ ئەسلى نۇسخىسى
1350 ـ يىلغا تەۋە بولۇپ، تىبەتچىدىن قەـ
ـدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان؛ يەنە
شۇ ئاپتور يازغان:
《An uighur aradana to Avalo kiteŝvara sütra》
تويو گاكوخو، 58ـ توم، 1970 ـ يىل نەشـ
ـرى، 01 ـ 037 ـ بەتلەر؛ يەنە شۇ ئاپتور
يازغان «ستەيىن ساقلىغان قەدىمكى ئۇيـ
ـغۇرچە قول يازمىلار 108 ـ 8212 ـ نومۇر-
لۇق» ، تويو گاكوخو، 57 ـ توم، $P_{17-34}$
بەتلەر، بىرىنچى پارچىسى ئەسلىدە
《Tözin ugittači Nom》 دەپ ئاتالغان قەدىمـ
ـكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى، ئىككىنچى پارچىـ
ـسىدا بۇددا دىنىنىڭ ھەرقايسى مەزھەپلىرى
كۆرسىتىلگەن؛
يەنە شۇ ئاپتور يازغان: «ئاگاماس
(Agamas) توغرىسىدىكى بىر پارچە قەدىمـ
ـكى ئۇيغۇرچە قول يازما» ، شېن خۇۋەي
مەجمۇئەسى، 31 ـ توم، 1 ـ 22 ـ بەتلەر،
1980 ـ يىل نەشرى؛
كودارا كوجى (kudara kōgi) يازغان:
«قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان
1 («كۇانشىم پوسار» 《 kuanxiim pusar
تەرجىمىسىنى جى ئەپەندى خەنزۇچە ئىزاھـ
ـلاپ بەرگەن، 632 ـ 682 ـ بەتلەر؛
Ş. Tekin يازغان: 《Die uigurische
Weihinchrift eines buddkistischen
klosters aus den Jahren 767—780 in
Tuyoq》 (767 ـ 780 ـ يىللىرى تۇيۇق
دېگەن يەردىكى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسىدىكى
بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە مەرسىيە) ،
«ئورال ـ ئالتاي ژۇرنىلى» — (Ural
48 Altaische Jahrbücher) ـ توم، ۋېسباـ
ـدىن 1976 ـ يىل نەشرى، 225 ـ 233 ـ
بەتلەر.
گېڭ شىمىن يازغان: Qadamqi
uygurca Buddhistik Aŝar Arca—trata—
Buddhamātrika Vimsati—pūga stotra—
sūtra din fragmentlar》
«تۈركولوگىيە تەتقىقاتى» ، خارۋارد ئۇنىۋېـ
ـرسىتېتى ژۇرنىلى 3 ـ توم، 295 ـ 306
ـ بەتلەر، كامبىرج ـ ماسىف 1979 ـ يىل

تۈركىي كىتاب تورىكىتى www.turkitap.com

نەشرى، ئەسلى نۇسخىسى مىزوك نومى بولۇپ، تىبەتچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن؛

P. Zieme يازغان: «سىڭقوسەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرى تەرجىمىسى»، ۋېسبادېن 1976 - يىل نەشرى، 767 - 775 - بەتلەر.

### تارىخ جەھەتتە

تۆۋەندە ئوتتۇرا ئەسىردىكى قول يازمىلاردىن بىر قانچىسىنى ھەمدە ھازىرقى زاماندىكى تەتقىقات ماقالىلىرىدىن بىر قانچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز:

گېڭ شىمىن ئەپەندى يازغان: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە قوچو خان جەمەتلىرى خاتىرىنامىسى ئۇستىدە تەتقىقات» يەنى (A study of the stone tablem uygur script about the merito rious services of prin ces of chotscho، مەركىزي مىللەتلەر ئىنستىتوتى ئىلمىي ژۇرنىلى، ئارخېئولوگىيە ژۇرنىلى، 4 - توم، بېيجىڭ، 1980 - يىل نەشرى، 515 - 528 - بەتلەر. بۇ خاتىرىنامە گەنسۇدىن تېپىلغان، ئۇنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بىر قەدىمكى ئۇيغۇر ئالىمى ھەم شائىرى يازغان. گېڭ ئەپەندى ئۇنىڭ ترانسكرىپسىيىنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان، ئىزاھاتىنى، سۆزلۈك جەدۋىلىنى ھەمدە قىسقىچە ئىنگلىزچە تونۇشتۇرۇشنى قوشۇمچە قىلىپ بەرگەن.

گېڭ شىمىن ئەپەندى بىلەن J. Hamilton يازغان:

«L, inscription ouigoure de La stele commemcrative des Iduq qut de Qočo (1331—1334)»

«تۈركولوگىيە» 13 - توم، Louvain، 1981- يىل نەشرى، 10 - 54 - بەتلەر، تۈزگۈچى ئاپتور ئۇنىڭ ترانسكرىپسىيىنى ئىپادىلەپ بەرگەن، فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلغان ھەمدە ئىزاھاتىنى، سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسىدىن ئۈچ پارچىنى قوشۇمچە قىلغان.

گېڭ شىمىن ئەپەندى يازغان: «Qara Šahr» — (يەنى قاراشەھەر 梭里迷考)، «تارىخ تەتقىقاتى» 2 - توم، 1980 - يىل نەشرى، 147 - 159 - بەتلەر. بۇ بىر تارىخ تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭغا «مائىترىسمىت» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى بېرىلگەن نۇسخىسى قوشۇمچە قىلىنغان ھەمدە خەنزۇچىسى سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىلارمۇ قوشۇمچە قىلىنغان. سۆلمى يەنى قارا شەھەرنى كۆرستىمدۇ.

### يېقىنقى ۋاقىتلاردا يېزىلغان باشقا تەتقىقات ماقالىلىرى

K. Röhrborn يازغان: «توقان تومۇرگە ئەۋەتىلگەن تەبرىك خەت، قەدىمكى تۈركچە يېزىلغان بىر مەسەل»، ئا. ۋون. گاباىئىن يازغان: «Zum 80, Geburtstag am 4. 7» 1981 - يىل dargebracht ۋېسبادېن، 1981 - يىل نەشرى، 123 - 139 - بەتلەر. ئەسلى جۇ يۈگكۈەندىن تېپىلغان، تاۋۇشى موڭغۇلچە ھەم قەدىمكى ئۇيغۇرچە ترانسكرىپسىيە قىلىپ بېرىلگەن ھەمدە تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتىمۇ بېرىلگەن.

I. Warnke يازغان: «بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان، تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە بىر پارچە يازما يادىكارلىق» «تۈركولوگىيە» ھەم «ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق ئوبزورلار توپلىمى»، ئا. ۋون. گاباىئىن يازغان: «Zum 80. Geburtstag am dargebracht 1981. 7. 4» ۋېسبادېن 1981 - يىل نەشرى، 215 - 220 - بەتلەر. قول يازما يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە.

ياپونىيىلىك ئۇمېمورا خىروشى (Umemura Hirosi) يازغان: «13 - ئەسىردىكى قەدىمكى ئۇيغۇرىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ھوقۇقى»، The Toyo Gakuho 59 - توم، 1977 - يىل نەشرى، 01 - 031- بەتلەر.

### خەت - ئالاقىلەر

خەت - ئالاقىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سۇۋاپ يېزىلىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە بىلەن يېزىلغان، موي قەلەم بىلەن يېزىلغاندەك تۇرد-

دۇ. ۋەھالەنكى، بۇنداق دېيىشكە Fujie da.
A ئەپەندى قارشى تۇرىدۇ؛ چۈنكى تۇرپانلىق-
لار ئۇچۇن ئېيتقاندا موي قەلەم مۇقەررەركى
ئىنتايىن قىممەتكە چۈشىدۇ، ئۇلار ئۇنى
خەنزۇلار رايونىدىن ئېلىپ كىرىشى كې-
رەك. ئۇ مۇشۇنداق يېزىلغان خەت - ئالاقى-
لەرنى قەلەم - qalem (kalem) بىلەن يېزىل-
غان، دەپ قىياس قىلىدۇ.

نۇرغۇنلىغان خەت - ئالاقىلەر يوەن سۇ-
لالىسىگە تەۋە؛ ئۇنىڭ بەزىلىرىدە پادىشاھ
ماۋرىسنىڭ ئىسمى ئېيتىلغان، ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە، ئەرەبچىگە خاس بەزى خاس ئىسىملار-
مۇ بار.

ئا. ۋون. گابائىن يازغان: «Das Leben
im uiguris chen Kǒnigreila Von Qȯco»
ۋېسبادىن، 1973 - يىل نەشرى، 56 - 64-
بەتلەر ۋە «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ گۈللى-
نىشى ۋە مۇنقەرز بولۇشى»
(Einführuhng in die Zentralasien kunde)
«ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىققا مۇقەددىمە»،
1979 Darm—stadt - يىل نەشرى، 75 -
بەت. بۇ ئىككى ئەسەردە يۇقىرىقى خەت -
ئالاقە توغرىسىدا تونۇشتۇرۇش بېرىلگەن.
خەت - ئالاقىلەردىن بەزىلىرى ياغ سېتىۋال-
غانلىق مەسىلىسى توغرىسىدا بولۇپ، قەرز
ئالغانلىق توغرىسىدىكى تىل خەتلەر، ئەشيا
ۋە خادىملارنى يۆتكەش ئالاقىلىرى، توختام
قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېغىر دە-
رىجىدە قەرزدار بولۇپ قېلىشنىڭ سەۋەبى
باج، سېلىق ناھايىتى كۆپ بولۇپ كەتكەن.
كونكرېت مەزمۇنلىرى تېخى دېگەندەك ئېنىق
ئەمەس. باج، سېلىق ئۈچۈن چىگىتلىك
پاختا، بەلگىلىك ئۆلچەمگە لايىق پاختا تو-
قۇلما، مۇسەللەس، مەيزاپ - هاراق قاتار-
لىق نەرسىلەرنى تاپشۇرۇدىكەن. ھەر بىر
توختام ئۈستىدە بىردىن ئىككىگىچە گۇۋاھ-
چى - شاھىت بولىدىكەن. توختامغا ئىمزا
قويۇلغاننىڭ ئۈستىگە يەنە تامغا بېسىلىدى-
كەن. قەرزنى تۆلەشكە ھېچ ئامال بولمىسا،
قەرزدار بولغۇچى كىشى ئالاھىدە كۆرسىتىل-
گەن كىشى ياكى ئىقتىسادىي ئورۇنغا ئىنتا-
يىن يۇقىرى قەرز پۇل تاپشۇرۇشقا تېگىش-
لىك بولۇپ قالىدىكەن. تەبىئىيكى، ئەمەلى-
يەتتە قۇل بولۇپ قالىدىكەن. مۇشۇنداق
خەت - ئالاقىلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ بولغانلى-
قى شۇ چاغدا، شۇ رايوندا مۇقەررەركى،
رەسمىي مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنىڭ
بار ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. خەت -
ئالاقىلاردا ئىسمى ئاتالغان ھەرخىل مەھسۇلا-
تلاردىن شۇ چاغدىكى ئىگىلىك ئەھۋالىنى بى-
لىۋېلىشقا بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي
ئەھۋالى ھەمدە ئائىلە قۇرۇلمىسى توغرىسى-
دىكى خەت - ئالاقىلەرمۇ بار. ۋاقىت ھېساب-
لاش جەھەتتە، ئون ئىككى مۆچەلنى قوللى-
نىلغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بار.

ئائىلە ئەزالىرىنىڭ رولى توغرىسىدا
گېراد. كىلاۋسون يازغان: «بىر نەپەر قە-
دىمكى ئۇيغۇرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئا-
ئىلە ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئارخىپ» دېگەن
ئەسەر، ئىران ۋە ئىسلام، ئېدىنبۇرگ
1971- يىل نەشرى، 167 - بەتلەر) ناھايىتى
قىززىق يېزىلغان. بۇ بىر پارچە قول يازما
توغرىسىدىكى تەتقىقات ماقالىسى بولۇپ، ئۇ
قول يازمىنى كروتكوۋ N. N. Krotkov
ئۈرۈمچىدىن تاپقان، ئۇ ھازىر سانكىت پېتر-
بورگدا ساقلانماقتا. ئاپتور قەدىمكى ئۇيغۇر
يېزىقىنىڭ سۇۋاپ يېزىلىدىغان شەكلى ئار-
قىلىق يېزىلغان، تەخمىنەن 14 - ئەسىرگە
تەۋە بولغان ئالاقىدار يازما يادىكارلىقلاردىن
يەتتە پارچىسىنى تەتقىق قىلغان. ئۇ ئەسەر-
نىڭ تاۋۇشىنى ئىپادىلەپ بەرگەن، تەرجىمى-
سىنى ھەم ئىزاھاتىنىمۇ بەرگەن.

### يىقىنقى مەزگىللەردىكى باشقا ئەسەرلەر

رېشىت رەخمات ئارات R. R. Arat
يازغان: «uygurca yazilar arasinnda Ⅱ»
(ئۇيغۇر يېزىقلىرى توغرىسىدا)، ئىستام-
بۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكولتېتى،
تۈركىي تىل - ئەدەبىياتى ژۇرنىلى، 22 -
توم، ئىستامبۇل 1977 - يىل نەشرى، 17
- 28 - بەتلەر. ئىككى بەتكە سۈرەتكە ئېلىن-
غان نۇسخىسى بېرىلگەن).

Yamada • N يازغان: «تۇرپاندىن تې-
پىلغان بىر قانچە خىل خەت - ئالاقىلار:

uyghurkitap.com



قۇللار ھەم قولدىن قولغا ئۆتىدىغان باللار
توغرىسىدا يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت-
ئالاقىلار» (ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات
فاكولتېتى ئىلمىي خاتىرىلىرى، 16 - توم،
ئوساكا 1972 - يىل نەشرى، 163 - 268-
بەتلەر).

Yamada. N يازغان: «ئىستانبۇل ئۇنى-
ۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان
شىنجاڭ قول يازمىلىرى، خۇسۇسەن قەدىمە-
كى ئۇيغۇرچە خەت-ئالاقىلار توغرىسىدا»،
كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى «غەربىي ئاسىيا، جەنۇ-
بىي ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتى خەۋىرى»،
20 - توم، كيوتو 1968 - يىل نەشرى، 11
- 29 - بەتلەر، كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىدىن
ئىككى بەتكە قوشۇمچە قىلىنغان؛

Omemura. H يازغان: «توختام ماددى-
لىرىغا خىلاپلىق قىلغانلىق توغرىسىدا يېزىل-
غان قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت - ئالاقىلار:
قاچان، قەيەردە ئىمزالانغان؟» ،The Toyo
Gakoho 58 - توم، كيوتو 1977 - يىل
نەشرى، 01 - 040 - بەتلەر؛

گېڭ شىمىن يازغان: «قەدىمكى ئۇي-
غۇرچە يېزىلغان ئىككى پارچە توختام توغرى-
سىدا»، يۈەن سۇلالىسى دەۋرگە مەنسۇپ.
«مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتوتى ئىلمىي
ژۇرنىلى»، بېيجىڭ، 1978 - يىل نەشرى،
12 - توم، 43- 48 - بەتلەر.

P. Zieme يازغان: «بۇددا دىنى ئىبادەت-
خانىسىدىن چىققان، قەدىمكى ئۇيغۇرچە يې-
زىلغان باج - سېلىقنى كەچۈرۈم قىلىش
گۇۋاھنامىسى»، «قەدىمكى شەرق تارىخ ۋە
مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىلار
توپلىمى»، شەرقىي بېرلىن 1981 - يىل
نەشرى، 237 - 263 - بەتلەر؛

P. Zieme يازغان: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە
ئىجارە مەسىلىسى توغرىسىدىكى خەت - ئالا-
قە»، «قەدىمكى شەرق تارىخ ۋە مەدەنىيىتى
توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى»،
شەرقىي بېرلىن 1980 - يىل نەشرى، 197-
245 - بەتلەر.

P. Ziemey يازغان: « Murtug
(مورتۇق) تىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇي-
غۇرچە يەر خېتى»، شەرقىي بېرلىن 1974
- يىل نەشرى، 295- 308 - بەتلەر؛

P. Zieme يازغان: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە
يېزىلغان بۇغداي قەرز ئېلىش مەسىلىسى
توغرىسىدىكى توختام»، شەرقىي بېرلىن
1980 - يىل نەشرى، 273 - 275 - بەتلەر؛

P. Zieme يازغان: «يېڭىدىن تېپىل-
غان، قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىلغان ئۈچ پارچە
قول مەسىلىسى توغرىسىدىكى توختام»،
شەرقىي بېرلىن 1977 - يىل نەشرى، 145-
170 - بەتلەر.

## فىلولوگىيىگە دائىر ئەسەرلەر

يېقىنقى مەزگىللەردە ئېلان قىلىنغان
فىلولوگىيىگە دائىر بىر قەدەر مۇھىم ئە-
سەرلەردىن قەدىمكى تۈركىي تىللار تەتقىقاتى
جەھەتتە ئالدى بىلەن G. Doerfer نىڭ ئە-
سەرلىرىنى كۆرسىتىش كېرەك.
34 Göttingen, Ldwig—Besk—sfra Be 13
ئۇ تۆۋەندىكى ئەسەرنى يازغان:
Turkische und Mongolische Elemente im
Neupersis chen 2 — 4 — tom ۋۇپسبادىن
1965 -، 1975 - يىللار نەشرى. ئۇ ئىراندا
تېھراندىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدىن
تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىر قانچە كىچىك كول-
لېكتىپىنى چېلىقتۇرغان، ئۇلار ناھايىتى
چەلەڭگۈچ بىر خىل دىيالېكتىكىدا سۆزلە-
شىدىكەن. ئۇ بۇ خىل دىيالېكتىكىنى خالاچ
(Halač) دەپ ئاتىغان. (W. Hesche. G.
Doerfer ۋە S. Tezcan) H. Scheinhard
يازغان: 1971 - يىل نەشرىگە، G. Doerfer
بىلەن S. Tezcan يازغان: « Khalaj
Materiak » («خالاچ توغرىسىدا»)
Bloomington 1971 - يىل G. Doerfer
بىلەن S. Tezcan يازغان Wörterbuch des
Chaladsch بۇداپېشت 1980 - يىل نەشرى،
جەمئىي 231 بەتلىك، مۇشۇ ئەسەرگە قارال-
سۇن) كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، بۇ
دىيالېكتىكا Azeri Ayna ھەم تۈركمەن قا-
تارلىق غەربىي جەنۇبىي قىسىم دىيالېكتىكە-
لىرىنىڭ تەركىبىي ئامىللىرى بولغانىنىڭ
سىرتىدا، ھەتتا رونىك تۈركچىسىدىكى ئاۋ-

ۋالقى ئاملىلار بار ئىكەن. يەنى h بىلەن باشلانغان سۆزلەر بار ئىكەن، سوزۇق تاۋۇشلارمۇ بار ئىكەن. G. Doerfer ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى هازىر ئۆزلىرى ئىگىلەپ تۇرغان ماتېرىياللارنى توپلىغان ھەم ئۇلارنى تىلشۇناسلىق تارىخىي نۇقتىسىدىن ئىزاھلاپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە V. M. N. adel jajev، D. M. Nasilov، E. R. Teniser A. M. Sčerbak لار تۈزگەن «قەدىمكى تۈركىي تىللار لۇغىتى» مۇ بار. (لېنىنگراد 1969 - يىل نەشرى، 676 بەتلىك). بۇ لۇغەت قاراخانىلار (Qara Khanids) تىن تارتىپ قەدىمكى تۈركىي تىللىغىچە بولغان سۆز - ئىبارىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

گېرارد كىلاۋسون سېر (Gerard clauson) نىڭ «13 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈركىي سۆز - ئىبارىلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسى» (ئوكسفورد 1972 - يىل نەشرى، 48 - ۋە 989 - بەتلەر) بۇنىڭغىمۇ خۇددى شۇنىڭلىك دائىرىدىكى سۆز - ئىبارىلەر كىرگۈزۈلگەن. ئەمما يەنە تەپسىلى تاللانغان سۆزلەر ئېتىمولوگىيىسى بىلەن چۈشەندۈرۈشمۇ قوشۇمچە قىلىنغان.

مۇشۇ ساھە بويىچە ئەڭ كەڭ دائىرىدە سۆز - ئىبارىلەر كىرگۈزۈلگەن لۇغەت سىنتاكسىشۇناس K. Röhrborn يازغان: (Seminar für Nora Afrika، Qtto Behaghl str. lo E. 63 Gie Ben).

«قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» (Sprach material dcr vorislamischen، türkischen Texte aus Zentralasien) ۋېسبادىن 1977-، 1979 - ۋە 1981 - يىللىرى نەشرى، 1 - 224 - بەتلەر، A دىن Asanke — غىچە، بىر قانچە پارچە رونىكچە يازمىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاپتور ھەر بىر سۆزلەمىنىڭ ئاخىرىدا شۇ سۆزلەمىنىڭ ئېلىنغان ئادرېسىنى، قول يازمىدىكى ئوقۇلۇشىنى، ھەر خىل يېزىلىشىنى، گراماتىكا جەھەتتىكى ھەر خىل رولىنى، قول يازمىدىكى ھەر خىل بىرىككەن سۆزلەرنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەتتا تېخى نەشر قىلىنمىغان «ئالتۇن ياروغ (Altun yarug)» بىلەن «شۇەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىمۇ كىرگۈزۈپ قويغان. ھەر بىر سۆزلەمنىڭ مەنىسىنى تۈركولوگىيە ئىلمىي بويىچە ئەڭ يېڭى چۈشەنچە تولۇقلاپ - تۈزىتىپ بەرگەن، ئىلگىرى نەشر قىلىنغان ماتېرىياللاردىكى خاتا ئوقۇلۇشلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ ئەڭ ئىشەنچلىك لۇغەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «قەدىمكى ھەم ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركىي كالىندارى» يەنى:

(L. les Calendries turc anciens et medievauz)

دېگەن ئەسەردە فرانسىيە تۈركولوگى Loiz Bazin (77، Quaidu port—au—Fouasre 94100 sheng Siyna، Fransiye)

قەدىمكى تۈركىي يازما يادىكارلىقلارنى ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مۇنچە ۋاقىتلارنى ناھايىتى مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا سېلىشتۇرۇپ ئېنىقلاپ چىققان.

**بۇ جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنگەن باشقا ئىلمىي خادىملار تۆۋەندىكىچە:**

K. H. Menges: Institut fur Orientalistik, universitätss tralze 7/v, loloWien. Osrer reich، ئالتايشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى.

J. Benzing, Bingerstra Be 57. 65 Heide shecim bei Mainz. ئالاھىدىلىكى چۇۋاش تىلى.

ن. ئا. باسكاكوۋ N. A. Baskakov (سوۋېت ئىتتىپاقى) D. uijanora 4. 2. 383 11733: سوۋېت ئىتتىپاقى، موسكۋا. ئالاھىدىلىكى: ئومۇمىي تۈركولوگىيە. U. Beitchura

ئو. بېيچۇرا Smolenskaja I. Kv. 15. 196084, لېنىنگراد Leningrad nl84.

ئالاھىدىلىكى: تەجرىبە فونېتىكىسى.

گوننار يارىڭ

G. Jarring: Krlavägen 85,11459 ستوكھولم stokholm، شىۋېتسىيە، ئالاھىدىلىكى: ئۇيغۇرچە، (ئامېرىكا تەۋەلىكىدە، فرانسىيىدە ئولتۇرۇشلۇق).

خامىلتون

J. Hamilton 128,rue st. Denis,Pariz Ze

پارىژ فرانسىيە. ئالاھىدىلىكى: قەدىمكى ئۇيغۇرچە. P. N. Borotav (تۈركىيە تەۋەلىكىدە، فرانسىيەدە ئولتۇرۇشلۇق).
I. Av du General Leclerc, 94 Ivzy/secire
Fransiya ئالاھىدىلىكى: ئېتنوگرافىيە.
:Mrs. I. Laude—Cirtautas
(گېرمانىيە تەۋەلىكىدە، ئامېرىكىدا ئولتۇرۇشلۇق). سېئاتېل — ۋاشىنگتون
،98115 7064, 35 th Ave Ne, Seattle
ئامېرىكا، ئالاھىدىلىكى: ئۆزبېكلەر، قازاقلار.
G. Imart: Village du Soleil, Villa 199, 13540, Buyzceard.
فرانسىيە ئالاھىدىلىكى: قىرغىزلار.
H. W. Brando: Am Dorfbach 4,64 Flda
ئالاھىدىلىكى: غەربىي - جەنۇبىي تارماق تۈركىي ئەدەبىياتى.

بىز بۇ يەردە كۆپچىلىككە شۇنىمۇ خۇشال - خۇراملىق بىلەن خەۋەر قىلىمىزكى، گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى شەرقىي بېرلىن Wessens chaften پەنلەر ئاكادېمىيىسى يەنى (Unlei den Linden 8, DDR 108, شەرقىي بېرلىن (Xarkiy Berlin. تۈركولوگ P. Zieme ۋە Mrs I Washke گە خەنزۇشۇناسلىق، G. Schmidr, Th. Thilo گە ئىرانشۇناسلىق، W. Sundecmann گە تۇرپان قول يازمىلىرىنى تەتقىق قىلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى. ئۇلار ئۇنىۋېرسىتېتنىكى خىزمىتىدىن قول بوشاتقاندىن كېيىن، پۈتۈنلەي تۇرپان قول يازمىلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەزكۇر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرۇش جەھەتتە مۇمكىن بولغان ھەممە ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ.

ژۇرناللار:
《Ural—Altaische Jahrbü cher Neue Folgc》
ئورال-ئالتاي يىلنامىسى (يېڭى نەشرى)، Vol. I ۋېسبادىن 1981 - يىل نەشرى،
Im Auftrage de Sociltas Uralo—Altai herausgegeben Von J. Gulya, B. Wickman.
ئورال - ئالتاي ئىلمىي جەمئىيىتى پروفېسسورى نەشرى (ئورال قىسمى) K. kǒhzoen
(تۈركولوگىيە). K. Sagasfer
(موڭغۇلشۇناسلىق)؛ تۈركولوگىيە، ئادرېسى:
K. Rǒhrban, Seminar fur Nord Afrika, otto—Benagbel—St. lo. E. 63 Gie Ben;
ئالتايشۇناسلىق توغرىسىدىكى ھەر خىل مەزمۇندا تۈزۈتۈلگەن ئەسەرلەر:
K. Sagaofer, Seminary Fur Zen—trala sien, Regine—Paon—Str 7. 53. Bonn.
《Veröffenfli chungen der Societas Uralo—Altaica》
ئورال - ئالتايشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى تەھرىرى:
W. veenker, A. Von Gabain; Lin denstr. 12,2120 Lü neburg;
«تۈركولوگىيە» (Turcica)، تۈركولوگىيە تەتقىقاتى ئوبزورلىرى.
Louvain Redaclcn Association Pour le Dvelope ment des Etud es, 13, rue du Four, 75006 Pariz Fransiya; فرانسىيە پارىژ «تۈركولوگىيە يازما يادىكارلىقلىرى»
(Mateuaelie Tucce) H. Vary. تۈزگەن.
Lektorat füz Turk—Spachcn, Port—fach 2148,4630, Bochum;
«ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى»
K. John (central Asiatic Journal)
Müllnergasse 3/31,1090 Wien, تۈزگەن.
ئاۋىستىرىيە: ئاساسىي مەزمۇنى تۈركىي خەلقلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەم مەدەنىيىتى توغرىسىدا.

**تەرجىمە، تەھرىرى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**

# قەدىمكى ئۇيغۇر رەسسامچىلىقى

ئا.ۋون.گاباتىن

*ئىلاۋە: ئەسلى ماقالىدىكى سۈرەتلەرنىڭ نومۇر تەرتىپىنى ئاپتور تۈزگەن. ئۇ يەقەت بىر قىسىم سۈرەتلەرنىلا ئالغاچ كەلگەن بولغاچقا، بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىنغان سۈرەتلەر تولۇق ئەمەس. ئەپسۇسكى ژۇرنىلىمىزدا بۇ سۈرەتلەرنى بېرىشكە ئىمكانىيەت بولمىدى.*

غەربلىكلەر مۇشۇ بىر نەچچە ئەۋلادنىڭ
ئالدىدا ئوتتۇرا ئاسىيانى نۇرغۇنلىغان مەدە-
نىيەت ھەم ماددى ئامىللارنىڭ سىرلىق بۇلد-
قى دەپ ھېسابلاپ كەلگەن ئىدى. كۆپلىگەن
ئىلمىي خادىملارنىڭ تەتقىق قىلىشى ھەمدە
قېتىرقىنىپ ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە، بۇ
سىرلىق «چۈمپەردە» ئاخىرى ئېچىلدى؛
بىر- بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ھەرقايسى
ئەللەردىن كەلگەن ئارخېئولوگىيىلىك تەك-
شۈرۈش ئەترەتلىرى ئاللىقاچان ۋەيران بو-
لۇپ كەتكەن بۇ تارىخىي قەدىمكى يەرگە كې-
لىپ، «يىپەك يولى» ، جۇڭگو ۋە ۋىزانتىيە
ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ھەم سودا جەھەت-
تىكى كېلىپ - كېتىشلەر ئۈستىدە تەتقىقات
ھەم ئىزدىنىشلەر ئېلىپ باردى؛ ئۆز ۋاقتى-
دا، جۇڭگو ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتلىرى بىلەن
دۇنياغا داڭق چىقارغان بولسا، ۋىزانتىيە ئۆ-
زىنىڭ نەپىس قول ھۈنەر سەنئىتى بىلەن
مەست بولۇپ كەتكەن ئىدى. مانا مۇشۇنداق
جاپا - مۇشەققەتلىك ئىزدىنىشلەر ئارقىسى-
دا، كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئۆزگە-
رىش بولدى. ئۇ بولسىمۇ، بۇنىڭدىن ئىلگە-
رى ئالاقىدار ئەللەر تارىخىي ماتېرىيال جە-
ھەتتە جۇڭگو تارىخشۇناسلارنىڭكىنى ئاساس
قىلاتتى. ھالبۇكى، بۇ تارىخشۇناسلار ئوخ-
شاش بولمىغان ھەر خىل مەدەنىيەتلەر توغ-
رىسىدا ئېنىق تەسۋىر يۈرگۈزگەنمۇ ئەمەس،
ھەر خىل تىللار توغرىسىدا توختالغانمۇ ئە-
مەس. تەخمىنەن 80 يىلدىن ئىلگىرى،
گېرمانىيە تارىخشۇناسى ئېدۋارد. مىيى «قە-
دىمكى شەرق تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە: مۇ-
بادا سىستېمىلىق ھالدا تەتقىق قىلىنىدىغان
بولسا، ئارخېئولوگىيە تارىخىي ماتېرىياللار-
نىڭ كېلىش مەنبەئى بولۇش سۈپىتى بىلەن
ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قا-
لىدۇ. بىز ئەمدى سەنئەت بىلەن مەدەنىيەتنى
چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىردىكى
تارىم ئويمانلىقىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ
روھى دۇنياسىنى تەتقىق قىلماقتىمىز، دەپ
كۆرسەتكەن ئىدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەزكۇر رايون دا-
ئىرىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيە-
لىك تەكشۈرۈشلەردە ھەر خىل تىللاردا يې-
زىلغان قول يازمىلار تېپىلدى؛ بۇلاردىن
بەزى تىللار ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن،
ئۇنى بىلىدىغان ئادەم قالمىغان. تەكشۈرۈش
نەتىجىسىدە، قەدىمكى تۈركچە ھەم قەدىمكى
ئۇيغۇرچە قول يازمىلار ۋە ئويما باسما يادى-
كارلىقلار تېپىلغان؛ تۇرپان بوستانلىقىدىن
تېپىلغىنى ئەڭ كۆپ ئىكەن. قومۇل، نەنداۋ
(جەنۇبىي يول) (Southern—way) ئېزىنا
دەرياسى، مىرەن ئەتراپى ھەم گەنسۇدىنمۇ
ئاز - تولا تېپىلغان. قوچو خەنزۇچە 高 昌
دېيىلىدۇ. قەدىمكى ساك (Saka) تىلىدا گاۋ
تانەي (Kautanai) دەپ ئاتىلىدۇ؛ مەلۇم مە-
نىدىن ئېيتقاندا، بۇ يەردە ئۆز زامانىسىدا
بىر مۇقەددەس جاي بولغان ئوخشايدۇ. بۇ
يەردە نۇرغۇنلىغان بۇتخانىلار بولۇپ، ھەم-

www.uyghurkitap.com



مىسى خان سارىيى قىلىنغان. بۇ يەردىن
مىلادىيە 445 - يىلغا تەۋە بولغان، مائىترى-
نىڭ بۇتخانىسىدىن بىر پارچە خەنزۇچە مەڭ-
گۈ تاش تېپىلغان (O. Franke غا قارال-
سۇن. يەنە سېلىشتۇرۇپ ئىنىقلاشقا توغرا
كېلىدۇ). قوچونىڭ يېنىدىكى مۇرتۇق
(Murtug) بېزەكلىك، ئۇنىڭدىن باشقا قارا
شەھەر (Harar—shähri) دېگەن يەرلەردىن
ھەمدە بەزى قۇملۇق يەرلەردىن
(pro montories) يەنە بىر مۇنچە قەدىمكى
تۈركچە قول يازمىلار تېپىلغان. قوچو-
نىڭ غەرب تەرىپىدە 80 كىلومېتىر كېلى-
دىغان ئارىلىقتا «يارغول» (峭 壁 城)
شەھىرى بولۇپ، ئۇنى خەنزۇچە 交河镇
دەپ ئاتايدۇ؛ بۇ شەھەرنىڭ ۋاقتى قوچونىڭ-
كىدىنمۇ ئۇزاقراق؛ جۇڭگو ئالدىنقى خەن
سۇلالىسى دەۋرىدىلا تارىم ئويمانلىقىنى بوي-
سۇندۇرغانىدى، 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى-
غا كەلگەندە يەنە بىر قېتىم بويسۇندۇردى.
تاكى مىلادىيە 760 - يىلدىكى ئۆڭلۈك،
سۆيگىن توپىلىڭىنىڭ ئالدىغىچە، ھەربىي
ئىشغالىيەت بولۇپ تۇرغان مەزگىل ئىچىدە
ئۇ يەرلەردە خەنزۇلار ئائىلىلىكلىرى ئولتۇ-
راقلاشقان بولۇشى جەزمەن. ئۇنىڭ ئۈستى-
گە، قوچو بىلەن خەنزۇلار ئاھالىسىنىڭ يېرى-
مىنى تەشكىل قىلىپ تۇرغان دۇنخۇاڭ ئوت-
تۇرىسىدا قۇمۇلنى ئوتەڭ قىلغان ھالدا بې-
رىش - كېلىش ئالاقىلىرى ئۈزۈلمەي داۋام-
لىشىپ تۇرغان ئىدى. مىلادىيە 444 - يىل-
دىن 460 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قوچو
ھۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بولغان
كىيۇ جەمەتى خانلىقىنىڭ (يەنى
Dynasty of the Jüxü) ھۆكۈمرانلىقى ئاس-
تىدا بولدى؛ 507 - يىلدىن 640 - يىلغىچە
بولسا، گەنسۇدىن بىر ئائىلە گۇرۇھىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولدى. كېيىنكىلەر
غۇزلار مەدەنىيىتىگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئەھۋال
ئۇلارنىڭ ئىرانلىق بولۇشى مۇمكىن ئىكەن-
لىكىدىن دېرەك بېرەتتى؛ ئۇلارنىڭ يېزىق-
تىكى تىلى خەنزۇ تىلى ئىدى، ئەمما ئېغىز-
دا باشقىچە سۆزلىشەتتى. ئاۋارلارمۇ مەلۇم

دەرىجىدە ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئىگە بول-
غان، لېكىن 552 - يىلدىن كېيىن شەرقىي
تۈركلەر ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇ-
لۇپ، ھازىرقى موڭغۇلىيىنى مەركەز قىل-
غان بۈيۈك يايلاق ئىمپېرىيىسىنى تىكلى-
گەن؛ ئۇنىڭ غەربىي يېرىم قىسمى بولسا،
تارىم ئويمانلىقىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر
كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى تۈركىي
ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن گۇمران قىلىنغاندىن
كېيىن، مەزكۇر تۈركىي خەلقلەرنىڭ خەن-
زۇلار رايونى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى
شەرقىي تۈركلەرنىڭ ۋاقتىدىكىدىن تېخىمۇ
قويۇقلىشىپ كەتكەن. بىراق، مىلادىيە
840 - يىلى بۇ ياش يايلاق ئىمپېرىيىسى
تۈركىي خەلقلىرىدىن بولغان قىرغىزلار تە-
رىپىدىن گۇمران قىلىنغان، 843 - يىلى
ھەتتا قوچومۇ ئەشۇ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن
گۇمران قىلىنغان. كۆپچىلىك قەدىمكى ئۇي-
غۇرلار گەنسۇغا (yaghi aghar خانلىقى
960 - 1028) ھەم قوچوغا قېچىپ بېرىپ،
ئەسلىدىكى كۆچمەنلىك تۇرمۇشىنى تاشلى-
غان.

تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى تۈركىي
قول يازمىلار ئانچە ئوخشاش بولمىغان ئىك-
كى خىل دىئالېكتىكىدا يېزىلغان. بۇ ئىككى
دىئالېكتىكىنىڭ بىرى N دىئالېكتى، يەنە
بىرى Y دىئالېكتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ
سەۋەبى، كۆك تۈرك تىلىدا NY كېيىنكى
ۋاقىتلاردا ئۆزگىرىپ N — N ياكى Y
بولۇپ قالغان ئىدى. مەسىلەن، anyigh
(ئەسكى دېگەن سۆز كېيىنكى ۋاقىتلاردا
anigh ياكى ayigh بولۇپ ئۆزگەرگەن).
يېزىلغان ۋاقتىغا بىر قەدەر ئۇزاقراق بولغان
قول يازمىلار N دىئالېكتىكىدا يېزىلغان
(قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى Y دىئالېكتىكىغا تە-
ۋە). قەدىمكى ئۇيغۇر خاقانى مۇقان
(Bögü) مانى دىنىنى ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆ-
لەت دىنى دەپ رەسمىي قوبۇل قىلغان. قە-
دىمكى ئۇيغۇرلار قوچوغا كۆچۈپ كەلگەندىن
كېيىن، يەنە بىر دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى
باشقا تۈركىي خەلقلەر - غەربىي تۈركلەر

بىلەن بىللە كەڭ يايلاقلاردىن بۇ يەرگە كې-
لىشۋالغانلىقىنى كۆرگەن. تۇرپان قول ياز-
مىلىرىدا ئىككى خىل دىئالېكتىكىنىڭ بار-
لىقى قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىن ئىلگىرىمۇ قو-
چودا تۈركىي خەلقلەر ياشىغان بولۇشى ئېھ-
تىمالغا يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ
يەردە شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئاشىنا جە-
مەتى ناھايىتى مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگىلىۋال-
غان.

شۇنداق بولسىمۇ، تېپىلغان قول ياز-
مىلارغا قارىغاندا، تۇرپان بوستانلىقىدا يەنە
باشقا مىللەتلەرمۇ ياشىغان. ھىندى، ئارد-
ئان (雅利安) تىللىرى سىستېمىسىدىكى
توخرى تىلى كۇچا ھەم قاراشەھەر بوستانلى-
قىدىكى ئاغزاكى تىل ئىكەن. ئالىملار ئۇنى
توخرى B تىلى دەپ ئاتايدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ
يېزىقتىكى تىلى توخرى A تىلى بولۇپ، بۇ-
مۇ تۇرپاندىن تېپىلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە
يەنە ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە بىر قىسىم سىز-
ما سۈرەتلەرمۇ تېپىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى
پىرسوناژلار توخرىلارچە كىيىنگەن (قوچو
شەھىرى I . III —1; IX VII —1, 9 - باب).
بۇلاردىن باشقا يەنە ئوتتۇرا ئىران تىلىغا تەۋە
بولغان سوغدىچە قول يازمىلار تېپىلغان.
سوغدىلار گەرچە تارىم ئويمانلىقىدا ھاكىمى-
يەت تۇتۇپ تۇرمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھەممە
يەردە دېگۈدەك ئولتۇراقلاشقان ھەمدە ئۆز
يۇرتى سوغدىيانا بىلەن بېرىش - كېلىش ئالا-
قىسىنى ئۈزمىگەن. ئۇلار ھەتتا قېرىنداش
تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر بىلەنمۇ ئالاقە
باغلىغان. مەسىلەن، خوتەندىكى خوتەنلىك-
لەر، ساسانىلار ھەمدە قەندىھاردىكى كۇشان-
لار قاتارلىقلار بىلەن بېرىش - كېلىش قى-
لىشقان. مانا مۇشۇنداق بېرىش - كېلىش
ئالاقىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر رەسىمچىلىكى
ئۇچۇن شەكىل جەھەتتە ئالاھىدىلىك ئېلىپ
كەلگەن. بۇ ھەقتە لېكسىيىمىزنىڭ ئاخىرىد-
دا راق توختىلىمىز.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئامىلغا قارىغاندا
تېخىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى، ئېيى-
تىش كېرەككى، خەنزۇلار مەدەنىيىتىنىڭ
قوچو تۈركىي سەنئىتىگە كۆرسەتكەن تەسى-
رىدۇر. بىز ھازىرغا قەدەر قومۇلدىكى ھەم-
دە گەنسۇ رايونىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ
قەدىمكى سەنئىتى توغرىسىدا ھېچنەرسىنى
بىلمەيمىز؛ شۇنداق بولغاچقا، بىزنىڭ نەزەر
دائىرىمىز قوچو بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي
مۇمكىن ئەمەس. ئارخېئولوگىيىلىك تەك-
شۈرۈش نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان خەنزۇچە
بۇددا دىنى قول يازمىلىرى ھەم ئويما يادى-
كارلىقلار، ئاز ساندا كۇڭزى دەستۇرلىرى
ۋە تويۇنزىم كاللاملىرى ھەتتا شېئىر - قو-
شاقلار پارچىلىرى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مە-
مۇرىي باشقۇرۇش توغرىسىدا يېزىلغان بىر
قىسىم خەت - ئالاقىلەر تېپىلغان ئىكەن. بۇ
ئەھۋال شۇ زاماندا قوچودا ئولتۇرۇشلۇق
خەنزۇلار بار ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرى-
دۇ.

خەنزۇلار رايونىنىڭ سەنئىتى كۆچۈپ
كەلگەن تۈركىي رەسساملارغا تەسىر كۆر-
سەتكەنمۇ، كۆرسەتمىگەنمۇ؟ يەنە بىر تۈر-
لۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ رەسساملار گەۋدى-
لەندۇرگەن روھ ئەينى ۋاقىتتا خەنزۇ رەس-
ساملىرى گەۋدىلەندۇرگەن روھمۇ، ئەمەس-
مۇ؟ بۇ مەسىلىگە دەسلەپكى جاۋاب بولسۇن
ئۈچۈن، بىز خۇددى شۇنداق مەزمۇن يېزىل-
غان كىتابلاردىكى قىستۇرما رەسىملەرنى
تەكشۈرۈپ كۆرەيلى، بۇ كىتابلارنىڭ بەزىلى-
رى خەنزۇچە، بەزىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر-
چە؛ ئالدىنقى كىتابلاردىكىسى سىزىما رە-
سىم، كېيىنكىلىرىدىكى بوياق رەسىم.
(111460a7; 4993d; 6321; 4693d;
1116337; 6281; 6327; 7260). كىتاب
مەزمۇنى ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەر-
ۋاھىنىڭ ساياھىتى توغرىسىدا توختىلىدۇ.
ئۇنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى
يوق. بىر قاراپلا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزىگە
خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى
بىلىپ، ئۇنى ماختاشقا ئەرزىيدىكەن دەي-
مىز. كۆپلىگەن يازما يادىكارلىقلار بۇددا
دىنى مەزمۇنىغا تەئەللۇق، مانى دىنى جەھەت-
تىكىلىرىمۇ بار، ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى

پارس نېستورىيان دىنىنىڭ دەستۇرلىرى بولۇپ، بۇ دەستۇرلار تۇرپان بوستانلىقىنىڭ بۇلىيۇق (Bulayuq) كەنتىدىن تېپىلغان. خىرىستىيان دىنى دەستۇرلىرى ئوتتۇرا ئىران تىلى، قەدىمكى سۇرىيە تىلىدا يېزىلغان، شەرقىي تۈركچە يېزىلغان تۆت پارچە تولۇق بولمىغان يازمىلارمۇ بار تېخى. مانا بۇ قول يازمىلارنىڭ ھەممىسى 9 - ئەسىرنىڭ ئالدى- كەينىدە يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار، پەقەت بۇلىيۇق يېنىدىكى سۇ بېشىدىن (Suipang) تېپىلغان «شېئىر - قوشاقلار» نىڭ ئوتتۇرا ئىرانچە تەرجىمە نۇسخىسىلا 5- ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە يېزىلغان. جۇڭگو ۋە ياپونىيە مۇتەخەسسىسلىرى دۇنخۇاڭدىكى كۆپچىلىك تام سۈرەتلەرنىڭ ئۇسلۇبى ھەم تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزگەن. ئى. ۋالدىسمىت (62 - $P_1$، $V_1$) كۇچار سەنئىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. ۋەھالەنكى، مېنىڭ بىلىشىمچە، قوچو تۈركىي خەلقلەر زامانىسىدىكى سەنئەتنى ئەمدى تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك.

## تۇرپاندىكى سوغدى ئۇسلۇبى

سوغدى ئۇسلۇبى ئافراسىياب (Afrasiab قەدىمكى سەمەرقەنتنىڭ شىمالىي قىسمىدا)، ۋاراكشا (Varakhsha)، بېشبالىق (Pendzhikent) ھەم غەربىنىڭ باشقا بىر قانچە جايلىرىدىكى ئەسەرلەردە كۆرۈلىدۇ. بىراق تۇرپاندىن چىققان ئەسەرلەردە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ناھايىتى ئاز بىر قىسىم يەرلەرنىلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. خ. يى. كىرىمكېيتىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ئىران تىلىدا يېزىلغان نوم - كىتابلاردىكى سۈرەتلەر مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، قىپتىلارنىڭ (قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى - تەرجىمان) سەنئىتى بىلەن مەلۇم باغلىنىشى بار ئىكەن.

## خەنزۇلار رايونىنىڭ ئۇسلۇبى

مەن مۇشۇنداق بىر سورۇندا خەنزۇلار رايونىنىڭ رەسىمچىلىك سەنئىتى توغرىسىدا سۆزلىمەكچى بولغانلىقىمدىن خىجىللىق ھېس قىلماقتىمەن. چۈنكى، بۈگۈن مېنىڭ ئالدىمدا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ جەھەتتىكى ئىلىم - پەن مۇتەخەسسىسلىرى، كەچۈرگەيسىزلەر، بۇ ھەقتە بىراز توختالمىسام بولمايدىكەن، كۆرسەتمە بېرىشىڭلارنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

تاڭ سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى زاماندا خەنزۇلار سىزغان رەسىملەر ئاساسەن دۇنخۇاڭ ياكى جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىدىن چىققان كۆچۈرمە نۇسخىلاردا كۆرۈلىدۇ. تەخمىنەن 10 - ئەسىر (يەنى دۇڭيۈەن Dung yuan) دىن باشلاپ، جەنۇب رەسساملىرى تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى سىزىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكەن، بۇ ئەھۋال شۇ چاغدىكى تۇرپان رەسساملىرىغا ئانچە زور تەسىر كۆرسەتمىگەندەك تۇرىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، خەنزۇلار رايونىدىكى رەسساملارنىڭ «پىلاستىك لىنى» (Plastic Line) سىزىش ئۇسۇلى 8- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپلا ئالقىشقا سازاۋەر بولغان، ۋۇداۋزى (吴道子) دەل شۇنىڭ بىلەن داڭ چىقارغان، ئۇ چاغدا «بېندېد ۋىرى» (Bended Wire) سىزىش ئۇسۇلى ئانچە كۆپ قوللىنىلمىغان. جۇڭگو جۇڭگوچە رەسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا سۇس رەڭ ياكى شۇنداق سىزىشلا قوللىنىلىدۇ. قېنىق، سۇسلۇق دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان قارا رەڭلا ئىشلىتىلىدۇ. ھەۋەسكارلارنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن، بەزىدە رەسىم يۈزىنىڭ بىر قىسمىنى ئاق قالدۇرىدۇ (72، P70 شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرى رەسىمگە قارالسۇن)، مەسىلەن، ئۆينىڭ بەزى ئورۇنلىرىلا سىزىپ قويۇلىدۇ، كۇچادىن تېپىلغان تۇخرىچە يېزىلغان نوم - كىتابلاردىكى قىستۇرما رەسىملەردە ئاق سىزىقلار بار ئىكەن، ھەتتا سپوتىس سىزىش ئۇسۇلىمۇ (Spots--- Ⅲ 22 گە قارالسۇن) قوللىنىلغان. مەنزىرە ۋە تەبىئەت مۇھىتلىرىنى سىزىشتا خەنزۇلارنىڭكى بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇكەم-

ـمەل پەلسەپەۋي مۇناسىۋەتكە ئاساسلانغان،
مەلۇم دەرىجىدە تەسىراتچىلىق تۈسىنى گەۋ-
دىلەندۈرگەن. ماددى تۇرمۇشتىكى شەيئى-
لەرنى دەل، ئەينەن گەۋدىلەندۈرۈشكە بول-
مايدۇ، چۈنكى، پەقەت ئۇلارنىڭ ئوتتۇرى-
سىدىكى مۇناسىۋەتلا ئاندىن ئەھمىيەتلىك
نەرسە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر
رەسىملىرى بۇنىڭ ئەكسىچە سىزىلغان بو-
لۇپ، «تەپسىلاتقا بولغان قىزىقىش» قا ئاسا-
سەن ھەر بىر ئىنچىكە ئۇششاق شەيئى گەۋ-
دىلەندۈرۈلگەن (M. lpshiroglu) . خەنزۇ
ئەدىب ـ سەنئەتكارلىرى قاتتىق جىسمانىي
چېنىقىشنى باشتىن كەچۈرىدىكەن
(Corporal dissipline) ، مەقسەت ئۆز سىيا-
قىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش
ئىكەن. ئۇلار ھۆرمەت ۋە ئەدەب نۇقتىسى-
دىن ئۆزلىرىنىڭ غەم ـ قايغۇسى ئارقىلىق
باشقىلارنى پاراكەندىچىلىككە سالمايدىكەن.
مانا بۇلار كىشىلەرگە رېئاللىقتىكى ياكى رە-
سىمدىكى بىر چىرايىنى ياكى قىياپەتنى كۆر-
گىنىدە ئارىلىقتا گوياكى بىر قەۋەت بىر نېمە
باردەك ھېس قىلدۇرىدىكەن. بىز مانا مۇ-
شۇنىڭدىن ئۆتۈپ، ئىچكىرىلەپ تۇرۇپ ھەر
خىل ئەھۋاللارنى بىلىشىمىز كېرەك، ئۇستا
مۇنەۋۋەر رەسسام رەسىمنى شېئىر ـ قوشاق
بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئامراق كېلىدۇ.

يۇقىرىدا خەنزۇلار رايونىدىكى رەسىم-
چىلىك سەنئىتى توغرىسىدا ئانچە ـمۇنچە
توختىلىپ قويدۇم ھەمدە ئۇنىڭدىن پەرقلى-
نىپ تۇرىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر سەنئىتى
توغرىسىدىمۇ بىسمىللانى باشلاپ قويدۇم.
قەدىمكى ئۇيغۇر رەسىمچىلىكىنىڭ ئالاھىدى-
لىكى ئۇنىڭدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

## قەدىمكى ئۇيغۇر تام رەسىملىرىدىكى ئۇستىلىق

زور تېپتىكى تام رەسىمى سىزىشتا ئال-
دى بىلەن دەسلەپكى رەسىم سىزىۋېلىنىدۇ،
ئۇنىڭ تەپسىلىي قىسىملىرىمۇ سىزىۋېلىنى-
دۇ. ئۇنى تامغا چۈشۈرۈشتە، سۈرەتنىڭ
ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل قىسىملىرى
تامغا چۈشۈرۈلىدىغان ئۆلچىمى بويىچە نېپىز
قەغەزگە چۈشۈرۈۋېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ مۇ-
ھىم سىزىقلىرى يىڭنە بىلەن تېشىپ قويۇلى-
دۇ (1116319؛ 1117433؛ 1116980) ، ئۇ-
نىڭدىن كېيىن ھەممىسى تامغا چاپلىنىدۇ.
ئۇنىڭ تېشىلگەن قىسىملىرىنىڭ ئۈستىدىن
رەڭ بېرىلىپ، تامدا ئىز قالدۇرۇلىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن رەسىمنىڭ ھەر بىر قىسمى ـ
پارچىسى تېگىشلىك توغرا ئورۇنغا چۈشۈرۈ-
لىدۇ. ئىككىنچى بىر رەسسام رەڭ چۈشكەن
چېكىتلەرگە قاراپ سىزىقلىرىنى سىزىپ
چىقىدۇ. توكيودىكى پروفېسسور ئاكىياما
(Akiyama) ماڭا (1116343) نومۇرلۇق
رەسىمنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ سىزىقلىرىغا
بېرىلگەن رەڭلەردە خەنزۇلار رايونىنىڭ ئالا-
ھىدىلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۇستىلىق
پىرسۇناژلارنىڭ يۈز قىسمى، كىيىم ـ كې-
چىكى ۋە ياسىنىش ـ بېزىلىش قاتارلىق تەپ-
سىلى، ئىنچىكە جەھەتلىرىگە ئىشلىتىلمى-
گەن، ئاساسىي سىزىقلارنى يەنە بىر رەسسام
سىزىپ چىقىدۇ.

خىرىستىيان دىنى سەنئىتىدە خىرىس-
توسنىڭ ياكى ئۇنىڭ مۇرتلىرىنىڭ ھاياتى
توغرىسىدا ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كۆرۈ-
نۈشلەرنى بەرگەنگە ئوخشاش، بۇددا دىنى
سەنئىتىدىمۇ پەقەتلا ساكيامۇنىنىڭ ھايات
ۋاقتىدىكى ھەممىگە ئايان بولغان بىر قانچە
مۇھىم كۆرۈنۈشلىرىنىلا، ئۇنىڭ بىر قانچە
يېقىنلىرىنىلا بېرىدۇ، ھەمدە ئىلاھلاشتۇ-
رۇلمىغان پىرسۇناژلارنىڭ مەشھۇر كۆرۈ-
نۈشلىرىنىمۇ بېرىدۇ. بىراق، ھەشەمەتلىك
ئىبادەتخانا ـ بۇتخانىلار ھەمدە تەشمە ـ گەمى-
لەر ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، بەزى كۆرۈ-
نۈشلەر قايتا ـ قايتا بېرىلگەن، ھەتتا قايىنام
بىلەن نەقىشلەر ئوخشاش بولۇپ قالغان:
(cn 91, سول تەرەپ ئاستى؛ch63a=
ch52 سول، ئاستىch 73= گە قارالسۇن) .
مانا بۇ ئەھۋال رەسىملەرنىڭ سىزىلىش جەر-
يانىدىكى ھەرقايسى باسقۇچلارنى ئايرىۋېلىش
ئۈچۈن ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. رە-
سىملەرنىڭ تامامەن ئوپ ئوخشاش دېگۈدەك

www.uyghurkitap.com



كۆرۈنۈشلىرىدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ-
كى، بەزى ئاساسىي سىزىقلار ئارىسىدىكى
ئۇششاق كۆرۈنۈشلەر مەلۇم رەسسامنىڭ
شەخسىي ئىشتىياقى ھەم تالانتى بويىچىلا تول-
دۇرۇلغان، ئۇلار مۇھىم قىسىملىرىنىڭ
كۆرۈنۈشلىرى بىلەن دېگەندەك بىردەك ئە-
مەس. ھەر بىر بۆلەك پۈتۈن رەسىمنىڭ
روھى - مەزمۇنى بىلەن ماسلىشىۋېلىشى زۆ-
رۈر بولغاچقا، باشقا رەسساملار مەزھەپلىرى-
دىن پايدىلىنىشقا بولىدىغان ھەر قانداق تەي-
يار كۆرۈنۈشنى ئارىيەتكە ئېلىۋېلىش مۇم-
كىن ئەمەس.

دېمەك، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، تۇرپاز-
دىن تېپىلغان سۈرەتلەر ھەرگىزمۇ بىر
شەخسنىڭ بىر مەھەللىك ئىلھامىنىڭ مەس-
ئۇلى ئەمەس، ئۇ بەلكى مەلۇم بىر رەسسام-
لار مەزھىپىنىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيىتى.
بۇ يەردە غەرب ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللە-
نىش دەۋرىدىكى ئەسەرلەرنى ئەسلەپ ئۆت-
ۈشكە توغرا كېلىدۇ: رېمبراند
(Rembrand) بىلەن داۋفىنچىنىڭ ئەسەر-
لىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي تەپەك-
كۇرى بويىچە سىزىلىپ چىققان. ھالبۇكى،
بۇ ئۇستىلار ھەر بىر سىزىقنىڭ ھەممىسىنى
شەخسەن ئۆزلىرى سىزىپ چىققان ئەمەس،
ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇشقاقنى شەخسەن ئۆزلى-
رى پۈتتۈرگەن ئەمەس، ئۇلارنىڭ شاگىرت-
لىرى ئەسەرنىڭ پۈتۈپ چىقىشىدا ناھايىتى
نۇرغۇنلىغان بوياش، سىزىش ۋەزىپىسىنى
ئۆتىگەن. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ قىس-
تۇرما رەسىم ئەسەرلىرىمۇ خۇددى شۇنداق؛
سارايى رەسساملار مەزھىپى ئىستامبۇلنىڭ
ئەندەرۇن (Enderun) دېگەن يېرىدە ھەرقاي-
سى بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان (مەسى-
لەن، دەسلەپكى سۈرەت لايىھىسىنى چىقى-
رىش، سىزىق سىزىش، بوياق، رەڭ بې-
رىش، ھەل پوتال بېرىش قاتارلىق جەھەت-
لەردە) سەككىز - توققۇز نەپەر شاگىرت
يېتىشتۈرۈپ چىققان. بىز مەلۇم بىر رەس-
سام بىلەنلا بولۇپ كەتمەكچى ئەمەس، بەلكى
ئومۇملۇقنى، پۈتۈنلۈكنى كۆزدە تۇتماقچى-
مىز؛ مەلۇم بىر كۆرۈنۈشنى ئوبدان چۈشەن-
گەن ھالدا، پۈتۈنلۈككە ماس ھالدا سىزىپ
چىققان، ئۇستا ۋەكىللىك قىلغان رەسساملار
مەزھىپىنى كۆزدە تۇتماقچىمىز. قەدىمكى
ئۇيغۇر رەسىملىرىنىڭ سىزىلىشى كۆچا
تۇخرىچە نوم كىتابلاردىكى قىستۇرما سۈرەت-
لەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق، ئاددى.

**شەكىل ئالاھىدىلىكى**(Formal Elements)

**كۆلەڭگە:**

دۇنخۇاڭدىكى (6 - ئەسىردىن بۇيانقى)
خەنزۇ رەسساملار ھەم قۇمتۇرادىكى
(Qum — tura) كۇچانىڭ غەربىدىكى 15
كىلومېتىر كېلىدىغان يەر) رەسساملارغا
ئوخشاشلا، ئىدىقۇت تۈركىي رەسساملىرىمۇ
«كۆلەڭگە»نى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، مەن-
زىرە - كۆرۈنۈشلەرنى ئايرىغان. ئەمەلىيەتتە
بۇ خىل كۆلەڭگە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشىدىن
ھاسىل بولغان سايە بولماستىن، بەلكى رەس-
سام تەرىپىدىن نەرسە سۈرىتىنىڭ ئوڭ -
سول ئىككى تەرىپىگە سىزىلغان كۆلەڭگى-
دۇر. رەسىمچىلىكتە بۇ چارىنى قوللىنىش-
تىكى مەقسەت، رەسىمنىڭ يۈز قىسمىنى
ياكى گەۋدىنىڭ باشقا ھەممە قىسىملىرىنى
لەيلىمە كۆرۈنۈشكە ئايلاندۇرۇش (يەنى ھەر
ياقلىمىلىق سېزىم ھاسىل قىلىدىغان قى-
لىش). بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش بەلگىلىك
زامان ھەم ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي-
دۇ، بۇ رەسسامنىڭ ئوچۇق ياكى يوشۇرۇن
سېلىشتۇرمىسىدىكى رەسىمنى سىزىش مۇد-
دىئاسىغا باغلىق. مەسىلەن، بەزى رەسىم-
لەردە بىر راھىپنىڭ ئۆزۈن كاساياسى قارا
رەڭدە سىزىلغان، قالغان قىسمى سىزىقلار
بىلەنلا بىلدۈرۈلگەن. مۇشۇنداق «كۆلەڭگە»
بېرىش ئۇسۇلى ئىنتايىن ئۇششاق، كىچىك
مەخلۇقلارنى سىزىشتىمۇ قوللىنىلغان
(11124, 11125)، پەردە - چىمىلدىق،
دەستۇرخانلار رەسىمىدىمۇ مۇشۇ ئۇسۇل
قوللىنىلغان. ياقا يۇرتلۇق قىرىلار ھەمدە
سىياقى خەنزۇلار رايونىدا ئۆسكەنلەرگە ئوخ-
شاپ كېتىدىغان ياشلارنىڭ رەسىمىدە بولسا،

«كۆلەڭگە» تېخىمۇ كۆپ بېرىلگەن. ناھايە-
تى روشەنكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ غايە-
سىدىكى چىراي - يۈز كۆلەڭگىلىك چىراي
— يۈز ئەمەس، بەلكى ئاپپاق، پاكىزە چى-
راي — يۈز.

## ئاق ئورۇن، ئاق سىزىقلار

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، دۇنخۇاڭ خەن-
زۇلار رايونىدىكى رەسساملار ئاق ئورۇندىن
پايدىلىنىپ رەسىم سىزىش ئارقىلىق ناھايە-
تى ئۇستىلىق بىلەن كىشىنى تەسىرلەندۈر-
دىغان بەدىئىي نەتىجە ياراتتى. تۈركىي رەس-
ساملار بولسا، بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلانمىدى.
قەدىمكى ئۇيغۇرلارمۇ دۇنخۇاڭ، كۇچا ھەم
قۇمتۇرا (Qum — tura) سەنئەتكارلىرى
قوللانغانغا ئوخشاش ئۇنداق ئاق سىزىق
(White Licht)، غوژمەك ياكى پاراللېل
ئاق سىزىقلاردىن پايدىلانغان ئەمەس.
(Akiyama — Matsubara nr. 13. كۇچا
Qum — tura - قۇمتۇرا kuqar: Nor. 209;
Ⅲ 11)

## رەڭ بېرىش ۋە بېرىكتۈرۈش

قەدىمكى ئۇيغۇر رەسىمچىلىكىدە رەڭ
بېرىش ئۇسۇلى ناھايىتى گەۋدىلىك ئالاھىدى-
لىككە ئىگە. تۈركىي رەسساملار روشەن قارا
قوڭۇر رەڭنى ئىشلەتكەن ئەمەس. كۇچا رە-
سىملىرىدە ئىشلىتىلگەن بەزى رەڭلەرنى
ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا تۇخرىلار بەدەخشانلار-
دىن ئۆگىنىۋالغان. تۈركىي رەسساملارنىڭ
بۇ خىل رەڭنى ئىشلەتمەسلىكىدىكى سەۋەب،
ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۇلارنىڭ
بۇ خىل رەڭنى باشقىلاردىن ئۆگىنىۋېلىشىغا
ئىمكانىيەت بەرمىگەن بولسا كېرەك. تۈر-
كىي رەسساملار بامىيان (Bamiyan)، كۇچا
ھەم دۇنخۇاڭ رەسىملىرىدە ئىشلىتىلگەن
ياپ - يېشىل رەڭنىمۇ ئىشلەتكەن ئەمەس.
بۇ رەسساملار قېنىق قىزىل رەڭدە يەر -
جاھاننى سىزىشقا (11122 ; 11114)، قېنىق
قوڭۇر، سۇس سېرىق قاتارلىق رەڭلەر بى-
لەن ئىنتايىن ئاز يېشىل ۋە كۆكۈش رەڭ-
لەرنى ماسلاشتۇرۇپ رەسىم سىزىشقا ئامراق
ئىكەن. ئۇششاق ھەيكەل، زىلچا - گىلەم ۋە
دەستۇرخان رەسىملىرىدە (118 αb ; 118 αα)
سۇس كەلگەن ھەر خىل رەڭلەر بىر - بىرىگە
ناھايىتى ماس ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن.

بەزى قېرىلارنىڭ ياكى سەلبىي پېرسو-
ناژلارنىڭ تېرىسىگە كۆلەڭگە بېرىلگەن، بە-
زى كىشىلەرنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى ھەقىقە-
تەنمۇ ناھايىتى قارا، قوڭۇر قىلىپ بېرىلگەن
(ch31، سول، تۆۋەندە، بىر ئالۋاستى).
بۇنداق قىلىشمۇ ئوخشاشلا مەخسۇس ئارىئاز-
لاردىن بولمىغان ھىندىلارنى ئىپادىلەش ئۈ-
چۈن بولماستىن، بەلكى نەرسىلەر سۈرىتىنى
پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك. ۋەھا-
لەنكى، ھازىرقى رەسىملەردە سىزىلغان بىر
مۇنچە ئالىيجانابلارنىڭ يۈزلىرى كۈلرەڭ
كۆرۈنىسىمۇ (111/5a)، ئەمما بۇ ئەسلىدىكى
ئاق رەڭنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەنلىكىدىن كېلىپ
چىققان بولۇشى مۇمكىن.

بەزى چاغلاردا خەنزۇلار رايونىدىكى
رەسساملارنى قەستەن دوراپ، بەدىئىي سى-
زىقلارغا ئەھمىيەت بەرگەندەكمۇ تۇرىدۇ؛
شۇنداق بولغاچقا، پەقەت بىرلا سۈرەتتە خەن-
زۇلار رايونىدا ياخشى كۆرۈپ ئىشلىتىلىدى-
غان قىزىل رەڭ ئىشلىتىلگەن (جىنىنىڭ
ئانىسى ۋە ئۇنىڭ ئېرى: ch8)، بۇنداق قى-
لىشتىكى مەقسەت قارا رەڭ ھەم كۈلرەڭ
سىزىقلارنىڭ كىشىلەرگە بېغىشلايدىغان رەڭ
تەسىراتىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئوخشاي-
دۇ.

## پېرسوناژلارنىڭ تەقى - تۇرقى

خەنزۇلار رايونىدىكى رەسىملەردە تۆ-
ۋەن تەبىقىدىكى ياكى ئادەتتىكى كىشىلەر
قىسقا بويۇنلۇق قىلىپ سىزىلىدىكەن. —
(Smith—weng. P 182) گوياكى بۇ كىشى-
لەردىن سەتچىلىك ھېس قىلىپ، چېنىپ
كەتمەكچى بولغاندەك. ھەتتا قۇبىلاي خاننىڭ
ئات مىنىپ تۇرغان رەسىمىمۇ شۇنداق سى-
زىلغان (Smith — Weng. p. Kubilay
196). قەدىمكى ئۇيغۇر رەسساملىرى بۇن-

www.uyghurkitap.com



داق ئۇسۇلنى قوللانمىغان. بۇلار پېرسوناژلار مەيلى يۇقىرى مەرتىۋىلىك ياكى تۆۋەن مەرتىۋىلىك بولسۇن، ئۇنىڭدىن قەتئىينەزەر ھەممىسىنى كۆركەم، قەددى - قامەتلىك قىلىپ سىزغان، بوي - تۇرقىنى كۆپىنچىسىنىڭكىنى ئىنچىكىرەك سىزغان، (11117) ھەتتا قېرىلارنىڭكىنىمۇ مۇشۇنداق سىزغان. ئەمدى، تۆت ئاناسىر پادىشاھلىرى (ئوت، سۇ، تۇپراق، قوياش) دىن بىرىنى ھەممىدە بەزى قۇدرەتلىك پېرسوناژلارنى پاكار، دىغماق قىلىپ سىزغان، بۇنداق قىلىپ سىزىش ئېھتىمال خەنزۇلار رايونىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن بولسا كېرەك ۋە ھەتتا خەنزۇلار ئېلىپ كېلىپ تارقاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن (سۇڭ تەيزۇ: Smith — Weng. $P_{158}$)؛ چۈنكى، خەنزۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ئادىتى بويىچە، ئادەمنىڭ قورساق قىسمى كۈچ - قۇۋۋەت ھەم غەيرەت- جاسارىتىنىڭ مەنبىئى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۇچا سەنئىتىنىڭ ۋاقتى تېخىمۇ ئۇزۇنراق. شۇنداق بولسىمۇ، قوچو قەدىمكى ئۇيغۇر سەنئىتىگە ئوخشاش ئۇنداق راۋاج تاپقان ئەمەس. ئۇلار تېخى بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىغا ئوخشاش ھەم دۇنخۇاڭ رەسساملىرىغا ئوخشاش، پېرسوناژلارنى ئۇنداق ھېسسىياتلىق، جانلىق سىزىپ كېتەلمىگەن ئىدى. كېيىنكىلەر بەزى ياش راھىپلارنىڭ بۇدساتۋاغا كۈجە كۆيدۈرۈۋاتقان كۆرۈنۈشىنى ئىنتايىن تەسىرلىك، گوياكى راستلا شۇنداق بولۇۋاتقاندەك جانلاندۇرۇپ سىزغان.

سەپەرگە چىققان كىشىلەر ئادەتتە پۇتىغا گوجەي ئورىۋالىدىكەن (Kults tätten 272- رەسىم)، بوتساتۋا، ماھاساتۋا، (قاراشەھەر شورچۇقتا) ئاق سۆڭەكلەر باش كىيىمىگە لېنتا بېكىتىپ، بوينىغا ئىگەك ئاستىغا چىگىۋالىدىكەن. لېكىن بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىن بۇيانقى خەنزۇلار رايونىدىكى رەسىملەردىنمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ (Smith Weng 192)، بۇ يەردىكى مەسىلە شۇكى، خەنزۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇسۇلىنى قوللانغانمۇ ياكى قەدىمكى ئۇيغۇرلار خەنزۇلار رايونىنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغانمۇ؟

كىشىلەر ئورۇندۇقتا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ پاچىقىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. ۋەھالەنكى، راھىپلار خۇددى ساكيامۇنىغا ئوخشاش، پۇتىنى ئالدىغا چىقىرىپ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدىكەن. ئەگەر ئېغىز چالغۇ ئەسۋابىنى چېلىۋاتقان بىرسىنىڭ مۇزىكانتىنىڭ پۇتى ئالدىغا سوزۇلۇپ قالغان بولسا (قۇمتۇرا: V122)، بۇ ھال ئۇنىڭ ياقا يۇرتلۇق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىكەن. ئەگەردە ئالماشتۇرۇلغان پۇتلار تىكرەك ھالەتتە تۇرغان بولسا خالت (ch 8: Halit)، بۇنى ئىرانىنىڭ تەسىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. ئەگەر ئىككى پۇتى ياكى بىر پۇتى يەرگە يېپىشىپ تۇرغان بولسا، بۇنى مائىترى بۇتىنىڭ سۈرىتىنى ۋە ئۇنىڭ مۇھىت سۈرىتىنى سىزىش ئۇسۇلى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ ئەھۋال ئەينى ۋاقىتتا قەدىمكى ئىرانىنىڭ مەلۇم تەسىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار بامىيان (Bamiyan)، كۇچا ۋە ئاۋۋالقى مەزگىللەردىكى دۇنخۇاڭ تام رەسىملىرىدىكى بۇددا ۋە بۇدساتۋالار ئۈچۈن سىزىشقا ھەممە قىزىققان «قەندىھار ئورۇندۇقى» سىزىش ئۇسۇلىنى قوللانمىغان. بىر پۇتى يەرگە چاپلىشىپ ئېگىلىپ تۇرۇش، يەنە بىر پۇتى تىك ئېگىلىپ تۇرۇش كۆرۈنۈشى قەدىمكى تۇرپان ھەم يۇڭگاڭدىن (بۇدساتۋا: $IV_{91}$) تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر پەرزەنت - شاگىرتلارنىڭ تەقى - تۇرقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ بۇنداق تەقى - تۇرۇق ئۇستازلارغا، چوڭلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن تىك تۇرۇشقا ھەر قاچان - ھەر زامان تەييار تۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر رەسىملىرىدە بىر نەپەر كاتىرىيانىڭ سۈرىتى (ch19, 24; 25; 37;)، بەزى سودىگەرلەرنىڭ سۈرىتى (ch 22) ھەتتا بىر ساكيامۇنىنىڭ يان سۈرىتى ھەم ئەنە شۇنداق تەقى- تۇرق بويىچە سىزىلغان.

ئاقسۆڭەك ئەرلەر تاسما بەلباغ باغلاپ

ئۇنىڭغا قورال - جابدۇق ئېسىۋالىدىكەن (11115)، چەۋەندازلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل بەلباغ باغلايدىكەن (11120)، بىر بەلباغ بىلەن ساۋۇتىنى چىڭ باغلايدىكەن، يەنە بىر بەلباغقا ئوقيا، ئوقدان، قىلىچ ۋە شەمشەرلىرىنى ئېسىۋالىدىكەن.

بالىلار كىيىم - كېچەكلىرى خەنزۇلار رايونىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن، چاچ قويۇشلىرىمۇ خەنزۇلار رايونىدىكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۈچ تال ئۆرۈم چاچ قويۇلۇپ، قالغان يېرى چۈشۈرۈۋېتىلىدىكەن.

## پېرسوناژلار سىياقى

قەدىمكى ئۇيغۇرلار پېرسوناژلارنىڭ تەقى - تۇرقىنى سىزىشتا، ئەنە شۇنداق ئۇستىلىق قوللانغىنىغا ئوخشاش، پېرسوناژلارنىڭ سىياقىنىمۇ ناھايىتى ئەركىن - ئازادە، ئېنىق - روشەن، ئىلھامبەخش قىلىپ سىزغان؛ كۇچا رەسىملىرىگە ئوخشاش ئۇنداق چەكلەندۈرۈپ، قورۇندۇرۇپ قويغان ئەمەس. تۇخرى سۈرەتلىرىدە ساكيامۇنىنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدىكى بىر قانچە پېرسوناژلار (kultstätten 340— رەسىم) قول ئىزى چىقىرىۋاتقان، ئۆز ئارا سۆزلىشىۋاتقان ھەمدە ساكيامۇنىمۇ ۋەز ئېيتىۋاتقان قىلىپ سىزىلغان. باشقىچە پىكىردە بولغۇچى بىراھمانلار (brahmana) قول ھەم بىلەكلىرى ئارقىلىق ھەر خىل، ھەر ياڭزا تەسىرلىك سىياقتا تۇرغان، گوياكى ساكيامۇنى سىلەر نېمە سورىماقچى بولۇپ تۇرىسىلەر، دېگەن ھامان سايراپ - چاۋۇلداپ كېتىدىغاندەك قىلىپ سىزىلغان. بۇ ئەھۋال كۇچا سۈرەتلىرىنى بىر خىل خاتىرجەمسىزلىك كەيپىياتقا كىرگۈزۈپ قويغان. ۋەھالەنكى، قەدىمكى ئۇيغۇر سۈرەتلىرى بۇنداق ئەمەس؛ بۇلارنىڭ سۈرەتلىرىدە ساكيامۇنى بىلەن ۋەز ئاڭلىغۇچىلارلا قول ئىزى چىقىرىۋاتقان قىلىپ سىزىلغان؛ بۇ قول ئىشارىلىرىنى كۆرگۈچىلەر ناھايىتى ئاسانلا چۈشىنىپ ئالالايدۇ (ch22)، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر كىشى سۆزلەش نۆۋىتى شۇنىڭغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىۋاتقاندەك ھۆرمەت سىياقىدىكى قوش قول ئىزى چىقىرىۋاتقان قىلىپ سىزىلغان. بەزى ھەيكەللەرنى سىزىشتىكى غەرەز «ئاسراش - بېقىش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدىن ئېلىنغان «تاپىنغۇچى» ئوخشايدۇ (V22)، كۈجە كۆيدۈرۈپ ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ ئىككى قولىغا سۈرەتنى كۆتەرتكۈزۈپ قويغان (يۇنگاڭ: V75 يىجۇرۇ؛ & ئىدىقۇت شەھىرى VXa11) ئادەتتىكى راھىپلار قولىنى مۇقەددەس كىشىنىڭ ئورنىغا سۈرتىۋالىدىكەن. ئاددىي پۇقرالار بولسا، قولىنى ناھايىتى ئۇزۇن يەڭنىڭ ئىچىدىن چىقارماي تۇرۇپ سۈرتىۋالىدىكەن؛ بۇلار قولىنى ھەيكەلگە بىۋاسىتە تەگكۈزۈشكە بولمايدىكەن.

دۇنخۇاڭ ھەمدە تۇرپاندىكى خەنزۇ رەسىملىرىدە بەزى پېرسوناژلار ئالاھىدە جىددىي كەيپىياتتا بولغاندا قوللىرىنى ھەتتا پۇتلىرىنى كېرىپ تۇرىدىكەن ( :511V قۇمتۇرا)، قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇنداق ئەنسىزچىلىك ئۇسلۇبىنى قوللانمىغان.

## يۈز - چىراي قىسمى

قەدىمكى ئۇيغۇرلار سەنئىتىدە، ئالدى بىلەن، پېرسوناژلارنىڭ يۈز - چىراي قىسمى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار يۈز - چىراي قىسمىنى ئالاھىدە بىر خىل بەدىئىي ھەم پىسخىك ئۇسۇل بىلەن گەۋدىلەندۈرگەن. كۇچا رەسساملىرى پېرسوناژلارنىڭ يۈز - چىراي قىسمىنى كىشىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپ سىزالايدىغان بولۇشقا تېخى ئۈلگۈرەلمەي قالغان. شۇنداق بولغاچقا، سۈرەتتىكى پېرسوناژلىرى گوياكى ياغاچ قونچاقتەك تۇرىدۇ. ھالبۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر قىستۇرما سۈرەتلىرىمۇ ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئىدى. ئەمما تام سۈرەتلىرى ئۇنداق ئەمەس. كۇچا سۈرەتلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ يۈز - چىراي قىسمىنى سىزغاندا كۆز قارچۇقىنى ھەمدە يۈز - كۆزىنىمۇ يۇقىرىغا قارىتىپ سىزىپ قويىدىكەن

www.uyghurkitap.com



(Bussagli, 72)، بۇنداق بولغاندا، يۈز -
چىرايىنى جانلىق، ھېسسىياتلىق قىلىپ سى-
زىپ چىقىش ناھايىتى قىيىن بولىدۇ. ئەل-
ۋەتتە، قەدىمكى ئۇيغۇر رەسساملىرى بولسا
پىرسوناژلارنىڭ يۈز - چىرايىنى سالاپەت-
لىك، خۇشخۇي، تەقۋادار، ھېسسىياتچان
قىلىپ سىزىش ئۇسۇلىنى ياراتقان. بۇنىڭ-
دىن باشقا، يەنە ساكيامۇنىنى سۈرەتلەش ئۇ-
سۇلىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ:
بېزەكلىكتىكى بىر - بىرىگە ئوخشاپ كې-
تىدىغان پىراندى (ھەق يولى -praṇidhi)
كۆرۈنۈشىنىڭ 13دە ساكيامۇنىنىڭ ياخشى
نىيەتلىك سۆزلىگۈچىگە قارىتا تۇتقان مېھ-
رى- شەپقەتلىك مۇئامىلىسى بىر - بىرىدىن
پەرقلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپ سۈرەت-
لەنگەن. ئەتراپىدىكى راھىبلارمۇ ھەرقايسى-
سى ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن
سۈرەتلەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلاردىن
بىرىنىڭ خۇددى ئەسەردە ئېيتىپ ئۆتۈلگەن-
دەك سۇئال سورىماقچى بولىۋاتقانلىقىنى بىر
قاراپلا بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىمۇ بار.

مەزكۇر رەسساملار روشەن، ئېنىق،
مول ھېسسىياتلىق روھى قىياپەتنى سۈرەت-
لەپ بېرىش ئۈچۈن، ئالايلۇق، كۆزنى سۇ-
رەتلەشتە بىر، ئىككىلا ئەگرى سىزىق ھەم
بىر چېكىت قاتارلىق بىر نەچچە ئاددىي -
ساددا قەلەم سىزىش ئۇسۇلىنى قوللانغان.
(ch 39 a) بەزى يۇقىرى سۇپەتلىك رەسىم-
لەردە كۆرگەنلا پىرسوناژنىڭ ھەر بىرىگە
ئىندىۋىدۇ ئارلاشتۇرۇلغان يۈز، چىراي
سۈرەتلەپ يۈرمىگەن، ئەمەلىيەتتە بۇ كىشى-
لەر ئەرزىمەسلا پىرسوناژلاردۇر.

بىز بۇ يەردە يەنە بىر ئايال ئىلاھنىڭ
مۇكەممەل، نازاكەتلىك، جانلىق، تېتىك
يۈز - چىرايىنى ($V_{23}$) ھەمدە قايغۇلۇق،
شەپقەتلىك قىياپەتتە ساكيامۇنى ئەتراپىدا تۇ-
رۇپ نىرۋانا (nirvana) قىلىۋاتقان كىشى-
لەرنىڭ ئەنە شۇنداق تامامەن باشقىچە يۈز،
چىرايىنى (Qum—tura v 1130 قۇمتۇرا)
ئېغىزغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ، دەپ ھېسابلاي-
مىز. ئۇيىنى تاشلاپ سىرتقا چىقىپ

كەتكەن سىدداﺋارتانىڭ (Sidhartha) يۈز
- چىرايىدىكى ھېسسىيات سۈرەتلەنگەن. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ چېچەن ئېتىمۇ سۈرەت-
لەنگەن (V 1132 a)، سۈرەت بولۇپمۇ مول
ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە. بۇ سۈرەت قەدىم-
كى ئۇيغۇر رەسىمچىلىكىدە ئېھتىمال تى-
پىك، غايىۋى سۈرەت دەپ ھېسابلاشقا بولى-
دۇ. تېخىمۇ قىزىق يېرى شۇكى، بىر نەپەر
ياش ياكسا (ئىبلىس) بۇددا ئالدىدا ئۆزىنى
يوقاتقان ھالدا بىئارام قىياپەتتە تۇرغان
قىلىپ سۈرەتلەنگەن(Bussagli) .

يۇقىرىقىلارنىڭ بارلىقى شۇنى چۈشەن-
دۈرىدۇكى، ھەر خىل، ھەر ياڭزا مەسىلە
ئىچىگە غەرق بولۇپ قالغان ھەمدە ھەر
خىل، ھەر ياڭزا ئىدىيىۋى ھېسسىياتتىكى
كىشىلەرگە قەدىمكى ئۇيغۇرلار ناھايىتى دىق-
قەت قىلىدىكەن.

غەربلىكلەر، ئالايلۇق، ياقا يۇرتلۇق
سودىگەرلەر خۇددى ھومېر سۈرەتلەشكە ئام-
راق بولغان ئەنە شۇنداق «كالىنىڭ كۆزى-
دەك يوغان كۆزلۈك» قىلىپ سۈرەتلىنىدۇ.
بىراق قەدىمكى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى يۈز،
چىرايى بەئەينى ئايدەك (11118)، بۇرنى
ئىلمەكرەك، كۆزلىرى ئۇرۇك مېغىزىدەك
قىلىپ سۈرەتلەنگەن، خۇددى ئادەتتىكى
موڭغۇللارغا ئوخشاپ كېتىدۇ (ئۇسسۇل
ئۇستىلىرىنىڭ يۈز - چىرايى پۈتۈن زېھنى-
دىققىتى ئۇسسۇلغىلا مەركەزلەشكەندەك نا-
زاكەتلىك، زېرەك قىلىپ سۈرەتلەنگەن
(VI 22 قۇمتۇرا)، بەزى ئاياللارنىڭ قېشى
بۇرنىنىڭ ئۈستىدىن ساڭگىلاپ چۈشكەن قى-
لىپ سۈرەتلەنگەن. شۇنداق بولسىمۇ بۇ رە-
سىمچىلىكتىكى بىر خىل ئۇسلۇب ئەمەس.
پەقەتلا ئېقىپ يۈرگەن بىرخىل مودا، خالاس
. (chlld)

خۇددى نۇرغۇنلىغان ئەللەردىكى دىنىي
ئېتىقادىتىكىگە ئوخشاش، ساخاۋەتچى ئۆزى-
نىڭ ياخشىلىق، خەيرىخالىق ھەرىكىتى ئار-
قىلىق ساۋاپلىق توپلاشنى ئۈمىد قىلىدى-
كەن؛ ئۆزىنىڭ ياكى تۇغقانلىرىنىڭ سۈرى-
تىنى كۈجە كۆيدۈرۈپ تاۋاپ قىلىۋاتقان

ھەيكەللەر ئارىسىغا ئاشۇرۇپ قويىدىكەن.
رەسسام ساخاۋەت قىلغۇچىنىڭ ھېس، كەيـ-
پىياتىنى ھەمدە تەقى - تۇرقىنى سۇرەتلەپ
چىقىشى، شۇ ئاساستا ساۋاپلىققا ئېرىشىش
مەقسىتىدە بۇددىزم يولىدا ياخشى، ساۋاپلىق
ئىش قىلغان باشقا كىشىلەردىن پەرقلەندۇ-
رۇپ سۇرەتلــەپ چىقىشــى زۆرۈر ئىكــەن
(Ⅲ 17, $V_{12}$) ئا. ۋون. لېكوك بۇ رەسساملا-
رنىڭ پىرسوناژ ئوبرازىنى سۇرەتلەپ بېرىش
جەھەتتە كۆرسەتكەن مۇشۇنداق بەدىئى سەۋى-
يىسى ئۈستىدە توختالغان ئىدى (111. P.
47). بۇ خىل بەدىئى سەۋىيە بىر مۇنچە
ساخاۋەتچىنىڭ ئوبرازىنى سۇرەتلەپ بېرىشتە
گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر رەسساملىرى تۇخرىلا-
رغا ھەم خەنزۇلارغا ئوخشاشلا، قېرىلارنى،
ياقا يۇرتلۇقلارنى ياشلاردىن ھەمدە موڭغۇللا-
ردىن سىستېمىلىق ھالدا پەرقلەندۇرۇپ سۇ-
رەتلىگەن. تۇخرىلار قېرىلار بىلەن ياقا يۇرت-
لۇقلارنى تامامەن بىر غەلىتە مەخلۇق قىلىپ
سۇرەتلىگەن. خەنزۇ رەسساملىرى بولسا ئۇ-
لارنى «سەت كۆرۈمسىز» دەپ يىرگىنگەن-
دەك سۇرەتلىگەن. ھالبۇكى، قەدىمكى ئۇيـ-
غۇرلار بولسا بۇ ئىككى خىلدىكى پىرسوناژ-
نىڭ تۇپ پەرقىنى تېپىپ گەۋدىلەندۇرگەن؛
شۇنداق بولغاچقا، سۇرەتلەردىكى ھەر خىل
كۆرۈنۈشلەردىن بەزىدە كۇلكىلىك كۆرۈنۈش-
لەر كۆزگە چېلىقىدۇ، ئەمما بۇلار يامان
نىيەتلىك بىلەن سىزىلغان ھەجۋى سۇرەتلەر
ياكى پىرسوناژلار ئەمەس.

## ساقال - بۇرۇتلار

ئادەتتىكى كىشىلەر ساكيامۇنىنى ئەر
جىنىسلىق دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنداق بول-
غاچقا، ئۇنىڭ سۇرەتلىرىدە بەزىدە ساقال -
بۇرۇتمۇ بولىدۇ، لېكىن كۆپچىلىك ئەھۋال
ئاستىدا پوستۇم - تاقىر قىلىپ سۇرەتلىنىد-
دۇ. ئۆتمۈشتىكى راھىپلار ھەمدە رەسساملا-
رنىڭ شەخسەن ئۆزلىرىمۇ شۇنداق ئىدى.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت بىر جۈپ راھىپلا
ئۆزۈن كاسايا كىيگەن ئەركىشى (Ⅲ 196)،
تەقى - تۇرقىدىن قارىغاندا، شۇ يەرلىك ئە-
مەستەك قىلىدۇ، ساقال - بۇرۇتلۇق قىلىپ
سۇرەتلەنگەن. ئۇلارنى ياقا يۇرتتىن كەلگەن
بۇددىزم راھىپلىرى، دەپ ھېسابلاشقا بولىد-
دۇ.

## يالىڭاچ بەدەن

ناھايىتى ئېنىقكى، ئۆز زامانىسىدا كى-
شىلەر پىرسوناژنىڭ يۈز - چىراي قىسمى
بىلەن قول قىسمىدىن باشقا بەدەنلىرىنىمۇ
يالىڭاچ قىلىپ سۇرەتلەشنى جاپاكەش ئەم-
گەكچىلەرنىڭ سىمۋولى، دەپ ھېسابلايدى-
كەن. ئاياللار ئىزا - نومۇسنىڭ كۈچلۈكلى-
كىدىن ھەتتا ئىككى پۇتىنىمۇ يېپىۋالىدىغان
دەرىجىگە يەتكەن. رەسساملار باللارنى، ئو-
غۇل باللارنى يالىڭاچ قىلىپ سۇرەتلەشتىن
ئۆزىنى قاچۇرغان ئەمەس. كىشىلەر خالى
جايدا يالىڭاچ بەدەن بولۇپ، كىشىلەرگە كۆ-
رۈنۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈشنى ئەڭ
قاتتىق تۇۋا - پەندىيات قىلغانلىقنىڭ ئۇسۇلى
دەپ ھېسابلايدىغاندەك تۇرىدۇ. كىشتىگاربھا
- يەر ئاستىدىكى ھەم ئون چوڭ قازى توغرى-
سىدىكى بىر تارماقتىكى قىستۇرما سۇرەت-
لەردە يۈز- چىراي ناھايىتى كېلىشكەن،
چاچلىرى ناھايىتى چىرايلىق تارالغان كىشى-
لەرنىڭ ئۆزىنىڭ يالىڭاچ تۇرغان بەدىنىنى
باشقىلارنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇپ، كۈچىنىڭ
بارىچە ئېگىلىپ - پۈكلۈنۈپ كېتىۋاتقانلىقى
سۇرەتلــەنگــەن (Ⅲ 6332) ماھاساتۋا -
Maha satva تېكىن ئاچ يولۋاسقا ئېتىلىپ
تۇرغانلىقى ۋە ھەتتا بىر قۇرۇق ئىسكىلىتمۇ
(قوچو شەھىرى: Bussagli, 108; 89)
قىپ يالىڭاچ ئەمەس، بەلكى قىسقا ئىشتان
كىيىپ ئالغان قىلىپ سۇرەتلەنگەن. ئوت
كەتكەن ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ كېتىۋات-
قان بىر پېرسوناژمۇ ئەنە شۇنداق سۇرەتلەن-
گەن (خەنزۇچە ئــويمــا نــوم - كىتــاب،
Ⅲ 7511). ئۇ يەنە شەرقىي رىم ئىمپېرىيى-
سىنىڭ جەڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان. بۇ
ئەھۋال ئۇنىڭ بۇ ئوت كەتكەن ئۆينىڭ ئىگى-
سى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com



## 1. ھەرقايسى تەبىقىدىكى پېرسوناژلار

### راھىبلار ۋە راھىبەلەر

راھىبلار ۋە راھىبەلەر دىنىي قائىدە بو-
يىچە ئىلگىرى ھىندى ئۇسۇلى بويىچە ئىچ
خالات، تاش خالات كىيىندۇرۇپ، ئۇنىڭ
ئۇستىگە يەنە ئۇست خالات كىيىندۇرۇپ سۇ-
رەتلىنەتتىكەن. بۇ كىيىملەر ناھايىتى كەڭ
بولۇپ، بەلگىلىك پوسۇنمۇ يوق ئىكەن.
بۇنداق كىيىنىش ھىندىستاندىكىدەك ئاشۇن-
داق ئىسسىق كىلىماتقا ماس بولۇپ، شىمال
تەرەپتىكىدەك بۇنداق سوغۇق كىلىماتقا ماس
كەلمەيدىكەن. تۇرپان سۇرەتلىرى (قوچو:
t221) شۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكى، بۇ
يەردىكى ئۇست خالات دۇنخۇاڭدىكى ئۇست
خالاتقا ئوخشاشلا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق
ئۇزۇن يەڭلىك خالات ئىكەن. راھىبلار ھەت-
تا ئىشتان كىيىۋالغان ئىكەن. دۇنخۇاڭدى-
كى بولسا ھەتتا كاسىيابا بۇددا مۇتىۋەللىسىمۇ
ئۇزۇن يەڭلىك خالات كىيىشى كېرەك، دەپ
قارىلىدۇ. تۇرپان قۇملۇقىدىكى ھېلىقى
مەشھۇر ئارخاتمۇ خۇددى شۇنداق (Ⅶ33).
راھىبلار ۋە راھىبەلەر يۇمشاق چەملىك ئاياغ
كىيىم كىيىدىكەن (ch 16)، شۇ يەرلىك
كىشىلەر ئادەتتە كۆكرەك قىسمىنى ئوچۇق
قويمايدىكەن. ئىلاجە قىلىپ يېپىۋالىدىكەن،
دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان را-
ھىبلار ناھايىتى ھۆرمەتلىك بولۇش ئۈچۈن
«ئوڭ مۈرىسىنى ئوچۇق قويۇشى» كېرەك
ئىكەن. قوچودا بولسا، راھىبلار ئوڭ مۈرە
ئۇستىدىكى ئۇست كاسايانىلا چۈشۈرىۋەتسە
بولىدىكەن.

(ch 166) رەسىمدىكى راھىبلار ياقا
يۇرتلۇق راھىبلار بولۇپ، بۇنى ئۇلارنىڭ
چىراي-تەلەتىدىن ھەمدە سانسكرىتچە فامى-
لىسىدىن بىلىۋالغىلى بولىدىكەن. ئۇلار
كۆكرەك قىسمىنى ئوچۇق قويۇدىكەن. بۇ
سۇرەت ئەمەلىيەتتە (ch 36b) سۇرەتكە قارى-
تا ئىشلەنگەن نۇسخىسىدۇر. ئەمما بۇ كې-
يىنكى سۇرەتتە شۇ يەرلىك راھىبلار، كۆك-
رەك قىسمىنى يېپىۋالغان قىلىپ سۇرەتلەن-
گەن.

## 2. بىراھمانلار، دەرۋىشلەر

بىراھمانلار ھىندىلار ئارىسىدىكى ئەڭ
ئالىي تەبىقىدىكىلەرنىڭ فامىلىسى، ئەمما
بۇددا نوم، سۇترالىرىدا بولسا، بۇلار ساكيا-
مۇنىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى رەقىبلىرى بو-
لۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەقەللىسى، ئۇلار بۇد-
داھىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەيدىكەن، يەنە
كېلىپ ئېتىراز بىلدۇرگەن ھالدا كېتىپ
قالىدىكەن. مانا بۇ مۇشۇ خىل كىشىلەرنىڭ
سۇرەتلەردە نېمە ئۈچۈن سەلبىي پېرسوناژ بو-
لۇپ سۇرەتلىنىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى. ئۇلار-
نىڭ ئالامىتى شۇكى، بىراھمان مۇقەددەس
سىزىقى (ch 29) سول مۈرىسىدىن قىيپاش
ھالدا ساڭگىلاپ ساغرىسىغىچە چۈشىدىكەن؛
بۇ سۇرەتتە يەنە يولۋاس تېرىسى ۋە باشقا
كىيىملەرمۇ بار؛ چاچلىرى بېشىنىڭ ئۇس-
تىگە يۆگەپ يۇمۇلاق قىلىۋېلىنغان. بۇ «يا-
تا» (Jata) دەپ ئاتىلىدىكەن؛ ئۇلارنىڭ يۈز-
چىرايى موڭغۇللارغا ئوخشىمايدۇ، بەلكى يا-
قا يۇرتلۇقلارغا ئوخشايدۇ، روھىي قىياپىتى
غەلىتە. قېرىلار ۋە ياشلار ئۇزۇن پايپاق
كىيىۋالغان (كۇچا، 292 ـ رەسىم. 291-
رەسىم Kults tätten)، كۆرۈنۈشى ماھاسات-
ۋاتېكىنگە (شور ـ چوقىا، 447 ـ، 446-
رەسىم، يۇقىرىقىدەك) ۋە ھىندى دىنىدىكى
ئىلاھلارغا ئوخشاپ قالىدىكەن (بېزەكلىك
51 ـ رەسىم، يۇقىرىقىدەك)، بۇ ئۇزۇن
پايپاقلار يولۋاس تېرىسىدىن ئىشلەنگەن بو-
لۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى ھەم كېلىپ ـ چىقىش
مەنبەئى ئېنىق ئەمەس. ئۇلار ئادەتتىكى كى-
شىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيمەيدى-
كەن. بۇ ئەۋلىيالار ۋە دەرۋىشلەر بەدىنىگە
ھەر خىل، ھەر ياڭزا زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇم-
لىرىنى ھەمدە ئۈنچە ـ مارجان، مەرۋايىتلار-
نى ئېسىۋالىدىكەن. ئۇلارنىڭ ساقال ـ بۇ-
رۇتلىرى ھەرقانداق قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى-
سىنىڭكىدىن كۆپ بولىدىكەن. يۈز ـ چىرا-
يى ئانچە قامەتلىك، ئالىجاناب ئەمەس، روھىي
ھېسسىياتى سەل يىرگىنىشلىك، ھاكاۋۇر
كېلىدىكەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلار دىنغا ئېتى-
قاد قىلمايدىغان ۋە ھەمدە ئاسماننىڭ ئېگىز،

يەرنىڭ قېلىنلىقىنى بىلمەيدىغان مۇشۇنداق كىشىلەر توغرىسىدىكى ئۈچ ئۆلۈش تەھلىل قىلىش روھى بويىچە ياراتقان بىر خىل ئوبراز، بۇ خىل ئوبراز ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ سىماسى.

### 3. ئىبلىسلار ۋە دوزاقتىكى كىشىلەر

ئىبلىسلار ئالتە خىل ياكى بەش خىل مەۋجۇدىيەتنىڭ بىر خىلى (بۇددا دىنى ئالتە خىل مەۋجۇدىيەتنىڭ بىر خىلى دەپ قارايدۇ. تەرجىمان) قەدىمكى ئۇيغۇر رەسساملىرىنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئۇلار يالىڭاچ بەدەن (ch 14b)، قورايدەك ئورۇق، رەزگى، تۈكلىرى ھۇرپەيگەن، ئالاقزادە قىياپەتتە قىلىپ سۈرەتلىنىدۇ. دوزاقتىكى كىشىلەرمۇ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش قىلىپ سۈرەتلىنىدۇ. ئۇلار ئىنتايىن كۆرۈمسىز، سەت، رەزىل ئەپتى - بەشىرىلىك، ناھايىتى ئاز كىيىملىك بىر خىل كىشىلەرنىڭ ئازابلىشى، قىينىشى ئاستىدا ئۆتىدۇ. ئادەم قىينايدىغان بۇ ئىبلىسلارنىڭمۇ مۇشۇ دۇنيادىكى ئىبلىسلارنىڭكىگە ئوخشاشلا ئاتىمان، باشلىقلىرى بولىدىكەن (Ⅲ 6332; 4690) ئۇلارنىڭ ئالامىتى بىر پارچە قىزىل لاتا بولۇپ، ئۇنى ئېڭىكىنىڭ ئاستىدىن باغلىۋالىدىكەن. بۇ، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ يالدامىسىمىش. مۇشۇنداق ياسىنىش پالۋان - ۋەزىرلەردىمۇ ئۇچرايدىكەن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قەھرىمانلىقنىڭ ئالامىتى بولىدىكەن؛ بۇنداق ياسىنىش كاتىرىيانىنىڭ ئۇچىسىدىمۇ كۆرۈلىدىكەن (69 - جەدۋەل، Huang)، كۇچادا بولسا سىۋانىڭ ئۇچىسىدىمۇ ئۇچرايدىكەن (kafuku—kengo p 78). مەلۇم بولۇشىچە مۇشۇنداق ياسىنىش پومىرو (钵弥衍) دىمۇ كەڭ ئەۋج ئالغان. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ھەرقايسى جايلاردا خىرىستىئان دىنى ھەر قايسى ئەۋلىيالارنىڭ ئۇچىسىغا سىپلىندىغان بۇ ئەڭ ھەيۋەتلىك ئالامەت شۇنچە يىراق ئارىلىقتا تۇرغان ئوتتۇرا ئاسىياسىدىمۇ ئەنە شۇ قەدەر قەدىرلەشكە سازاۋەر بولغان.

### 4. ياكسالار

ياكسالار (پالۋان - ۋەزىرلەر شۇلارنىڭ بىر خىلى) ھايۋان ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىپ سۈرەتلىنىدىكەن: قۇلىقى ئۈچلۈق، كۆزى دومباق، ئىككى ئۇدۇل چىشى ھىڭگالىڭ، ئەپتى - بەشىرى رەزىل قىلىپ سۈرەتلىنىدىكەن. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، گىگانت پالۋانلار بۇددا بىلەن بىللە بىر ۋاقىتتا دۇنياغا كەلگەن، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا ياكسا، خالاس. شۇنداق بولغاچقا ئۇلار ساكيامۇنىدىن نېرى كېتەلمەيدۇ، ساكيامۇنىنى قەلبىدە ساقلاپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد باغلاپ، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىنى چىن دىلىدىن قەتئىي قوغداش ئۇلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ كۆتكەن مەقسەتلىرىگە يېتىشى ئۈچۈن ئانچە زور ئىمكانىيەت بولمايدىكەن. ياكسا كۇچا رەسىملىرىدە تەقۋادار، ھۆرمەتچان قىلىپ سۈرەتلەنگەن، قوچودا بولسا ئۇنداق سۈرەتلەنگەن ئەمەس. ياكسا بىر خىل مۇقەددەس ئەرۋاھنى قوغدىغۇچى بولۇپ، ئۈستى - بېشىغا دۇبۇلغا، ساۋۇت كىيگەن، قولىدا قورۇغۇچ كالتەك تۇتقان، پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچ - شىجائەتكە تولغان، تۈك - مويلىرى ھۇرپەيگەن، يۈز - چىراي ھېسسىياتسىز قىياپەتتە تۇرىدىكەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ساكيامۇنىغا چەكسىز سادىق بولغاچقا، ھاڭۋاقتان پېتى تۇرغىنى تۇرغان ئىكەن، مۇشۇنداق بىر خىل تىپ ھەجۋى رەسىملەرگە ئالاھىدە ئۇستا بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى جەمئىيەتتىكى جىددى، مۇقەددەس، كۈلكىلىك ھادىسىلەرنى جايىدا سۈرەتلەپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. تۇرپاندىكى قورۇغۇچ ئالماس كالتەكلىك گىگانت پالۋانلار كۇچادىكى ھەم خەنزۇلار رايونىدىكى گىگانت پالۋانلارغا قارىغاندا ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەن: ساكيامۇنىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇش سۈپىتىدە ئىنتايىن قاۋۇل قۇدرەتلىك بولۇپ تۇرىدىكەن، ئەمما يەنە ھېسسىياتسىز، چۈشكۈن بولۇپ، كۆتكەن مۇددىئاغا يەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل

www.uyghurkitap.com



ۋەزىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىكەن.

**5. ھەجۋى سۈرەت جەھەتتىكى ماھارەت**

يۇقىرىدا ھەجۋى سۈرەت ماھارىتى توغرىسىدا ئانچە - مۇنچە توختالدۇق. ھەجۋى سۈرەت ماھارىتى پىسخىك چۈشىنىش بىلەن چوڭقۇر كۆزىتىشنى ئاساس قىلىدۇ. 11 - ئەسىردە ئۆتكەن خەنزۇ رەسسامى لى گۇڭلىنىنىڭ 李公磷 بىر سۈرىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك مەسىلە چۈشىنىشلىك بولىدۇ (Smith—weng P 150—151). بۇ سۈرەتتە خەنزۇ سانغۇن گوزىيىنىڭ 765 - يىلى قەدىمكى ئۇيغۇر باش سەركەردىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلگەنلىكى سۈرەتلەنگەن. تاڭ تىنچىپىڭ ئۆڭلۈكىنىڭ ئالا - توپىلاڭ كۆتەرگەنلىكى سەۋەبلىك ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان، ئۇيغۇرلار ئەسكەر چىقىرىپ، بۇ توپىلاڭنى تىنجىتىشقا ياردەم قىلماقچى بولغان. بۇ ئەسەر شۇ ۋەقەدىن 300 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىشلەنگەن. بۇ چاغدا توپىلاڭ ئاللىقاچان تىنجىپ تۈگىگەن، رەسسام ئۈچۈن بولسىمۇ ۋە ئۇنىڭ زامانى ئۈچۈن بولسىمۇ، ھېچقانداق مۇناسىۋەتى يوق مەسىلە بولۇپ قالغان. سۈرەتتە جەڭ ئېتى ئىككى تەرىپىدىن قارىغاندا ناھايىتى غەلىتە قىلىپ سىزىلغان، خەنزۇ سانغۇن ناھايىتى ئاددى - ساددا كىيىنگەن، ئۇيغۇرلار بولسا ھەممىسى ئېسىل قوراللارنى ئېلىپ، ھەشەمەتلىك كىيىنىپ ياسىنىۋالغان. خەنزۇلارنىڭ يۈز- چىرايى يۇمران، يۇمشاق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يۈز - چىرايى ئاددى، سەت قىلىپ سۈرەتلەنگەن. خەنزۇ سانغۇنى مېھرىبان - شەپقەتلىك قىياپەتلىك قىلىپ، قۇدرەتلىك ئۇيغۇرلار تىزلىنىپ، پۈكلۈنۈپ، بىر نېمە تىلەپ يالۋۇرۇپ تۇرغان قىياپەتلىك قىلىپ سۈرەتلەنگەن. خەنزۇ سانغۇنىنىڭ قوللىرى سىپتا، نەپىسلىك قىلىپ، ئۇيغۇر سانغۇنىنىڭ قوللىرى يىرىك، قوپال قىلىپ سۈرەتلەنگەن. بۇ ھەرگىز چىنلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ ئەھۋال خەنزۇلارنىڭ ئۆزىنى - ئۆزى مەركەز قىلىپ كۆرسىتىش كۆز قارىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، خالاس. بۇ خىل كەيپىيات كىشىلەرنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر رەسساملىرى ياراتقان تالانتلىق ھەجۋى رەسىملەرگە ئوخشاش ئۇنداق ئېسىل ئەسەرلەرنى يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالىشى ناھايىتى تەس.

**6. بۇددا — ساكيامۇنى**

سۈرەتلەردىكى بۇددا — ساكيامۇنى بىر راھىپ سىياقىدا سۈرەتلەنگەن؛ چاچلىرىنى قەندىھار دەۋرىدىكىدەك ئۇنداق غۇژمەك، دۈگىلەك ئوراپ قويمايدىغان بولۇپ قالغان، بەلكى چېكىسىگە چاچ دوپپا قىلىنىۋالىدىغان بولغان. بەزىدە ئاۋۋالقى خەنزۇ سۈرەتچىلىك ئۇسۇلى بويىچە ئالدى تەرىپىگە يالتىراپ تۇرىدىغان گۆھەر بېكىتىۋالىدىغان بولغان؛ 8- ئەسىردە ۋۇداۋزى سىزغان سۈرەتلەردىمۇ خۇددى شۇنداق ئىكەن. قېشى ئوتتۇرىسىدىكى ئاق رەڭ بەزىدە باشقا سالاپەتلىك كىشىلەرنىڭكىگىمۇ بېرىلىدىكەن. سۈرەتلەردە ساكيامۇنىنىڭ بەدىنىدىكى 36 خىل ئالاھىدىلىك تولۇق كۆرسىتىلگەن ئەمەس. پەقەتلا يوغان قۇلىقى سالپىيىپ تۇرغان، بىلەكلىرى ئۇزۇن قىلىپ سۈرەتلەنگەن؛ بەزىدە بارماقلىرى ئارىسىدىكى بېلىق قاسىرقىسىمان تېرىسىمۇ سۈرەتتە كۆرسىتىلگەن (ch 18;22). چوققىسىدىكى چاچ ئادەتتە دوپپىسىمان بولىدىكەن، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە تىبەتلىكلەرنىڭكىگە ئوخشاش (Ⅲ 8728) ئۇچلۇقراق قىلىنىۋالىدىغان بولغان. يۈز - چىراي ھەم قوللىرىدىن باشقا يەرلىرىنى ئوچۇق كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن، ساكيامۇنىغا بەزىدە ھىندىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئاياغ كىيىم كىيگۈزۈپ قويىدىكەن (ch 17—29).

ساكيامۇنىنىڭ بەدىنىنى كىيىم ئىچىدىن كۆرۈنىدىغان قىلىپ سۈرەتلەشكە توغرا كەلسە، رەسساملار ياكى نەققاشلار ناھايىتى ئۇزاق زامان ئىلگىرى ئۆتكەن شاھى ئۇدا يانا (Udayana) نىڭ ئەمرىگە بىنائەن ناھايىتى سىرلىق ئۇسۇل بىلەن نەقىشلەنگەن تەنشياڭ ياغاچ بۇد ھەيكەللىرىنىڭ ئەسلى سۈرىتىنى

دوراپ، ئۇلگە قىلىپ ئىش كۆرىدىكەن.
بۇ يەردىكى سۇرەت ئىشلەش ئۇسۇلى
بۇددا سۇرەتچىلىك قائىدىسىگە خىلاپ
(19 — CH 17) ، خۇددى پومىرو (钵弥
衍) سۇرەتلىرىدىكىدەك، ئاتا بۇدداھقا قولدا
ئىشلەنگەن قاتار ھالقىلارنى ئېسىپ قويغان.
ئارخات سۇبۇتىمۇ خەنزۇ ئۇسلۇبىدىكى بىر
سۇرەتتە بىر قاتار ئۇنچە - مارجانلارنى ئې-
سىپ قويغان (1V 18) .

### 7. بۇدساتۋا — پۇسار، ئىلاھ، ھۆر-پەرى

بۇ خىلدىكى پېرسوناژلار كۆپىنچە ھىن-
دىلارنىڭ ئادىتى بويىچە سىزىلغان، كىيىم-
كېچەكلىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ، زىبۇ -
زىننەتلىرى ئىنتايىن كۆپ، پەقەت قۇمتۇرا-
دىكى بەزى ئىلاھ سۇرەتلىرىدىلا (12 Ⅲ)
ئۇنىڭغا يېڭى باش كىيىم كىيگۈزۈلگەن.
ھۆر - پەرىلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە ساغرىسى-
دىن باشلاپ كۆڭلەك كىيگۈزۈلگەن. كۆپ-
چىلىكىنىڭ باش تاجىسىدىن ساڭگىلاپ تۇ-
رىدىغان ياغلىقى بولىدىكەن. بۇنداق ياسى-
نىش ئىران پادىشاھىنىڭ ياسىنىشىدىن كەل-
گەن. پەقەت كىشتىگاربىھا بۇدساتۋا بىر را-
ھىب قىلىپ ياكى راھىبە قىلىپ سۇرەتلەن-
گەن. ئۇنىڭ بۇدساتۋا ئىكەنلىكىنى ئىزھار
قىلىش ئۇچۇن، ئۇنىڭغا بىر قۇر ئۇنچە ئې-
سىپ قويۇلىدىكەن. دۇنخۇاڭ سۇرەتلىرىدى-
كى كىشتىگاربىھا بۇدساتۋا (دىساڭ-پۇسار)
ئومۇمەن چېچى چۈشۈرۈۋېتىلگەن، باش كى-
يىم كىيىۋالغان بىر راھىب (بېزەكلىك،
117) . لېكىن قوچودىكى سۇرەتلەردە بول-
سا، كىشتىگاربىھا پۇسار كۆپىنچە ئايال جى-
نىسلىق قىلىپ سۇرەتلەنگەن. يۈز - كۆزلى-
رى ناھايىتى نازاكەتلىك قىلىپ كۆرسىتىل-
گەن. ئەر جىنىسلىق كىشتىگاربىھا پۇسار بى-
لەن ئايال جىنىسلىق دىساڭ پۇسارنىڭ ئىك-
كىلىسى چاچ ياپقۇچلۇق. بۇ ئەھۋال كىشىگە
يۇنگاڭ مىڭئۆيدىكى ئايال ساخاۋەتچىنى ئەس-
لىتىدۇ(112 Ⅲ X) ، ئۇلارنىڭ بېشىدىمۇ
داكا ياپقۇچ ئۇچرايدۇ. بۇ داكا ياپقۇچنىڭ
مەنبەئى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس.

سۇرەتلەردىكى كۆپچىلىك بۇدساتۋالار
ۋە ئىلاھلار ھەرقايسىسى ئۆزگىچە ئالاھىدى-
لىككە ئىگە. ئۇلار ئۆزىنىڭ سۇرەتلىنىشى
جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر - بىرى-
دىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

### 8. ئاسمان پەرىلىرى

ئەرشتە يۈرىدىغان بۇ پېرسوناژلار ئى-
لاھلارغا ئوخشاش سۇرەتلەنگەن. تۇرقى -
قىياپىتى ئىنتايىن نەپىسلىك، گۈزەل، لېن-
تىلىرى لەپىلدەپ ئۇچۇپ تۇرىدىغان قىلىپ
سۇرەتلەنگەن (قۇمتۇرا: VII 29 a) . ئايرىم
ئىزاھات.

### 9. يالتىراق ھالقا، ماندالار

جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيت-
قاندا، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر نۇقتا
شۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر پادىشاھلىرىدا، ئاق-
سۆڭەكلىرىدە كۇچا تۇخرى پادىشاھلىرىنىڭ-
كىدەك، ئاقسۆڭەكلىرىنىڭكىدەك ئۇنداق
يالتىراق ھالقىسى بولمايدىكەن (Vll 14؛
Bussagl — 80؛ 49) . ئىدىقۇتتا مۇقەددەس
كىشىلەرنىڭلا، ئالايلۇق، ساكيامۇنىنىڭ،
پۇسارنىڭ، ئالىجاناب راھىبنىڭ، ئىلاھ-
نىڭ، ھۆر - پەرىنىڭ، كاتىرىيانىڭ، بى-
راھمانىنىڭ، ئالماس قورۇغۇچ تۇتقان گىگا-
نىت پالۋانلارنىڭلا يالتىراق ھالقىسى بولىدى-
كەن. ساكيامۇنىنىڭ باشقىلاردىن پەرقلى-
نىپ تۇرۇشى ئۇچۇن يەنە ماندالار بولىدى-
كەن. بۇ نەرسىسىنىڭ شەكلى كۆپىنچە تۇ-
خۇمسىمان بولىدىكەن، كېيىنچىرەك تىبەت-
لىكلەرنىڭكىدەك (ch 11 a) دۈگىلەكلا قى-
لىپ سۇرەتلەيدىغان بولغان.

### 10. باشقا ئارتىلىدىغان داكا ياپقۇچ

باشقا ئارتىلىدىغان داكا ياپقۇچ ئىشلى-
تىش ئىران ئوردىلىرىدىكى ئادەتتىن ئۆگى-
نىۋالغان ئىش بولۇپ، ئۇ ياپقۇچ مۇرىسى-
دىن ئارتىلىپ چۈشۈپ تۇرىدۇ؛ بۇ ئالىي
دەرىجىلىك ئاقسۆڭەك ئىكەنلىكىنىڭ ئالامى-
تى (ch 2 c ; Ⅲ 17) ئىلاھلارغا، پۇسارلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

قىسقىلا داكا ياپقۇچ ئارتىپ قويۇلغان، ئۇلا-
رنىڭ باش بېزىكى شۇ. بېزەكلىكتىكى سۇ-
رەتلەردە ئۇچرايدىغان ساخاۋەتچىلەر ۋە سا-
ۋابلىق تىلىگۈچىلەر چاچلىرىنى ئەنە شۇنداق
ياپقۇچ بىلەن ماڭلىيىدىن تارتىپ مۇرىسىگە-
چە پۈتۈنلەي يېپىۋالغان
(Akiyama Matsubara——P197. Nr. 210;V22,
يۇقىرى ئوڭ تەرەپ) . ئىدىقۇت سۈرەتلىرى-
دىكى كىشىنگارىبھا پۇسارمۇ خۇددى شۇنداق
شەكىلدە ئىكەن
(6331; 7259; 7450; 6167; Ⅲ7260) . ئىدى-
قۇت كىشىلىرى داكا ياپقۇچنى ئالاھىدە ئا-
ياللارغىمۇ، مەسىلەن، ئىبلىس ئانىسىغىمۇ
ئىشلىتىشكە ئورۇنۇپ باققان ئوخشايدۇ
(خېلىدى، ch 406) ، هۆر- پەرىلەر قۇمتۇ-
را Ⅶ27) ، ئەمما ئىلاھلارغا ئىشلەتمىگەن.
(7191; 7240; Ⅲ7563)

### 11. شال - رومالىلار

شال - رومالىلار ئىران ئوردا ئادەتلىرى-
دىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن، شال- رو-
مالىلار ئانچە ئۇزۇن ئەمەس. دۇنخۇاڭدىكى
هەم تۇرپاندىكى سۈرەتلەردە ئوخشاش، شال-
رومالىلار باشقا سىلىنغاندىن تارتىپ ئاياغقا
بىراق ساڭگىلاپ چۈشىدىكەن؛ ئىلاھلار،
هۆر - پەرىلەر، پۇسارلار، ئاسمان پەرىزات-
لىرى، ئاي پەرىلەر قاتارلىقلارنىڭ ئۇچىسى-
دا بولسا پۈتۈن بەدىنىنى ئوراپ تۇرىدىكەن.
بۇنداق كۆرۈنۈش كاتىرىيانىڭ (ch 18) ،
ئۇنىڭ ئاياللىنىڭ (ch 211) ۋە ساكيامۇنى-
نىڭ قوغدىغۇچىسى بولغان قورۇغۇچ - ئال-
ماس كالتەكلىك گىگانت پالۋانلارنىڭ (ch
23) ئۇچىسىدىمۇ ئۇچرايدىكەن. خوتەننىڭ
دەندەن ئۆيلۈك (Dandan ——öyliq) دىگەن
يېرىدىمۇ بىر سۈرەتتە ئاتقا مىنىپ تۇرغان
بىر پۇسار هەم تۆگە مىنىپ تۇرغان بىر
كىشىگىمۇ (Stein Tracks 59; 69) شال
ئارتىپ قويۇلغان. يۇنگاڭدىكى بىر ئىلاھ-
نىڭ سۈرىتىدىمۇ شۇنداق ياسىنىش بار ئى-
كەن (Ⅳ 96) . شال - رومالىلارنى ئارتىپ
قويۇش ئادەتتىي هالدىكىلا بىر خىل ياسىنىش
بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ روهىي جە-
هەتتىكى جىددىي هېسسىياتىنى ئىپادىلەش
ئۈچۈن بولسا كېرەك. ئالايلۇق، 8 - ئە-
سىرلەردە ۋۇداۋزى ئامراق بولغان سۈرەتلەر-
دىكىگە ئوخشاش.

### 12. مۇرىدىكى مەشئەل

مۇرىگە مەشئەل قويۇپ سۈرەتلەش
«ئاسمان - زېمىندىكى خان - پادىشاهلارنىڭ
هەيۋەتلىك، قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ سىم-
ۋولى» ، ئىكەن. بۇنى سانسكرىتچە
(《Work Flame of spiritual》)
«خاسىيەتلىك يالقۇن» دەپ ئاتايدۇ. خەن
سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭگو سۈرەتلىرىدە
«مۇرىدىكى مەشئەل» سىزىلغان ئىكەن
(Finsterbsch 173) ، كېيىن كۇچادىكى سۈ-
رەتلەردىمۇ قوللىنىلغان (Bussagli P88) ،
لېكىن بېشبالىقتىن دۇنخۇاڭغا تارقىلىپ
بارغاندىن كېيىن، تۇرپاندا يەنە ئۇچرىمايدى-
غان بولۇپ قالغان.

### 13. ئۇگە - ئۇگىلەرنىڭ بەلگىسى

شىمالدىكى شىشۈيىيالارنىڭ مودا ياساش
سەنئىتىدە، يىرتقۇچلارنىڭ ئۇگىلىرىنى
دۇگىلەك سىزىق بىلەن سۈرەتلەيدىكەن. تۇر-
پان رەسىملىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ جەي-
نەك، تىز قاتارلىق ئۇگىلىرىمۇ ئۇششاق
چەمبەرچىلەر بىلەن سۈرەتلەنگەن. بۇنىڭ
ئۇنىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقى ئېنىق
ئەمەس. ئۇ سۈرەتلەرنىڭ ئىچىدە بىر ئوغۇل
بالىنىڭ (Ⅳ16) ، بىر ئىلاهنىڭ (Bussagli
99) ، بىر براهماننىڭ (ch 29) ، ئۇنىڭ
ئىنىسىنىڭ (ch 17) ، بىر كاتىرىيانىڭ ئايا-
لىنىڭ (ch 18) ، بىر ئىبلىسنىڭ (Huang
70) هەتتا يەنە بىر ساكيامۇنىنىڭ (23; 21;
19; 18; ch 11a) سۈرىتى بار. قارا شەهەر
شورچوقىدا ( Bussagli. P 92 ff )
راهىبلارنىڭ سۈرىتى ۋە خالى - يوشۇرۇن
جايدا يۇرىدىغان پېرسوناژلارنىڭ سۈرىتىدىمۇ
شۇنداق بەلگە بار.

**14. قاينام**

سۈرەتتە تەسۋىرلەنگىنى قايناممۇ ياكى شەكلى سەل ئۆزگەرگەن ئەركەك - چىشىلىق ئالامەتمۇ، بۇلارنى بەزىدە توغرا پەرقلەندۈرۈپ ئېلىش ناھايىتى قىيىن. بۇنداق ئالامەت ياغاچ تام ئۈستىدىكى بىر گۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدا (V 21) ھەممىدە بىر پاكار، سېمىز كىشىنىڭ قورساق قىسمىدا (ch 8) ۋە يەنە ئوقداندا (ch 48) كۆرۈلىدۇ.

**15. ئۈنچە - مارجان تىزمىسى**

كىيىم - كېچەكلەردىن سۇغدى مەدەنىيىتىدىن ئېلىنغان بىر خىل سۈرەت ئۈلگىسى تېپىلغان؛ بۇ بىر تىزىق ئۈنچە - مارجان بولۇپ، بۇ بىر تىزىق ئۈنچە - مارجان بىر ياۋا چوشقىنى ياكى بىر يىرتقۇچ ھايۋاننى ۋە ياكى بىر غازنى ئايلاندۇرۇپ تىزىپ قويۇلغان؛ ھەتتا بىر ئۇۋچى قەھرىماننىڭ كىچىككىنە بىر كۆرۈنۈشىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مۇشۇنداق رەسىم ئۈلگىسى تۇرپاندىكى بىر ئۆينىڭ تۈرۈسىدىمۇ ئۇچرىدى؛ ئۇنىڭ توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ ئېلىپ كېلىنىشى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىنگەن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ سۈرەت ئۈلگىسى قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا جەزمەن مەلۇم مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۈنچە - مارجان تىزمىسى تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر قىسمىدىكى ئۈنچە - مارجاننىڭ سانى ئوخشاش ئەمەسكەن. ئالايلۇق، 5، 6.5 ۋە $6\frac{1}{2}$ تىزىقتىن ئىبارەت ئىكەن. شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ئۈنچە - مارجاننىڭ سانى مەلۇم سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە ئوخشايدۇ (كۇچادىن تېپىلغان بىر مۇقەددەس سۆڭەك سۈرەت: (Bussagli, P. 86)

**16. جەينىماز گىلەم**

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەممىدە ھازىرمۇ مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا بىر پارچە جەينىماز گىلەم سېلىۋالغانغا ئوخشاش، قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددىستلىرى (ch 16) ۋە خەنزۇ بۇددىستلار (Smith—Weng P. 144—145) ئۆز يېنىدا جەينىماز گىلەم تەييارلايدىكەن. يالغۇز كىشى ئىشلىتىدىغىنى چاسا شەكىللىك، كۆپ كىشى ئىشلىتىدىغىنى ئۇزۇن تۆت بۇرجەكلىك شەكىلدە بولىدىكەن. بۇ گىلەملەر ناھايىتى ئاددى بولىدىكەن. ئۈستىدە سۈرىتى، كەشتىسى بولمايدىكەن، يان تەرەپلىرىگە قارا جىيەك (زىغزىق) تۇتۇلىدىكەن. راھىب ئۇنىڭ ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرغاندا تۆت بۇرجىكى پۈكلىنىپ قالىدىكەن (IV 20). پىكسا خانىشىنىڭ دۇرۇد ئوقۇش گىلىمىنىڭ ئۈستىدە (V1 20 B قومتۇرا) سۈرەت، كەشتە بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يان تەرەپلىرى بېزەلگەن ئىكەن. بۇ گۈزەل سۈرەتنىڭ پارچىلىرىنىڭ ئۈستىدە ناھايىتى گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسى سىزىلغان. ئۇراندىن قارىغاندا، خەنزۇلار رايونىدىن ئېلىپ كېلىنگەندەك تۇرىدۇ.

**17. پەردە، چىمىلدىق، دەستۇرخانلار**

قەدىمكى ئۇيغۇر رەسساملىرى شىرە - ئۈستەللەرگە سېلىنىدىغان دەستۇرخان (ch 5)، دېرىزە - پەنجىرە پەردىلىرى ھەممىدە جىددى سورۇنلاردا ئىشلىتىلىدىغان پەردە - چىمىلدىقلار سۈرىتىنى ئىشلەشكە ئامراق. سۈرەت ئىچىدە تۈجۈپىلەپ سىزىلغان كۆلەڭگىمۇ بار. بەلكىم بۇ باشقا بارلىق كۆلەڭگىنىڭ مەنبەئى بولسا كېرەك.

**18. تەبىئىي ئامىللارنى سۈرەتلەش ئۇسۇلى**

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھەر خىل تەبىئەت ئامىللىرىنى كۆرسىتىدىغان سىمۋوللۇق سۈرەتلەرنى سىزغان. ھازىر بىزگە مەلۇم بولغىنى سۇنىڭ سىمۋول سۈرىتى (ch 3 a, Kultsätten Nr 482)، زىلچا - گىلەملەردە ئۆزئارا پاراللېل قىلىنغان سۇ چەمبەرلىرى بار.

**19. ھايۋانلار**

قەدىمكى ئۇيغۇر سۈرەتلىرىدە ئات، تۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com



گە، قوي، ئۆچكە ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى بار. ئاتنىڭ سۈرەتلىرى ئىچىدە خۇلقى ھەر خىل، ھەر ياشقا بولغان ئاتلارنىڭ سۈرىتىمۇ بار، بۇلارنى سۈرەتلەش ئۇسۇلىدا خەنزۇلار رايونىنىڭ تەسىرى باردەك تۇرىدۇ (c A 1 a). شۇنداق بولسىمۇ، چاپچىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ (III 20) ۋە سىدداغارتا تېكىننىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپ كېتىۋاتقان چاغدا ئۆزىنىڭ ئاق بوز ئېتىغا مىنىپ تۇرغان ھالىتى سۈرەتلەنگەن، ھەرخىل سۈرەت چىنلىقىدا نېمىدېگەن ئۇيغۇن؛ بۇ ئەھۋال قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ھايۋانلارنى چوڭقۇر، تەپسىلىي بىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىلگىرى ئاتنىڭ يايلىنى گوياكى ئۈچ ئاچا مۈڭگۈز قىلىپ سىزىپ قويىدىغان ئۇسۇل پۈتۈنلەي بىكار قىلىنغان. ساكيامۇنى ۋەز - نەسىھەتلىرى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئاخىرقى كۆرۈنۈشىدە (بېزەكلىكتە) تۆگىنىڭ سۈرەتلىنىشى ئىنتايىن مەنىلىك بولغان. قايسى خىلدىكى ھايۋاننى ھايۋانلارنىڭ ۋەكىلى قىلىپ ئالغانلىقىنى تەكشۈرۈش ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى قىزىقارلىق بىر ئىش؛ قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددىزىم سۈرەتلىرىنىڭ قالدۇق پارچىلىرىدا (1VIa) بىر ئۆچكە، بىر قوي ۋە بىر تۆگە سۈرەتلەنگەن. دىساڭ پۇسار توغرىسىدىكى بىر قىستۇرما رەسىمدىمۇ (Ⅱ 7256) بىر بۆرە سۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر ئۆچكىنىڭ كۆرۈنۈشى سۈرەتلەنگەن. مانا بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئىلگىرى ئىنتايىن چوقۇنىدىغان ھەم تۇتىم قىلىۋالغان ئەجدادى — بۆرىگە ئەمدى چوقۇنمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

### 20. چىگىپ قويۇلغان ئات قۇيرۇقى

مىنىلىپ تۇرغان ئاتنىڭ قۇيرۇقى چىگىكلىك بولسا ياكى بىرەر قىممەتلىك مېتال ھالقا بىلەن يۆگەپ قويۇلغان بولسا، بۇ كۆرۈنۈش جەڭگە ئاتلانغانلىقىنى ياكى ئوۋغا ئاتلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ئۇسۇل موڭغۇللار ئارىسىدا ھازىرمۇ قوللىنىلماقتا. چاخاردىكى موڭغۇل مىللىتىدىن بولغان بىر پروفېسسور، ئىسمى ياغچىد (Yagchid) ئۆز يۇرتىدا بۇ ئەھۋالنى ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. تاڭ تەيزۇڭ سۈرەتلەنگەن بىر رەسىمدىمۇ مۇشۇنداق كۆرۈنۈش بار، بىراق ئۇنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى يوقتەك قىلىدۇ(Smith—Weng P149).

### 21. ئۇسسۇل، ساز

ۋاڭ يەندى مىلادىيە 982 - يىلى ئىدىقۇت پادىشاھى بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولغان ئىدى. ئۇ شۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ساز چېلىشقا خۇشتار ئىكەن دەپ كۆرسەتكەن. يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرمۇ شۇنداق ئىكەن: ئىدىقۇتتىكى بىر سۈرەتتە (664 - سۈرەت Kultstätten) بەش نەپەر ئالىي دەرىجىلىك ئاقسۆڭەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى چىلتارنى، بىرى گىتارنى، بىرى ئېغىز گارمونىنى، قالغان ئىككىسى بىردىن ئىككى نەينى ئويناپ، ئۆيدە بىرلىكتە ئولتۇرۇپ نەغمە - ناۋا قىلىۋاتقانلىقى سۈرەتلەنگەن. مانى دىنى كىتابلىرىدىكى قىستۇرما سۈرەتتە ناخشىغا تەڭكەش قىلىنغان نەينىڭ سۈرەتلەنگەن كۆرۈنۈشى بار (ch 5). ئەرشتە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشلەرمۇ دائىم ئۇچراپ قالىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەردىكى ئۇسسۇل كوچادا ئوينىلىدىغان ئۇنداق تېز پىرقىرايدىغان ئۇسسۇل بولماستىن، بەلكى بەدىئىي سەنئەت سەۋىيىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان ئۇسسۇل (521 - رەسىم، Kultstätten) ئوينىغۇچىلار ئۇچىسىغا شال - روماللار ئارتىپ ئوينايدىغان سىمۋول خاراكتېرلىك ئۇسسۇل.

### 22. تەبىئەت دۇنياسى

قەدىمكى ئۇيغۇر رەسساملىرى پەقەت ئاۋۋالقى زامانلاردىلا تەبىئەت مەنزىرىسىنى ۋە گۈل - چېچەكلەرنى سۈرەتلەشكە قىزىققان. بۇنى قۇمتۇرادىكى رەسىملەردىن (X Ⅱ 296) ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر رەسىمچىلىكى مۇشۇ جەھەتتىمۇ خەن-

نزۇ رەسسامچىلىكىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە
پەرقلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلارمۇ گۈل -
چېچەكلەرنى سۈرەتلىگەن، ئەمما بۇ پەقەت
پۈتۈن رەسىمنىڭ بىر خىل بېزىكى ئۇچۇن
بېزەلگەنلىكى، سۈرەتلەشنىڭ ئالاھىدە ئوب-
يېكتى قىلىنمىغان. بۇ بېزەكلەرنىڭ رەڭ-
بويىقى ھەم چوڭ - كىچىكلىك ئۆلچەملىرى
رېئال نەرسە بىلەن دىگەندەك ماس ئەمەس،
ھەتتا نامى مەشھۇر نىلۇپەرنىڭ سۈرىتىگىمۇ
تېگىشلىك رەڭ بېرىلگەن ئەمەس. ئۇنىڭ
يۇپۇرمىقىغا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى
ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل رەڭلەرنى بېرىپ-
قويغان. يۇقىرىدا ئېيتىلغان بۇددا سۈرەتلە-
رىدىمۇ ئېسىل، گۈزەل گۈل - چېچەكلەر
كۆرۈنمەيدۇ. ئۇلاردا پەقەت قىممەتلىك ئۇن-
چە - مارجان تىزمىلىرىلا بار.

### 23. قىستۇرما رەسىملەر

ئومۇمەن ئالغاندا، قىستۇرما رەسىم-
لەرنىڭ ھەممىسى تۇرپاندىن تېپىلدى، كۆ-
چادىن تېپىلمىدى. بۇ رەسىملەر ئىچىدىكى
ئەڭ ياخشىلىرىدىن كۆپچىلىك قىستۇرما رە-
سىم مانى دىنى كىتابلىرىدىن چىقتى. بۇ
كىتابلار ئوتتۇرا ئىران تىلىدا ياكى شەرقىي
تۈركىي تىلىدا يېزىلغان. بۇ رەسىملەرنىڭ
سىزىلىش ئۇسلۇبى تام رەسىملىرىنىڭكىگە
ئوخشىمايدۇ. بۇ رەسىملەردە پېرسوناژلار-
نىڭ تەقى - تۇرقى جانلىق ئەمەس، بەلكى
ئۆلۈك، قېتىپ قالغان. ئاساسىي سىزىقلى-
رى قارا ياكى قىزىل رەڭدە بېرىلگەن. ئىچ
قىسمى بولسا گۆش رەڭدە، قىزىل رەڭدە،
قارا قوڭۇر، سېرىق، يېشىل رەڭدە ھەمدە
يەنە بىر مۇنچە قىسمىغا ساغۇچ رەڭ بېرىل-
گەن. ئا. ۋ. لېكوك (A. V. Lecok)
مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇلاردا سا-
سانىلار رەسسامچىلىق مەزھىپىنىڭ ئەسلى
ئۆلگىسى مەۋجۇت دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ، ھال-
بۇكى، ھازىرغىچە ئەسلى سىياقىدىكى بۇن-
داق ئەسەر تېپىلمىدى. بۇ رەسىملەر ئافرا-
سىياپ (Afrasiab) ۋاراكشا (Varakhsha)،
بېشبالىقتىكى رەسىملەر بىلەن مۇناسىۋەت-
سىز. خۇددى خ. كېرىمكېت ئۇچراتقانغا
ئوخشاش، بىر ئاسمان پەرىسىنىڭ سۈرىتى
(II bc) دە قىپتىلار تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلى-
كى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. ئەڭ ئاۋۋالقى
قىستۇرما رەسىم 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسى-
دىن 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بولغان
مۇشۇ ئارىلىقتا ئىشلەنگەن بولۇشى مۇم-
كىن. كېيىنكى قىستۇرما رەسىملەردە خەن-
زۇ رەسسامچىلىقىنىڭ بەزى تەسىرلىرى كۆ-
رىلىدۇ (II 1 a, Ⅱ 2; ch 50; ch2). بۇ
رەسىملەرنىڭ بىرىدە يېڭى كېلىن تالالاش
سۈرەتلەنگەن، ئۇنىڭ يۈز - چىراي قىسمىدا
ھېچقانداق ھېسسىيات يوق، بەدىنىنىڭ ھەر-
قانداق قىسمىدا ھېچقانداق ھەرىكەت قىلىقمۇ
يوق. ھالبۇكى، سىزىقلىرى ناھايىتى نەپىس
سىزىلغان.

### 24. ئويما باسمىچىلىق

خەنزۇچە ئويما باسما كىتاب نۇسخىلى-
رى 7 - ئەسىردىلا بېسىلىپ كۆپلەپ تارقى-
تىلىشقا باشلىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ
مەشھۇرى مىلادىيە 868 - يىلى بېسىلىپ
چىققان، قىستۇرما رەسىم بېرىلگەن «كىم-
قوقى» سۇتراسى (Kim Koki) ئىدى.
(Smith—Weng , p 144—145) غەربىي
بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان يادىكارلىقلار ئىچىدە
خەنزۇچە ئويما باسما كىتاب پارچىلىرى بار،
ئۇنىڭ بەزىلىرىدە قىستۇرما سۈرەتلەرمۇ
بار. بۇ سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسى تۇرپاندىن
تېپىلغان، ئۇلاردا خەنزۇ رەسسامچىلىقىنىڭ
ئۇسلۇبى ساقلانغان، ئۇلارنى خەنزۇلار رايو-
نىدىن ئېلىپ كېلىنگەن دېيىشكە بولامدۇ -
قانداق؟ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەدىمكى
ئۇيغۇرچە باسما نۇسخىلىرىمۇ تېپىلغان، بۇ-
لارنىڭ سۈپىتى تېخىمۇ يۇقىرى، بۇلاردا
ھەتتا باسما تېخنىكىسى بىلەن بېرىلگەن سۈ-
رەتلەرمۇ بار. بۇ سۈرەتلەردە خەنزۇ رەسسام-
چىلىقىنىڭ ئۇسلۇبى يوق. بۇلاردا بەلكى
قەدىمكى ئۇيغۇر ئۇسلۇبى گەۋدىلەندۈرۈل-
گەن. بۇ نوم - سۇترالار بىلەن سۈرەتلەر شۇ
يەرنىڭ ئۆزىدە يېزىلغان، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىشلەنگەن؛ ئۇنىڭدىن كېيىن (ئىشلىنىپ پۈتكەندىن كېيىن) خەنزۇلار رايونىغا ئېلىپ بېرىپ باستۇرغانمۇ ياكى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە باسقانمۇ؟ بۇ مەسىلە تېخى نامەلۇم.

بۇ يەردە يەنە تۇرپاندىن تېپىلغان، ھازىر ئېلان قىلىنىپ بولغان، 14 ـ ئەسىرگە تەۋە بولغان موڭغۇل ئاقسۆڭەك ئائىلىسىنىڭ سۈرىتىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. سۈرەتتە موڭغۇل كىشىلىرىنىڭ ئىسمى خەنزۇچە بېرىلگەن، قەدىمكى ئۇيغۇرچە قىسىملىرىنىڭمۇ تاۋۇشى خەنزۇچە ئىپادىلەپ بېرىلگەن (Ⅲ 6705). پۈتۈن بىر يۈرۈش نوم ـ سۇترانى ئۇيما باسمىدا بېسىپ چىقارغۇچىلار موڭغۇللار ئىكەنلىكى تەھقىق. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىدە ئالاقە ۋاستىسى بولۇپ خىزمەت قىلغۇچى ئورتاق تىل قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىمۇ جەزمەن؛ مەدەنىيەت جەھەتتە بولسا خەنزۇچە قوللىنىلغان.

## يەكۈن

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سېلىشتۇرما تەتقىقاتلارنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ خەنزۇلار رەسىمچىلىك سەنئىتىدە 2500 يىللىق تارىخقا ئىگە، دېيىلسە ئۇنداقتا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ رەسىمچىلىك سەنئىتىنى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تەرەققىي قىلدۇرىۋالغانمۇ؟ بىز ھازىرقى زامان ئۆزبېك رەسىمچىلىك سەنئىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى؛ رۇس سەنئەتكارلىرى تېخى ئىككى ئەۋلادنىڭ ئالدىدىلا تاشكەنتكە كەلگەن، ئۇلار كېلىپ سەنئەت ئىنىستىتوتلىرىدا مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پۈتۈنلەي يىپ ـ يېڭى بىر خىل شەيئى ھېسابلىنىدىغان رەسىمچىلىك سەنئىتىنى ئۆزبېكلەرگە يەتكۈزۈپ بەردى. ئون يىلنىڭ ئالدىدا يەنى، 1972 ـ يىلى بىر رەڭلىك رەسىملەر قوللانمىسى نەشر قىلىندى. بۇ رەسىملەرنىڭ ئاپتورلىرى ئىچىدە ئۆزبېكلەرمۇ بار، رۇسلارمۇ بار. بۇ رەسىملەردىن ئاپتورنىڭ ئىسمىغا قارىماي تۇرۇپلا قايسى مىللەتتىن بولغان رەسسامنىڭ رەسىمى ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا ئېنىق ئايرىۋالغىلى بولىدۇ. رەسىملەردە رەڭلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى، بىرىكتۈرۈلۈشى، پېرسوناژلارنىڭ تەقى ـ تۇرقى، خۇسۇسەن يۈز ـ چىرايىدىكى ھېسسىياتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلەنگەن ئاپتورنىڭ مىللىي ئاڭ خۇسۇسىيىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ تۈركىي كىشىلەردىن بولغان رەسساملار يېڭى تېپتىكى بىر خىل سەنئەتنى ئۆگىنىۋېلىش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، بەلكى قىسقىغىنە 50 يىل ئىچىدە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ بارلىققا كەلتۈرگەن. دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر رەسىمچىلىكىمۇ دەل شۇنداق. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىممۇ دەل مۇشۇ نۇقتا. قەدىمكى ئۇيغۇرلار يېڭى يۇرتىدا توخرىلارنىڭ تەييار ئۈلگىسىنى دورىۋالغان ئەمەس، خەنزۇلار رايونىدىكى كىشىنى زوقمەن قىلىدىغان يۈكسەك رەسىمچىلىك سەنئىتىنىمۇ شۇ پېتى كۆچۈرۈپ ئەكەلگەنمۇ ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس بىر خىل مۇستەقىل پىكىر قىلىش، ئىختىرا قىلىش يولى باركەن. كەڭ تەبىئەتكە قەدىمكى ئۇيغۇرلار خەنزۇلارغا ئوخشاش ئۇنداق ئېتىۋار بىلەن قارىغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئېسىل تالانتى ئادەم قەلبىنى چۈشىنىش جەھەتتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان. ئۇلار دەل مۇشۇ جەھەتتە شەرق تەرەپتىكى قوشنىلىرىدىن ئېشىپ كەتكەن. قوچو ئۇيغۇرلىرى كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، قەلب سىرلىرىنى چوڭقۇر كۆزىتىپ بىلگەن بولغاچقا، ئۆز رەسىملىرىدە ھەر خىل، ھەر ياڭزا ئىنساننىڭ ئوبرازىنى يارىتالىغان. ئۇلار يەنىلا مۇشۇنداق چوڭقۇر كۆزىتىش قابىلىيىتى ئارقىلىق ھازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ روھى دۇنياسى، مەنىۋى قىياپىتىنى سۈرەتلەپ كەلمەكتە.

**تەرجىمە، تەھرىرى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**

ھېمىت نىياز

# گابائىن خانىم ۋە ئۇنىڭ تۇرپاندىكى بىر كۈنى

(گابائىن خانىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

چەتئەللىك بىر بۈيۈك ئىنساننىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئون نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقتا تۇرىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىنى — بۇ يەرلەردە دەۋران سۈرۈپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ داڭق چىقارغان تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، تىل - يېزىقى، دىنىي ئېتىقادى، ئەدەبىيات- سەنئىتى، مىمارچىلىقى، قىسقىسى، تۇرمۇش ئۆرپ ئادەتلىرىگىچە ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ نوپۇزلۇق پېشۋاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرشۇناسلىق، تۇرپانشۇناسلىق ئىلىم ساھەسى بويىچە سىڭدۈرگەن ئەجرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇرشۇناسلىق، جۈملىدىن تۇرپانشۇناسلىق ساھەسىدە 20 گە يېقىن مەخسۇس ئەسەر ۋە 200 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان، ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرى خەلقئارا شەرقشۇناسلىق ساھەسىدە، جۈملىدىن شەرقشۇناسلىقنىڭ دەسلەپكى ساھەسى بولغان تۈركشۇناسلىق، ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىدە ھەقىقەتەن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مەشھۇر ئالىم گابائىن خانىم ئۇيغۇرشۇناسلىق، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئۆز يۇرتىدا — ياۋروپادا ئېلىپ باردى. ئۇ، ئۆمۈر بويى تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئېلىگە — تۇرپانغا بۇرۇن كەلگەنمۇ، يوق؟ گابائىن خانىم بىر ماقالىسىدە 1930 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگوغا بىر قېتىم كەلگەنلىكى، لېكىن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شىنجاڭغا بېرىشقا ئىمكانىيەت بولمىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئۆمۈر بويى تەتقىقات قىلىپ كەلگەن، شىنجاڭنى، بولۇپمۇ تۇرپاننىڭ داڭلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىن قوچو (ئىدىقۇت) قەدىمىي شەھىرىنى يارغول قەدىمىي شەھىرىنى، ئاستانە قەبرىستانلىقىنى، بېزەكلىك مىڭ ئۆي بۇددا غارلىرىنى بىر كۆرۈشكە ئۇ قانچىلىك تەشنا ۋە تەقەززا بولغىيدى - ھە؟ گابائىن خانىمنىڭ بۇ ئىچكى ھېسسىياتىنى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى تەس، ئەلۋەتتە.

ئالىمنىڭ بۇ ئارزۇ - ئارمانلىرى ئاخىرى رېئاللىققا ئايلاندى، گابائىن خانىم جۇڭگو تۈركىي تىللار جەمئىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى مەرھۇم بۇرھان شەھىدىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 1982 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە ئېلىمىز جۇڭگودا رەسمىي زىيارەتتە بولدى. ئالىم شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، دۇنخۇاڭغا بېرىش سەپىرىدە تۇرپانغا كېلىپ، قىسقا مەزگىل تۇرۇپ، ئۆزى ئارزۇ قىلغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە باردى.

* * * *

مەن بۇ ماقالەم ئارقىلىق گابائىن خانىمنىڭ تۇرپانغا قىلغان زىيارەت مەزگىلىدىكى قىسقا، ئەمما ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلىرىنى ئەسلەپ ئۆتىمەن.

سېنتەبىر ئايلىرى، بۈك - باراقسانلىققا پۈركەنگەن بۇ «گۆھەر زېمىن» باياشاتلىققا تولغان، مېۋە - چېۋىلىرى پىشىپ ۋايىغا يەتكەن، بولۇپمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



داڭلىق تۇرپان ئۈزۈمىنىڭ ھەر بىر دانىسىدىن ھە-
سەل تېمىپ تۇرىدىغان ئەلۋەك پەسلى بولۇپ، تۇر-
پانلىقلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «كۆك ياڭ-
تاق» تىنىمۇ شېكەر (تەرەنجىۋىل) قاينايدىغان،
«چاققىدىنمۇ تۆت سەر ياغ چىقىدىغان» خاسىيەتلىك
كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، تۇرپان مەشھۇر ئالىم گابائىن
خانىمنى كۈتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولالىدى.

مەن ئۇ ۋاقىتتا تۇرپان ۋىلايەتلىك تاشقى ئىش-
لار، ساياھەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ چەتئەللىك مېھ-
مانلارنى كۈتۈۋېلىش مەسئۇللۇق خىزمىتىنى ئۆتەت-
تىم. تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە گابائىن
خانىمنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنى ئۆز ئۈستۈمگە
ئالدىم. مەن بۇ ۋاقىتتا بەكمۇ ھاياجانلاندىم. بۇ
ھاياجانلىنىش سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.
1980 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي
ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان گابائىن خانىم يازغان
«ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 400 يىللىقى» (قارا
قوچو ئۇيغۇر خانلىقى) ناملىق ماقالىسىنى كۆ-
رۈپ، قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىققانىدىم. بۇنىڭ سە-
ۋەبى، چەتئەللىك بىر ئالىمنىڭ دىيارىمىز تارىخى
توغرىسىدا يازغان ماقالىسىنى تۇنجى قېتىم ئوقۇپ
كۆرگىنىمدە، ھاياجىنىمنى باسالماي، بۇ ئالىمغا
قەلبىمدىكى ئەڭ مۇقەددەس ئورۇننى بېغىشلىغان-
دىم. ئەمدىلىكتە بۇ ئالىم دىيارىمىزغا قەدەم تەش-
رىپ قىلسا، مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرسەم
ۋە زىيارەت مەزگىلىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولسام،
خۇشال بولماي، ھاياجانلانماي تۇرالايتتىممۇ؟ بىراق
گابائىن خانىمنىڭ تۇرپاندىكى زىيارەت ۋاقتى پەقەت
ئىككى كۈنلا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. يۈرەك قېنىنى
سەرپ قىلىپ، ئۆمۈر بويى تەتقىق قىلغان بۇ زې-
مىننى تاۋاب قىلىشقا بۇ ئىككى كۈن ئازلىق قىلى-
دۇ، ئەلۋەتتە. گابائىن خانىم شۇ ۋاقىتتا 82 ياشقا
كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما قىسمەت ئاتا قىلغان
ساغلام بەدەن، تېتىك روھىي كەيپىياتى بىلەن ۋا-
قىتنى چىڭ تۇتۇپ، دەممۇ ئالماي، ئۆزى كۆرۈشكە
تېگىشلىك بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۇدەك
كۆرۈپ بولۇشقا ئۈلگۈرەلىدى.

* * * *

گابائىن خانىم ئولتۇرغان پىكاپ چەتئەللىكلەر
كۈتۈۋېلىنىدىغان تۇرپان 1 ـ مېمانخانىغا يېتىپ
كەلدى. مېھمان نېمىشقىدۇر بىر سائەت كېچىكىپ
كەلگەنلىكى ئۈچۈن تاقەتسىز تاق بولغانىدى. پى-
كاپتىن بوي ـ بەستى ۋېجىككىنە، ئۇچىسىغا ئاددىي
ھەم سىپا رەختتىن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن بۇدۇر
چاچ، كۆزلىرى خۇددى دېڭىز سۈيىدەك كۆپكۆك،
ياشانغان ئەمما تېمەن بىر خانىم چۈشتى. كۆز ئال-
دىمدا بىر ئۇلۇغ زات نامايان بولدى. مەن دەرھال
ئالدىغا بېرىپ، ئوڭ قولۇمنى كۆكسۈمگە ئېلىپ:
«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بەردىم ۋە «ھۆر-
مەتلىك گابائىن خانىم، سىزنى قىزغىن قارشى
ئالىمىز» دەپ ھۆرمەت بىلدۈردۈم. مەن خانىمنىڭ
سۇنغان يۇمشاق ۋە ئورۇق قوللىرىنى ئالقىنىمغا
ئېلىپ سىيلاپ كۆزلىرىگە قارىغىنىمدا، بوغۇزۇمغا
قانداقتۇر بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك بىر ھازا
تىنالماي قالدىم. چۈنكى بۇ مەشھۇر ئالىمنىڭ كۆ-
زىدىن ئاجايىپ بىر خىل ئىرادە ۋە مېھرىبانلىق
نۇرى چاقناپ تۇراتتى. گابائىن خانىم ماڭا بىر
دەستە «گۈل» تەقدىم قىلدى ۋە «مېنى مەريەم ئانا
دېسىڭىزلەر بولىۋېرىدۇ» دەپ ئەسكەرتىپ قويدى.
مەن ماڭا تەقدىم قىلغان بىر دەستە «گۈل» گە قا-
راپ تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدىم. چۈنكى بۇ «گۈل»
بولماستىن، سايدا ئاندا ـ ساندا ئۇنۇپ قالىدىغان
شىۋاق، قامقاق، يۇلغۇن چېچەكلىرىدىن تىزىلغان
بىر باغلام «گۈل» دەستىسى ئىدى. ئەزىز مېھمان
ھاردۇق ئېلىش ئۈچۈن ئۆز ياتىقىغا كىرىپ كەتكەن-
دە، ھەمراھ بولۇپ كەلگەن مەشھۇر ئۇيغۇر تىلشۇ-
ناسى ئامىنە خانىم كېچىكىپ كەلگەنىنىڭ سەۋەبى ۋە
ھېلىقى «گۈل» دەستىسى ھەققىدە مۇنۇلارنى سۆز-
لەپ بەردى:

— بىز داۋانچىڭدىن ئۆتۈپ، تاغ ئېغىزىدىن
چىقىپ، تۇرپان تەرەپكە بۇرالغاندا، تۇرپاننىڭ
بوستانلىق مەنزىرىسى كۆرۈندى. گابائىن خانىم
بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ماشىنىنى توختى-
تىپ چۈشتى ـ دە، تۇرپان تەرەپكە قاراپ ئىختىيار-
سىز ھالدا: «ئاھ! مەن ئاخىرى تۇرپانغا يېتىپ
كەلدىم» دەۋەتتى. قاقاسلىق سايدا ئۆيان مېڭىپ ـ

بۇيان مېڭىپ يۇرۇپ مىڭ تەسلىكتە ياۋا ئوت- چۆپ-
لەردىن بىر باغلام «گۇل» دەستىسى تەييارلىدى.
يۇلغۇن چېچىكىنى بىر نەچچە قېتىم پۇرىغاندىن
كېيىن، «گۇل» دەستىسىنى باغرىغا بېسىپ تۇ-
رۇپ «مانا بۇ — تۇرپان پۇرىقى، تۇرپان ھىدى»
دېدى. بىز ھەمراھ بولغۇچىلار گابائىن خانىمنىڭ
تۇرپان بوسۇغىسىغا قەدەم باسماي تۇرۇپ، سايدا
ئوت - چۆپلەردىن «گۇل» دەستىسى تىزىشىدىن
ئۇنىڭ تۇرپانغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ قانچىلىك
چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. گابائىن خا-
نىم يولدا بىر نەچچە قېتىم ماشىنىدىن چۈشۈپ،
تۇرپان بوستانلىقىنىڭ سىرتقى مەنزىرىسىنى ھې-
رىسمەنلىك بىلەن تاماشا قىلدى. كېچىكىپ كەل-
گەنلىكىمىزنىڭ سەۋەبى ۋە ھېلىقى «گۇل» دەستى-
سىنىڭ سىرى ئەنە شۇ، - دېدى.

ئەينى چاغدىكى قاتمال سىياسىي كاللا ۋە خىز-
مەتتىكى تەجرىبىسىزلىك بىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ مېھ-
مان كۈتۈشتىكى ئەنئەنىلىرىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرغاند-
دى. گابائىن خانىم «گۇل» دەستىسىنى تەقدىم
قىلغاندىلا، ئاندىن كەتكۈزۈپ قويغانلىقىمىزنى ئەپ-
سۇسلۇق ئىچىدە ئېسىمگە ئېلىپ، چوڭقۇر خىجىل-
لىققا پاتتىم. گابائىن خانىم ياتىقىدىن ھايال بولۇپ
چىققۇچە كەچلىك غىزالىنىش ۋە تۇرپان سەنئەت
ئۆمىكى چەتئەللىك مېھمانلارغا تەييارلىغان ناخشا -
ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش ۋاقىت ئارىلىقى
بەك زىچ بولۇپ كەتتى. مەن گابائىن خانىمغا كەچ-
لىك غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئوبدان ھار-
دۇق ئېلىشنى تاپىلىدىم. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ-
نىڭ چارچاپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنىدىم. گابائىن
خانىم مېنىڭ ئەنسىرىشىمنى بىلدى بولغاي، مەند-
لىك قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن ھەم تۇرپاننىڭ
تۇنجى تامىقىنى يەيمەن، ھەم ئۇيغۇر ئوغۇل - قىز-
لىرىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى كۆرىمەن، ماڭا
ئۇرۇمچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى-
دىن ھوزۇرلىنىش نىسىپ بولمىدى». گابائىن خا-
نىم كەچلىك غىزانى ئىشتىھا بىلەن يېدى. پولۇ،
پېتىر مانتا، پەرمۇدە، كاۋاپ، سامسا قاتارلىق
ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك تېتىپ
باقتى. ئاخىرىدا: «ئۇيغۇر تائاملىرى بەك مەززى-
لىك ئىكەن، ئاغزىمغا تېتىدى» دېدى. ئۈزۈم بارى-
ڭى ئاستىدا ئويۇن باشلاندى. چەتئەللىك مېھمانلار
ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا سانجاق - سانجاق ئولتۇرات-
تى. ئالتۇندەك تاۋلىنىپ، ياقۇتتەك پارقىراپ،
ئېسىلىپ تۇرغان باراڭدىكى قىزىل سايۋا ئۈزۈملەر
ئېلېكتر نۇرىدىن كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى. ئار-
تىسلار بىرىنچى بولۇپ «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»
نى ئورۇنلىدى. «چارگاھ» مۇقامىدىن ئارىيە ئو-
رۇندالغاندا تاماشىبىنلار قىقاس - چۇقان قىلىشىپ
كەتتى. كەينى - كەينىدىن تۇرپاننىڭ يەرلىك پۇرى-
قى كۈچلۈك بولغان ئەنئەنىلىك تۇرپان ناخشىلىرى-
نى ئورۇندىدى. «تۇرپاننىڭ سۇلىرى قاراڭغۇ كا-
رىزدىن ئاقۇر، ئوسمىسى چارەك جۇگان يۇرەككە
ئوتلارنى ياقۇر» دېگەن مىسرالار ئورۇنلانغاندا، گا-
بائىن خانىم خۇددى مەسخۇش ئادەمدەك ئورۇندۇقتا
يۆلىنىپ، كۆزىنى چىڭ يۇمىۋېلىپ ئولتۇراتتى.
تۇرۇپلا ھاياجىنىنى باسالماي ئۇياققا - بۇياققا ئىر-
غاڭلايتتى، تۇرۇپلا كۆپكۆك كۆزلىرىنى ئارتىسلار-
نىڭ لەرزان ھەرىكەتلىرىگە تىكەتتى. مەن ئۇنى
چارچاپ قالمىسا دەپ بەك ئەنسىرىدىم، ئاخىر ھەم-
راھ بولغۇچى ئامىنە خانىمنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— مەريەم ئانا چارچاپ كەتكەن بولسا، ياتاققا
قايتىپ ھاردۇق ئالسۇنمىكىن، - دەپ مەسلىھەت
بەردىم. كىم بىلسۇن، ئۇ پىچىرلاپ قىلغان سۆ-
زۈمنى بىلىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ؟ گابائىن خانىم ماڭا
مېھرىبانلارچە قاراپ: «مەن چارچىمىدىم ھەم مۈگ-
دەپمۇ قالمىدىم، راستىنى ئېيتسام، شۇ تاپتا مەن
ئۇيغۇر قىز- يىگىتلىرىنىڭ كىشى قەلبىنى ھاياجان-
غا سالىدىغان نومۇرلىرىنى كۆرۈۋېتىپ، ئەقلى -
ھوشۇمنى يوقىتايلا دەپ قالدىم» دېدى. بۇ ۋاقىتتا
نومۇرلار ئەۋجىگە چىقىپ، ئاخىرىدا «مەشرەپ»
باشلاندى. ئارتىسلارغا قوشۇلۇپ بىر مۇنچە چەتئەل-
لىك مېھمانلارمۇ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. بېشىغا
چىمەن دوپپا، ئۇچىسىغا ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن،
چاچلىرى قىرىق تال ئۆرۈلگەن ئىككى قىز گابائىن
خانىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى ئېھتىرام بىلەن
ئۇسسۇلغا تارتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىزلار بىلەن لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئەتراپتىكى گابائىن خانىمنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كەلگەن سانجاق - سانجاق كىشىلەر ھاياجىنىنى باسالماي ئۈستى- ئۈستىلەپ چاۋاك چېلىپ، تۇرپان خەلقىنىڭ بۇ ھۆرمەتلىك ئايال ئالىمغا بولغان چەكسىز ئىززەت - ھۆرمىتىنى نامايان قىلدى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا، 8 ـ 10 ياشلار ئەتراپىدىكى چىرايلىق ياسانغان ئىككى قىزچاق بۇ ئانىغا سالام بېرىپ، گۈلدەستە تۇتتى. گابائىن خانىم بۇ ئوماق سەبىي قىزلارنى باغرىغا بېسىپ، مەڭزىگە سۆيۈپ، ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزدى. بىر قىزچاقنى ئۇزاققىچە باغرىغا باستى. بۇ ۋاقىتتا گابائىن خانىمنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىدە ھاياجانلىق ياشلىرى يالتىرايتتى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىن بىر بۈيۈك ئىنساننىڭ ئالىيجاناب، ئۇلۇغ خىسلىتى ۋە ئۇيغۇرلارغا بولغان چەكسىز مېھرى - مۇھەببىتى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئىككى نەپەر كۈتكۈچى قىز گابائىن خانىم ياتقىدىن چىقىشىغا سالام بېرىپ، «مەريەم ئانا، تىنچ - ئامان تۇردىلىمۇ؟ ئۆزلىرىگە سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز» دەپ ئۆزلىرى تەييارلىغان خۇش پۇراقلىق، چىرايلىق ئىككى باغلام گۈل دەستىسىنى تەقدىم قىلدى. گابائىن خانىم گۈل دەستىسىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغاچ، ئۇلارنى قۇچاقلاپ، مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ: «رەھمەت باللىرىم، سىلەر نېمەدېگەن گۈزەل، چىرايلىق قىزلار - ھە» دېدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە گابائىن خانىم بىلەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرىنى زىيارەت قىلىشقا چىقتۇق. گابائىن خانىم ئاپتوموبىل بىلەن يولدا كېتىۋېتىپ، ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە، دېھقانلارنىڭ ئاددىي ئۆيلىرىگە، ئۈزۈملۈك باغلاردا ئالدىراش ئۈزۈم ئۈزۈۋاتقان قىز - يىگىتلەرگە، ئۈزۈم قۇرۇتىدىغان چۈنچىلەرگە، زۇمچەك - زۇمچەك كارىز قۇدۇقلىرىغا، يولدا ئېشەك ھارۋىسى بىلەن كېتىۋاتقان بوۋاي - مومايلارغا تويماي قاراپ رەسىمگە تارتىپ ماڭاتتى. يالقۇنتاغ ئېتىكىگە كەلگەندە، گابائىن خانىم ماشىنىدىن چۈشۈپ، قۇياش نۇرىدا ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ يالقۇن ھارارىتىنى تارقىتىۋاتقان ئىدىقۇت تېغىغا قاراپ: «بۇ ھەقىقەتەن يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان بىر پارچە ئوتنىڭ ئۆزىكەن، خۇددى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يۈرىكىدەك!» دېدى.

مانا، دۇنياغا داڭلىق «قوچو» قەدىمىي شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. سېپىل ئايلانمىسى بەش كىلومېتىر، ئابيۇمى ئىككى مىليون كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بۇ قەدىمىي شەھەر كىشىگە ئىختىيارسىز ھالدا ئىككى مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىكى «قوچو» ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەيۋەتلىك قەسىر - ئايۋانلىرى ۋە سەلتەنەتلىك كۆرۈنۈشىنى ئەسلىتەتتى. گابائىن خانىم بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئېگىز پەشتىقىغىچە چىقىپ، بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى. يېنىك ھەم چاققان قەدىمى بىلەن «قوچو» قەدىمىي شەھىرىنىڭ ھېلىھەم ساقلىنىپ قالغان ئەينى چاغدىكى سېپىللىرىنى ئايرىپ تۇرىدىغان «ئىچكى شەھەر» ۋە «تاشقى شەھەر» لىرىنى، پادىشاھ ئوردىسىنى، كېسەكتىن قوپۇرۇلغان ئېگىز بۇددا مۇنارلىرىنى، ئىبادەتخانىلىرىنى، ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك رايونلىرىنى، داڭلىق «ئۈزۈم مەيزاپى» ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارنى بىرمۇ - بىر كۆزدىن كەچۈردى. گابائىن خانىم ئاستانە قەبرىستانلىقىغا كېلىپ، ئىچكىرىلەپ قېزىلغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قەدىمىي قەبرىلەرنى ۋە بۇ قەبرىلەردىكى مومىيا قىلىنغان جەسەتلەرنى، قەبرە ئىچىگە قويۇلغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى، تام سۈرەتلىرىنى كۆردى.

ئاستانە قەبرىستانلىقى — دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، 1970 - يىلىدىن بۇيان مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەشكىللىشى بىلەن نۇرغۇن قەبرىلەر نۇقتىلىق قېزىلغانىدى. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى كەينى - كەينىدىن بىر قانچە قېتىم قەبرە قېزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما ئارخېئولوگلار «قوچو» خانلىقىنىڭ بىرەر پادىشاھىنىڭ قەبرىسىنى تاپالمىدى. بۇ، ئار-

خېئولوگىيە ساھەسى بويىچە بىر سىر بولۇپ كەلگە-
ندى. ئۇزۇن يىللىق ئەجرىنى تۇرپاننى تەتقىق
قىلىشقا سەرپ قىلغان بۇ ئالىمدىن مۇشۇ مەسىلىنى
سوراپ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كەلدى. گابا-
ئىن خانىم: «مېنىڭچە، پادىشاھ جەسەتلىرى بۇددا
مۇنارلىرىنىڭ تەكتىگە دەپنە قىلىنغان بولۇشى
مۇمكىن» دېدى. ۋەھالەنكى، ئابيۇمى بىر قانچە
كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ قەبرىستانلىقتا كۆزگە
چېلىققۇدەك بىرەر بۇددا مۇنارىنى ئۇچراتقىلى بول-
مايتتى. ئۇنداقتا، بۇ پۇقرالار ياكى ئادەتتىكى بەگ
ـ ئەمەلدارلار دەپنە قىلىنغان قەبرىستانلىق بولسا،
پادىشاھلار «قوچو» شەھىرى ئىچىگە دەپنە قىلىنى-
غانمۇ؟ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن «قوچو» قە-
دىمىي شەھەر ئىچىدىكى بىرقانچە بۇددا مۇنارلىرى
تېخى قېزىلىپ باقمىدى. ئېچىنىشلىق يېرى شۇ-
كى، دۇنياغا داڭقى كەتكەن بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ
ھازىرقى كۆرۈنۈشى كىشىنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇر-
دۇ. ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن، بولۇپمۇ بالايى
ئاپەتلىك مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا خاتا سىياسەت-
نىڭ قۇلى بىلەن يەرلىك دېھقانلار «قوچو» قەدى-
مىي شەھىرىنى ئاتالمىش «تۆت كونا» غا كىرگۈ-
زۇپ، نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلى-
رىنى بۇزۇپ ـ چېقىپ، تۇزلەپ، 2300 مودىن
ئارتۇق «بوز يەر ئۆزلەشتۇرگەن» . ئەجدادلىرى-
مىزدىن بىزگە مىراس قالغان بۇ تارىخىي قىممەتكە
ئىگە داڭلىق قەدىمىي شەھەرنىڭ يېرىمى دېگۇدەك
دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىۋېلىنغەندى. گابا-
ئىن خانىم «قوچو» قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى
كۆزدىن كەچۈرگەندە، بۇ 2000 مودىن ئارتۇق ئا-
تالمىش «مول ـ ھوسۇللۇق يەر» نى كۆرۈپ تولىمۇ
ئەپسۇسلاندى. ئۇزۇنغىچە بېشىنى چايقاپ ھەسرەت
چەكتىيۇ، لېكىن بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى.
بىز شۇ ۋاقىتتا گابائىن خانىمنىڭ ئىنسانىيەت مە-
دەنىيىتىدىكى بۇ بىباھا «گۆھەر زېمىن» نىڭ ۋەي-
ران قىلىنغان كـۆرۈنـۈشىدىن قـانچىلىك ئـازاب-
لىنىۋاتقانلىقىنى خىجىللىق ئىچىدە ھېس قىلماقتا
ئىدۇق. مانا بۇ — بىزنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىمىز!
مانا بۇ بىزنىڭ ئەجدادلار قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنى-
يەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئېڭىمىز!

«ئاستانە قەبرىستانلىقى» دىن ئايرىلىپ، سىڭ-
گىم ئېغىزىغا كىرىپ، شىمالغا— مۇرتۇق دەريا-
سىنى بويلاپ، تاغ باغرىدىن ئېلىنغان يىلان باغرى
يوللاردىن «بېزەكلىك مىڭ ئۆيى» نىڭ قارىسى كۆ-
رۈنگەندە، گابائىن خانىم تولىمۇ ھاياجانلىنىپ ئول-
تۇرالماي قالدى. چۈنكى گابائىن خانىم بىر ئۆمۈر
قىلغان تەتقىقات تېمىسىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ئەنە
شۇ داڭلىق «بېزەكلىك مىڭ ئۆيى» بۇددا غارلىرى
ئىدى. گابائىن خانىم بۇ كۈنى شۇنداق تېتىكلىشىپ
كەتتىكى، 56 باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن خۇددى شوخ
چوكانلاردەك تېز ـ تېز قەدەم ئېلىپ بىردەمدىلا
پەسكە چۈشۈپ بولدى. بۇنداق تېزلىك بىر تەرەپ-
تىن گابائىن خانىمنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان
قىلغان تەتقىقاتىنىڭ ھەقىقىي شاھىدىنى كۆرۈشكە
قانچىلىك تەقەززا بولغانلىقىدىن بولسا، يەنە بىر
تەرەپتىن، غەربلىكلەرنىڭ بولۇپمۇ بۇ ئۇلۇغ ئالىم-
نىڭ ۋاقىت قارىشىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ئىكەنلى-
كىدىن دېرەك بېرەتتى.

«بېزەكلىك مىڭ ئۆيى» پۈتكۈل غەربىي دىيار
تارىخىي مەدەنىيىتىدە كۆزنى چاقنىتىدىغان گۆھەر!
شۇنداقلا پۈتكۈل غەربىي دىيارغا يۇلتۇزدەك تارال-
غان بۇددا غارلىرىنىڭ ئىچىدە بىردىنبىر خېلى مۇ-
كەممەل ساقلانغان ۋە «بېزەكلىك» دەپ نام ئالغان
ئورۇندۇر.

گابائىن خانىمنىڭ «بېزەكلىك مىڭ ئۆيى» گە
قىلغان زىيارىتى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولدى. ئۇ
40 تىن ئارتۇق بۇددا غارلىرىنىڭ ھەممىسىنى دې-
گۇدەك كۆردى. بەزىلىرىنى قايتا ـ قايتا كۆردى.
ئىچكى ـ تاشقى مېھمانلارغا ئاسانلىقچە ئېچىپ بې-
رىلمەيدىغان، پەقەت تارىخ تەتقىقاتى ۋە ئارخېئولو-
گىيە ساھەسىدىكىلەرگە كۆرۈش نىسىپ بولىدىغان
بىر بۇددا تام سۈرىتى غارى بولۇپ، ئۇ كۆتۈرمە
شەكىللىك بىر بۇددا غارىنىڭ تەكتىگە ئويۇلغان.
تەخمىنەن تۆت مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، يەردىن پەقەت
بىر مېتىر ئېگىزلىكتە كېمىر ئېگىلىپ كىرىش
ئېغىزى قىلىنغان، ھەيۋەتلىك تام سۈرەتلىرى سەل-
لىمازا ساقلىنىپ قالغان، ھېچقانداق بۇزغۇنچىلىققا

www.uyghurkitap.com



ئۇچرىمىغان بۇددا غارىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ، تارىختا ھېلىقى ئاتالمىش ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئۇچرىتالمىغان بىردىنبىر غار بولۇشى مۇمكىن. گابائىن خانىم بۇنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇش بولدى. بىراق ئۇ يەرگە كىرىشتە ئۆمىلەپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. گابائىن خانىم بىزنىڭ ئەنسىرەشلىرىمىزگە پەرۋا قىلماي، توپىغا مىلىنىپ يۈرۈپ ھېلىقى غارغا ئۆمىلەپ كىردى - دە، «پاھ، پاھ» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىۋەتتى ۋە ئالقىنىنى ئالقىنىغا سۈركەپ، ھاياجىنىنى باسالماي قالدى، «بۇ تام سۈرەتلەر نېمەدېگەن گۈزەل سىزىلغان - ھە! بۇ تام سۈرەتلەردىن مەن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز كەنمەن، بۇنىڭدىن يېڭىدىن - يېڭى تەتقىقات تېمىلىرى بار ئىكەن» دېدى.

گابائىن خانىم رېغى ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ كەلگەن بۇ تام سۈرەتلىرىنى لوپا ئەينىكى بىلەن ئىنچىكىلەپ كۆردى. شۇ تاپتا ئۇ، يېڭىدىن بىر گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولدى.

ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىغا قارىغاندا، «بېزەكلىك مىڭ ئۆي» بۇددا غارلىرىنىڭ تام سۈرەتلىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، سىزما رەسىملەر (ئاساسەن ئادەملەر رەسىمى) نەقىش ۋە گۈل - گىياھلار تېخى ھازىرلا بىر ئۇستا رەسسامنىڭ قولىدىن چىققاندەك ئىنتايىن نەپىس، گۈزەل ۋە رەڭدارلىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماي قالمايدۇ، ئەينى دەۋردىكى گۈزەل سەنئەت مەدەنىيىتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يۈكسەلگەنلىكىنى ۋە ئۇيغۇر رەسساملىرىنىڭ ماھارىتىنى نامايەن قىلاتتى. 1990 - يىلى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي تارماقلارنىڭ ئالاقە باغلىشى بىلەن، گېرمانىيە بېرلىن مۇزېيىدىن كەلتۈرۈلگەن سەككىز پارچە كۆپەيتىلگەن سۈرەتلەر نۇسخىسى غارلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قويۇلغان نومۇر تەرتىپى بويىچە مەلۇم بىر بۇددا غارىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ رەسىملەر «ئىدىقۇت» ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پادىشاھلىرى، خانىش - كېنىزەكلىرى بولۇپ، بەزى رەسىملەردە ۋەقەلەر رىۋايەت شەكلىدە ئوبرازلىق بايان قىلىنغان. كىشىلەر بۇ رەسىملەرنى كۆرگەندە ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالىدۇ. رەسىمدىكى گۈزەللىك ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇبنى كىشى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىز كېلىدۇ. بېرلىن مۇزېيىدىن ئەينەن تارتىپ كېلىنگەن بۇ سۈرەتلەردىن ئەينى زامانلاردىكى «ئىدىقۇت» مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى، جاھان مەدەنىيەت - سەنئەت تارىخىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «بېزەكلىك مىڭ ئۆيى» مانى دىنى ۋە بۇددا دىنلىرىغا مەنسۇپ بولۇپ، بۇ يەردىكى تام سۈرەتلىرى، قوليازما، تارشا - پۈتۈكلەر نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىپ كەلدى. 1980 - يىللاردا «بېزەكلىك مىڭ ئۆيى» نىڭ شەرق قىسمىدىكى ئويمانلىقتىن يېڭىدىن قېزىش ئارقىلىق نۇرغۇن قىممەتلىك قوليازمىلار تېپىپ چىقىلدى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىچە، تېپىلغان قوليازمىلار ئىچىدە: شامان دىنى، زاراتاستىر دىنى، مانى دىنى ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئائىت ئورقۇن - يېنسەي يېزىقى، تۈرك - رونىك يېزىقى، سانسكرىت (ئەنەتكەك) يېزىقى، تۇخرى يېزىقى، سۇغدى يېزىقى قاتارلىق سەككىز خىل يېزىقتىكى قوليازمىلار بار ئىكەن. بۇ «يىپەك يولى» ئۆتكىگە جايلاشقان قوچو قەدىمىي شەھىرىدە خىلمۇخىل دەۋر ۋە مەدەنىيەتنىڭ، خىلمۇ خىل تىل - يېزىقلارنىڭ ئۆزئارا ئۇچراشقانلىقىنى، مۇجەسسەملەشكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. «بېزەكلىك مىڭ ئۆيى» دىكى بۇ مۆجىزىنىڭ بايقىلىشى بىلەن گوۋۇيۈەن بۇ جاينى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئورۇن دەرىجىسىگە كۆتۈردى.

بىراق، ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، «بېزەكلىك مىڭ ئۆيى» ئادەم ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، بۇ يەرلەر ئىگىسىز قېلىپ تاشلاندۇق يەرلەرگە ئايلانغان. قوم - بورىنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم چەت ئەللىك كىشىلەر تام سۈرەتلىرىنى ئويۇپ - كېسىپ، تالان - تاراج قىلغان (بۇنىڭ ئوچۇق ئىزنالىرى ھېلىمۇ بار). ھەممىدىن بەختسىز بول-

غان يېرى، قەدىمىي ئىزلاردىن زور بىر قىسمى ئۆز كىشلىرىمىز تەرىپىدىن نابۇت قىلىنىۋېتىلگەن. 14 ـ ئەسىردىن باشلاپ تۇرپان دىيارىغا ئىسلامىيەت كىرگەندىن كېيىن، دىنىي ئېتىقاد تۈپەيلىدىن، ئىسلام مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن ئاتالمىش «غەيرىي دىن نەرسىلىرى» دەپ ئاتىلىپ، تام سۈرەتلەردىكى «ئادەم كۆزلىرى» نى بىرىنىمۇ ئالا قويماي، پىچاق بىلەن ئويۇپ تاشلىغان. لاي چېچىپ كۆز بىلەن كۆرگۈسىز قىلىۋەتكەن.

گابائىن خانىم «بېزەكلىك مىڭ ئۆيى» نىڭ مۇشۇنچىۋالا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈپمۇ ھېچقانداق زۇۋان سۈرمىدى. پەقەت سۈكۈتتە بولدى، خالاس. بۇ بىزگە ناھايىتى ياخشى «جاۋاب» تە، ئەلۋەتتە.

گابائىن خانىم «بېزەكلىك مىڭ ئۆيى» نىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى بولغاي، ئۇ تۆۋەندىكى قىممەتلىك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى: ««بېزەكلىك مىڭ ئۆيى» — ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى! شۇڭا ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى بولسىمۇ ساقلاپ قېلىش مۇھىم مەسىلە. مېنىڭچە، ھەممىنى دېمىگەندىمۇ، نۇقتىلىق بىر نەچچە غار تام سۈرەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىرىنچىدىن، مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ئالدى بىلەن تام سۈرەتلەرنىڭ يۈزىدىكى لاي- لاتقىلارنى ئىنچىكە ئاساستا ئادالاش؛ ئىككىنچىدىن، ئوخشاش تەقلىدتە بىر نەچچە غار- ئۆڭكۈر ياساپ، تام سۈرەتلىرىنى ئەينەن سىزىپ چىقىش لازىم. «بېزەكلىك مىڭ ئۆيى» نىڭ ھازىرقى ھالىتى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ھۆل - يېغىن، قۇم - بورانىنىڭ زەربىسىدىن بۇزۇلۇشى، رەڭگى ئۆڭۈپ ئۆچۈپ يوقاپ كېتىشى مۇمكىن. يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئارقىلىق ھېچبولمىغاندا بىر تېمىنى بولسىمۇ ساقلاپ قالغىلى، قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولىدۇ».

ماقالىنىڭ ئاخىرىدا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتەي: گابائىن خانىم «بېزەكلىك مىڭ ئۆيى» نى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، چۈشلۈك تاماققا ئۈلگۈرۈپ قايتىشىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ بىزنىڭ ئويلىمىغان يېرىمىزدىن چىقىپ قالدى. گابائىن خانىم چۈش ۋاقتىغىچە ھەتتا چۈش قايرىلغاندىن كېيىنمۇ بېزەكلىكتىن كەتمەي تۇرۇۋالدى. مەن ئىنتايىن تىت - تىت بولغان ھالدا:

— چۈشلۈك تاماق ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى، ئىشنىڭ مۇنداقلىقىنى بىلسەم، چۈشلۈك تامىقىڭىزنى مېھمانخانىدىن ئېلىۋالغان بولسام بوپتىكەن، شۇ چاغقىچە تاماق يېمەي، ئاغرىپ قالسىڭىز، سالامەتلىكىڭىزگە تەسىر يەتمەمدۇ؟ ـ دېدىم.

گابائىن خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ: «بۈگۈن چۈشلۈك تامىقىمنى يېمىسەممۇ مەيلى، مەن بېزەكلىكنى قانغۇچە كۆرۈۋالاي» دېدى. مەن باشقا ئامال قىلالماي «بېزەكلىك مىڭ ئۆي» نى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان خادىمنىڭ ئۆيىدىن نان سوراپ ئالدىم. گابائىن خانىم غايىب بولغاندەك ھېچيەردە يوق، ئىزدەپ بىر غار ئىچىگە كىرىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. گابائىن خانىم تام سۈرەتلىرىنى قولى بىلەن سىيلاپ، مەڭزىنى تامغا يېقىپ كۆز يېشى قىلىۋېتىپتۇ. مەن ئورنۇمدا تۇرالماي قالدىم. ۋۇجۇدۇم تىترەپ، كۆزۈمگە دەرھال يىغا ئولاشتى. گابائىن خانىم قولۇمدىكى قاتتىق «دېھقان نېنى» نى ئېلىپ، بىر ساپاق ئۈزۈم بىلەن قوشۇپ ئىشتىھا بىلەن يەۋەتتى. گابائىن خانىم: «مانا بۇ — بېزەكلىك غىزاسى» دەپ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرىدى. شۇنداق قىلىپ، گابائىن خانىم بەزى غارلارنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈپ، پەقەت كۈن ئولتۇراي دېگەندە، ئاندىن بېزەكلىكتىن كۆزى قىيمىغان ھالدا ئايرىلدى.

ئەتىسى ئۇ، دۆنخۇاڭ سەپىرىگە يۈرۈپ كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئابلىم قېيۇم**

www.uyghurkitap.com



# ماقالە قوبۇل قىلىش ئېلانى

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى نەشر قىلىدىغان ئىلمىي ژۇرنال بولۇپ، بۇنىڭدا، تۇرپاننىڭ ئارخېئولوگىيىلىك يېڭى تېپىلمىلىرى، مەدەنىيەت - يادىكارلىقلىرى، تارىخى، مەدەنىيىتى، دىن، ھەربىي ئىشلار، مىللەتشۇناسلىق، قەدىمكى ئىگىلىك، باغۋەنچىلىك - ئۈزۈمچىلىك، كارىزچىلىق، ئۆرۈپ - ئادەتلىرى، شۇنداقلا تۇرپانشۇناسلىققا دائىر تەتقىقات ئىزدىنىش، مۇلاھىزىلەر، كىتاب - ھۆججەتلەر تەتقىقاتى، چەت ئەللەردىكى تۇرپانشۇناسلىق ۋە دۇنخۇاڭشۇناسلىققا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ماقالىلىرى ئاساس قىلىنغاندىن باشقا، شىنجاڭنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، مەدەنىيىتىگە دائىر ماقالىلارمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق تەتقىقاتچىلارغا بەس - مۇنازىرە مەيدانى ھازىرلاپ بېرىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەڭ تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى ماقالىلىرىنى ئەۋەتىپ خىزمەتلىرىمىزنى قوللاپ ژۇرنىلىمىزنىڭ تەتقىقات سۈپىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ھەسسە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئىشلىتىلگەن ماقالىگە مۇۋاپىق ئۆلچەمدە قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ

**ماقالە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ ئىسىم فامىلىسى، ئۇنۋانى، ئادرېسى، پوچتا نومۇرى، تېلېفون نومۇرىنى ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىشىنى سورايمىز.**

**ماقالە ئەۋەتمەكچى ياكى ماتېرىيال ئالماشتۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلاردا ئالاقىلاشماقچى بولسىڭىز:**

**ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 45 - نومۇر (مىللىي ئىشلار كومىتېتى قورۇسى) 4 - بىنا 503 - ئۆيدىكى ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق بىلەن ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ.**

پوچتا نومۇر: 830002
ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: 0991_2325633 (ئۆي)

**TURFANOLOGICAL RESEARCH** №1. 2001

عبدالجليل توران

Abdulcelil T...

www.uyghurweb.net

## CONTENTS

### TURFANOLOGICAL RESEARCH

On TurFanological association ............................ by Ablim Kheyum (1)

On TurFanological and its arisen ........................ by Arkin Arshidin (8)

### THE RESEARCHING OF THE WRITTEN HISTORICAL RELICS

Researching on the chepter 16, the 8th volume of the 《Golden Yarukh》........ ............................................... by E. Josoph and A. Kheyum (15)

Writing invoice styles and calculating ways of the Edikhut Uighurs ........... ................................................................ Ablekhemyasin (38)

### ARCHEOLOGICAL RESEARCH

Archeological new discoverings on the city of anciand Yarghol ..................... .......................................................... Anwar muHammad (43)

### 100 YEARS BiRTHDAY CELEBRATION OF A. V GABAIN

Fomous Türkolog, Uighurian and TurFanological—A. V. Gabain .............. ........................................ by Arkin Iminniyaz Khutlukh (47)

Black Khoqo Tribe ........................................ by A. V. Gabain (50)

Türk Written cultural relics from the middle ages in Asia ......................... .......................................................... by A. V. Gabain (81)

Work of arts of anciant Uighur ............................ by A. V. Gabain (98)

Mis. Gabain and her one day in TurFan ................. by Himit Niyaz (118)

**One the cover one**: changeable fables on the Buddhst Sutra. The height of the picture: 3. 60cm, width 2. 30cm. There is a dedecation in Brahma letters at the top of the picture. Decorative patterns of the Edikhut Uighur period in valley 9.

**One the cover four**: pictures of the worshippers. The height of the picture: 3. 25cm, width 2. 75cm. There is a dedecation in Brahma letters at the top of the picture. Decorative patterns of the Edikhut Uighur period in valley 4.
These pictures had taken away by Leckok Germaney

**Xinjiang TurFan Research Society**

**and**

**Cultural Relic Bureau of TurFan, Xinjiang**